# شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى

2

1997

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى

# «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى»

## (پەسىللىك ئۇنىۋېرسال ئىلمىي ژۇرنال)

1997 - يىل 2 - سان
ئومۇمىي 36 - سان

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر
ئىسلامجان شېرىپ

**تەھرىر ھەيئەت پەخرى مۇدىرى:**

تۇرسۇن سادىر، ئابدۇرېھىم رەجەپ

**دائىمىي مۇدىرى:**

ئىسلامجان شېرىپ (ئالىي مۇھەررىر)

**تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى (ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىلدى):**

ئابدۇكېرىم راخمان، ئابدۇقادىر نەسىردىن، ئاۋۇت توختى، ئابدۇللا مەخسۇت، پەرھات سەئىدى، تۇرسۇن ئوسمان، رىشات ئىنايىتۇللا، مەتتىمىن ياسىن، مۇھەممەت ئوسمان، مەتتىمىن سادىق، مۇھەممەت رەجەپ، مۇرات يۇنۇس، مەتتىمىن شايىدىن، مىجىت ئىمىن، جىلىل ناسىر، جالالىدىن پازىل، سېيىتنىياز ھەۋەيدۇللا، سەمەت ئەيسا، شېرىپ ئىمىن، ئۆمەر ئابدۇللا، يۇسۇپ قاسىم.

**بۇ سانىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى:**

ئىسلامجان شېرىپ، قەيسەر قەييۇم

**بۇ سانىنىڭ مەسئۇل كوررېكتورى:**

جالالىدىن پازىل

# بۇ ساندا

## مەنىۋى مەدەنىيەت


ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئوبدان ئېلىپ بېرىشنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكى ئىكەنلىكىنى تونۇش كېرەك .................. تۇر ھېلىم 2

سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ستراتېگىيىلىك ئورنىنى توغرا تونۇش كېرەك .................. ئىمىن قارى قەييۇم، سۇلايمان نىياز 5

ھايات ساۋاقلىرى .................. ئىبراھىم ھەققۇلوۋ 8


## ئەدەپ-ئەخلاق


ئەخلاق باغچىسىدىن گۈلدەستە .................. مۇھەممەت ئوسمان ھاجى 19

ئىدىيىۋى-ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنىڭ ئۈنۈمى توغرىسىدا .................. سۇلايمان نىياز 34


## ئىقتىساد، بازار


قانداق قىلغاندا بازار سىستېمىسىنى يېتىلدۈرۈش ۋە قۇرۇپ چىقىشنى تېزلەتكىلى بولىدۇ .................. مۇنەۋۋەر قاسىم 36


## قانۇن، تۈزۈم


ئاسىيا دۆلەتلىرى ئاساسىي قانۇنلىرىنىڭ ئىقتىسادىي فۇنكسىيىسىنىڭ يېڭى يۈزلىنىشى توغرىسىدا .................. تۇرسۇن نىياز ساۋۇر 39

قانۇن تۈزۈمنىڭ بازار ئىگىلىكىدىكى رولى توغرىسىدا .................. ئابدىغېنى ئوبۇلھەسەن 46


## مەدەنىيەت، نەشرىيات


ئالىي مەكتەپ كۇتۇپخانىلىرىدا ئۇچۇر مۇلازىمىتىنى يولغا قويۇش توغرىسىدا .................. دىلبەر كەرىموپ 50

تارقىتىش خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك .................. ئىبراھىم ئاۋۇت 55

ئۆزىنى بىلىش ۋە ئىلگىرىلەش .................. مېھرىگۈل ھەسەن 60


## كلاسسىك ئەدەبىيات


ئۇيغۇرلارنىڭ خەنزۇ تىلىدىكى ئەدەبىياتى ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى ئورنى توغرىسىدا .................. غەيرەتجان ئوسمان، ئىلى مامۇت 62

قۇمۇل خەلق قوشاقلىرىنىڭ تەتقىقات قىممىتى توغرىسىدا .................. پەرىدە مامۇت 69


## تارىخ، ئادەت


قەدىمكى «كروران گۈزىلى» قەبرىسىنىڭ تېپىلىشى ۋە تەتقىق قىلىنىش جەريانى .................. ئابدۇقەييۇم خوجا 76

نورۇز بايرىمى ۋە ئۇنىڭ تارىخىي قاتلىمى توغرىسىدا .................. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن 81


## مائارىپ


ئۇيغۇرلارنىڭ ئاھالە ساپاسىغا تەسىر كۆرسىتىۋاتقان مائارىپ ۋە ئىقتىسادى ئامىللار ئۈستىدە تەھلىل .................. ئىلھام توختى 92

# ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئوبدان ئېلىپ بېرىشنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكى ئىكەنلىكىنى تونۇش كېرەك

## تۇر ھېلىم

پارتىيە 14 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 6 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ «قارار»دا: سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت - سوتسىيالىزم جەمئىيىتىنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم نىشانى ۋە مۇھىم كاپالىتى. » دەپ تەكىتلىنىپ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئېنىقسىز گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇلدى. بۇ ئۇلۇغ بىر ستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇش. سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش - ئەسىر ھالقىيدىغان ئۇلۇغۋار پىلانىنى ئومۇميۈزلۈك ئورۇنداشقا، ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ گۈللىنىشىگە مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش بولۇپ، ئۇ پارتىيىنىڭ ئىلىسىي لۇشيەنىدە چىڭ تۇرۇپ سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش، پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان قولغا كەلتۈرۈلگەن ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلەرنى مۇستەھكەملەپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ 9 - بەش يىللىق پىلانىنى ئورۇنداپ ۋە 2010 - يىلغىچە بولغان كەلگۈسى نىشانغا يېتىپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئەسىر ھالقىيدىغان ئۇلۇغۋار پىلانى ۋە جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئومۇميۈزلۈك گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىشتا مۇھىم رېئال ئەھمىيەتكە ۋە جۇڭقۇر تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە.

1، ماددىي مەدەنىيەت بىلەن مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ مۇناسىۋىتى. ئىككى مەدەنىيەتنى بەرپا قىلىش قارشى بىزنىڭ سوتسىيالىزمنى قانداق تونۇش ھەققىدىكى بىلىشىمىزدىكى مۇھىم بىر تەرەققىيات ھېسابلىنىدۇ. يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى: «بىز يۈكسەك ماددىي مەدەنىيەتنى بەرپا قىلىش بىلەن بىللە، پۈتۈن مىللەتنىڭ پەن - مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ. ئالىيجاناپ، مەزمۇنغا باي مەدەنىي تۇرمۇشنى راۋاجلاندۇرۇپ، يۈكسەك سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەتنى بەرپا قىلىشىمىز لازىم.» ( «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» 2 - توم ئۇيغۇرچە نەشرى 309 - 310 - بەتلىرى) » بىز قۇرماقچى بولغان سوتسىيالىستىك دۆلەت يۈكسەك ماددىي مەدەنىيەتكىلا ئەمەس، يۈكسەك مەدەنىي مەدەنىيەتكىمۇ ئىگە بولۇش كېرەك. مەنىۋى مەدەنىيەت دېگىنىمىز مائارىپ، ئىلىم - پەن، مەدەنىيەتنىلا ئەمەس، كوممۇنىستىك ئىدىيە، غايە، ئېتىقات، ئەخلاق، ئىنتىزام، ئىنقىلابىي مەيدان ۋە پرىنسىپنى، ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى يولداشلارچە مۇناسىۋەتنى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلارنىمۇ كۆرسىتىدۇ. مۇنداق ئىكەن،بىز قىلچە تەۋرەنمەي كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرىشىمىز ھەم مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ، ئىككى مەدەنىينى ماسلاشتۇرۇپ ئورتاق راۋاجلاندۇرۇشىمىز لازىم. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، پۈتۈن زېھنى بىلەن ئىقتىساتنى تۇتۇۋاتقاندا بەزىدە ئىدىيىۋى سىياسىي خىزمەتكە، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا ئاسانلا سەل قاراش ۋە ئۇنى بوشاشتۇرۇپ قويۇش ئەھۋالى يۈز بېرىپ مەنىۋى جەھەتتە بۇلغىنىش كېلىپ چىقىدۇ. بۇ خىل ناتوغرا قاراشلارنى تۈزىتىش بىلەن بىللە ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار ئىچىدە «ماددىي مەدەنىيەت بىلەن مەنىۋى مەدەنىيەتنى تەڭ تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئىقتىسات بىلەن جەمئىيەتنى ماسلاشتۇرۇپ تەرەققىي قىلدۇرۇش» بىتەكچى ئىدىيىسىنى ھەققىي تۇرغۇزۇپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى تونۇپ يېتىش كېرەك. جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتا ماددىي مەدەنىيەت بىلەن مەنىۋى مەدەنىيەتنى بىرلىككە كەلگەن كۆرمش نىشانى قىلىپ باشتىن ئاخىر ئىغىشماي ئىككى قولدا تۇتۇش، ئىككىلا قول قاتتىق بولۇشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك. ھەر قانداق ئەھۋال ئاستىدا مەنىۋى مەدەنىيەتنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە ئىقتىسادنىڭ بىردەملىك تەرەققىياتنى كۆزلەشكە بولمايدۇ. يېڭى ۋەزىيەتتە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش - ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىش شەرتى ئاستىدا ماددىي مەدەنىيەت بىلەن مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى بىر بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان قىلىپ ماسلاشتۇرۇپ راۋاجلاندۇرۇپ بىر قول قاتتىق، بىر قول يۇمشاق بولۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىشى، ئىسلاھات چوڭقۇرلاشتۇرۇلۇۋاتقان، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى بەرپا قىلىنىۋاتقان شارائىتتا سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا پايدىلىق بولغان ئورتاق غايە، قىممەت قارشى ۋە ئەخلاق قىلىپنى

شەكىللەندۈرۈپ چىرىك ئىدىيە ۋە رەزىللىكلەرنىڭ باش كۆتۈرۈشى، يامراپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى چەكلەش مېخانىزمىنى كۈچەيتىپ، مەدەنىيەت ئەخلەتلىرىنىڭ تارقىلىشىنى توسۇپ ۋە تۈگىتىپ، دۈشمەن كۈچلىرىنىڭ ئېلىمىزنى «غەربلەشتۈرۈش»، «پارچىلاش» سۇيىقەستىگە تاقابىل تۇرۇپ، بۇندىن كېيىنكى 15 يىلدا پۈتكۈل مىللەت ئىچىدە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئورتاق غايىسىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە چىڭ تۇرىدىغان قەتئىي ئېتىقادىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇش؛ ئىدىيە، ئەخلاق جەھەتتىكى تەربىيىلىنىشنى، پەن مائارىپ سەۋىيىسىنى، دېموكراتىيە، قانۇنچىلىق قارىشىنى ئاساس مەزمۇن قىلغان ھالدا پۇقرالارنىڭ ساپاسىنى كۆرۈنەرلىك ئۆستۈرۈش؛ ئىجابىي، ساغلام، مول مەزمۇنلۇق خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان مەدەنىيەت تۇرمۇش سەۋىيىسىنى كۆرۈنەرلىك ئۆستۈرۈش؛ شەھەر - يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي كەيپىيات، ئاممىۋى تەرتىپ، تۇرمۇش مۇھىتىنى ئاساسىي بەلگە قىلغان مەدەنىيەت دەرىجىسىنى كۆرۈنەرلىك ئۆستۈرۈش، مەملىكەت دائىرىسىدە ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بىلەن مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ماس راۋاجلانغان ياخشى ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈرۈشتىن ئىبارەت نىشاننى چوقۇم ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا تىرىشىش لازىم.

2، ئىدىيە، ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى ئوبدان تۇتۇپ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئۈچۈن ئۆلچەمگە لايىق كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈش. سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئىدىيە، ئەخلاق قۇرۇلۇشى بىلەن مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت ئىككى جەھەتتىكى مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ئىدىيە، ئەخلاق قۇرۇلۇشى مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ جېنى بولۇپ، مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ خاراكتېرى ۋە يۆنىلىشىنى بەلگىلەيدۇ. «قارار»دا كۆرسىتىلگەندەك: «بىر مەزگىل ئىچىدە پۇلپەرەسلىك، راھەتپەرەسلىك، ئۇچىغا چىققان شەخسىيەتچىلىكنىڭ باش كۆتۈرۈشى بەزى چىرىكلىك، رەزىللىكلەرنىڭ قايتىدىن پەيدا بولۇشى مەملىكىتىمىزنىڭ ھازىرقى باسقۇچتىكى ئاممىنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك بىرگەۋدىلىك قىزىق نۇقتا بولۇپ، بەزىلىرى خېلىلا ئېغىر، ھەرىكەتلىرى، شەھۋانە نەرسىلەر، قىمار ئويناش، زەھەرلىك چېكىملىك چېكىشنى سېتىش قاتارلىق رەزىللىكلەر قايتا باش كۆتەردى، يالغان، ساختا، ناچار تاۋارلار، ئالدامچىلىق ھەرىكەتلىرى ئىجتىمائىي ھەرىكەتكە ئايلىنىپ قالدى، مەدەنىيەت ئىشلىرى پاسسىپ ئامىللارنىڭ ئېغىر تەسىرىگە ئۇچرىدى، ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ ساغلام ئۆسۈشكە زىيان يەتكۈزىدىغان نەرسىلەر قايتا - قايتا چەكلەنگەن بولسىمۇ تېخى تۈگىتىلمىدى، چىرىكلىشىش بەزى جايلاردا يامراپ پارتىيە ئىستىلى، ھۆكۈمەت ئىستىلىنى ئېغىر زىيانغا ئۇچراتتى، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ۋەزىيىتىنى مۆلچەرلىگەندە بۇنداق مەسىلىنىڭ ساقلىنىپ تۇرۇشىغا ھەرگىز يول قويۇشقا بولمايدۇ.» شۇڭىسى ناھايىتى ئېنىقكى، سوتسىيالىستىك ئىدىيە، ئەخلاق - مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ خاراكتېرى ۋە يۆنىلىشىنى مەركەزلىك گەۋدىلەندۈرۈپ، جەمئىيەتنىڭ سىياسىي ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدا غايەت زور تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ پۈتكۈل جەريانىدا ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىۋىزملىق سوتسىيالىستىك تەربىيىدە چىڭ تۇرۇپ، ئىجتىمائىي ئەخلاق، كەسپىي ئەخلاق. ئائىلە ئەخلاقى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ كىشىلەرنى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئورتاق غايىسى ۋە توغرا دۇنيا قاراش، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى، قىممەت قارىشىنى تۇرغۇزۇشقا يېتەكلەپ، ئۇلۇغ تەلەپلەرنى كەڭ دائىرىلىك تەلەپلەر بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، سوتسىيالىستىك ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازات قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇشقا پايدىلىق بولغان بارلىق ئىدىيە، ئەخلاقتا، دۆلەتنىڭ بىرلىكى، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىلىق بولغان بارلىق ئىدىيە، ئەخلاقتا، چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىككە ئىنتىلىدىغان، ساختىلىق، رەزىللىكلەرنى چەكلەپ توغرا كەيپىياتنى جارى قىلدۇرۇشقا پايدىلىق بولغان بارلىق ئىدىيە، ئەخلاقتا، پۇقرالىق ھوقۇقى ۋە مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشقا، سەمىمىي ئەمگىكى بىلەن گۈزەل تۇرمۇشنى قولغا كەلتۈرۈشكە پايدىلىق بولغان بارلىق ئىدىيە، ئەخلاقتا ئىلھام ۋە مەدەت بېرىپ خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ پائال ئۆرلەشكە يېتەكلەپ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىدىيە، ئەخلاق سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش كېرەك. ① ئىدىيە، ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتە ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىدە چىڭ تۇرۇش، بولۇپمۇ دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ئارقىلىق پۈتۈن پارتىيىنى قوراللاندۇرۇش، كادىرلار ۋە خەلقنى تەربىيىلەش كېرەك. ئىدىيىدە ئازات بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتىن ئىبارەت بۇ جەۋھەرنى چىڭ تۇتۇپ، سوتسىيالىزم دېگەن نېمە دېگەن بۇ تۈپ مەسىلىنى دەۋر قىلىپ ئۆگىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىجتىمائىي تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى، دۆلەتنىڭ تەقدىرى ۋە ئىستىقبالىنى توغرا تونۇش سوتسىيالىزم مەسىلىسىدىكى مۇجمەل كۆز قاراش ۋە تونۇشلارنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئېتىقادىنى

مۇستەھكەملەش كېرەك. ② ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسىنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ كىشىلەرنى جۇڭگونى سوتسىيالىزملا قۇتقۇزالايدۇ ۋە جۇڭگونى سوتسىيالىزملا راۋاجلاندۇرالايدۇ دېگەن ھەقىقەتنى ئېنىق تونۇۋېلىشقا ياردەم بېرىپ پۈتكۈل جەمئىيەتتە ئۆزىنى قەدىرلەش، ئۆزىگە ئىشىنىش، ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزۇشتەك مىللىي روھنى جارى قىلدۇرۇپ، كىشىلەرنى سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىزنى گۈللەندۈرۈش ۋە قوغداش ئۈچۈن بارلىق كۈچىنى تەقدىم قىلىشنى ئەڭ زور شەرەپ، دۆلەتنىڭ مەنپەئەتىگە ۋە ئىززەت - ھۆرمىتىگە زىيان يەتكۈزۈشنى ئەڭ زور نومۇس بىلىدىغان قىلىشىمىز كېرەك ③ خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى، كوللېكتىۋىزمنى پرىنسىپ، ۋەتەننى، خەلقنى، ئەمگەكنى، ئىلىم - پەننى، سوتسىيالىزمنى سۆيۈشنى ئاساسىي تەلەپ قىلىپ، ئىجتىمائىي ئەخلاق، كەسپىي ئەخلاق ۋە ئائىلە ئەخلاقى تەربىيىسىنى قانات يايدۇرۇپ، پۈتكۈل جەمئىيەتتە ئىتتىپاقلىشىپ ئۆز ئارا ياردەم بېرىدىغان، باراۋەر دوستانە ئۆتىدىغان، ئورتاق ئالغا ئىلگىرلەيدىغان كىشىلىك مۇناسىۋەتنى شەكىللەندۈرۈشىمىز كېرەك. ④ سوتسىيالىستىك ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىپ مەدەنىيەتلىك، ئەدەپلىك بولىدىغان، باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىدىغان، ئومۇمنىڭ مۈلكىنى ئاسرايدىغان، مۇھىتنى ئاسرايدىغان، ئاساسىي قانۇن، قانۇن - ئىنتىزاملارغا ئاڭلىق رىئايە قىلىدىغان ئىجتىمائىي ئەخلاقنى تەشەببۇس قىلىش؛ خىزمەت ئورنىنى سۆيۈش، كەسپكە سادىق بولۇش، سەممىي بولۇش، ئىشتا ئادىل بولۇش، ئۈلگىدە تۇرۇش، ئاممىغا خىزمەت قىلىش، جەمئىيەتكە تۆھپە قوشۇشتىن ئىبارەت كەسپىي ئەخلاقنى زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلىش؛ چوڭلارغا ھۆرمەت قىلىپ كىچىكلەرنى ئىززەتلەيدىغان، ئەر - ئاياللار باراۋەر بولىدىغان، ئەر - خوتۇن ئىناق ئۆتىدىغان، تىرىشچانلىق، ئىقتىساتچانلىق بىلەن ئائىلە باشقۇرىدىغان، خولۇم - خوشنىلار ئىناق ئۆتىدىغان ئائىلە ئەخلاقىنى زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلىش كېرەك. ھەر قايسى كەسىپ ۋە ساھەلەردىكى ناتوغرا ئىستىللارنى تۈزىتىشنى ئالدىنقى مۇھىم نۇقتا قىلىش كېرەك. ⑤ پارتىيىنىڭ مائارىپ فاڭجېنىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، سوتسىيالىستىك مەكتەپ باشقۇرۇش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇش كېرەك. ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ ئۇلۇغۋار غايە تىكلەپ ئېسىل ئەخلاق يېتىلدۈرۈشىگە ياردەم بېرىپ، ئەخلاق تەربىيىسىنى كۈچەيتىپ ئەخلاقى، ئەقلى، جىسمانى، گۈزەللىك جەھەتتە تەڭ تەرەققىي قىلغان سوتسىيالىزم قۇرغۇچىلىرى ۋە ئىز باسارلارنى تەربىيىلەشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. مەكتەپلەرنىڭ ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلغان ئەخلاق دەرسى بىلەن سىياسىي نەزەرىيە دەرسىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ ۋە ياخشىلاپ، بىلىم ئۆگىنىش بىلەن ئەخلاق، ياخشى ئادەت يېتىلدۈرۈش ئۆزىنى تەربىيىلەشنى دۆلەتنىڭ تەقدىرى، جەمئىيەتنىڭ ئېھتىياجى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، پارتىيىنى، خەلقنى سۆيىدىغان، كوللېكتىپقا كۆڭۈل بۆلىدىغان، ئۇستازلارغا ھۆرمەت قىلىدىغان. تىرىشىپ ئۆگىنىدىغان، ئىتتىپاقلىشىپ ئۆز ئارا ياردەم بېرىدىغان، قانۇن - ئىنتىزامغا رىئايە قىلىدىغان كەيپىياتنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك. ⑥ سوتسىيالىستىك ئەخلاق - پەزىلەتنى شەكىللەندۈرۈش، مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇشتا مائارىپقا، قانۇن - تۈزۈمگە تايىنىش كېرەك. ئومۇم خەلق ئارىسىدا ئاساسىي قانۇن، قانۇنلارغا رىئايە قىلىش تەربىيىسى ئېلىپ بېرىپ، قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ، كىشىلەرنىڭ قانۇنچىلىق ئېڭى ۋە دېموكراتىيە - قانۇنچىلىق قارىشىنى كۈچەيتىپ، كىشىلەرگە پۇقرالارنىڭ ھوقۇقى ۋە مەجبۇرىيەتلىرىنى، ئۆزىنىڭ خىزمەت ۋە تۇرمۇشلىرىغا ئالاقىدار قانۇن - نىزاملارنى بىلدۈرۈپ، ئۇلارنى قانۇن بويىچە ئىش قىلىدىغان، ئۆزىنى قانۇن بويىچە باشقۇرىدىغان، ئۆزىنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قانۇن بويىچە قوغدايدىغان، قانۇن قورالدىن پايدىلىنىڭ قانۇنغا خىلاپ جىنايى ھەرىكەتلەر بىلەن كۈرەش قىلىشقا جۈرئەت قىلىدىغان، ئادالەتنى ياقلايدىغان، يامان قىلمىشلاردىن چەكلىنىدىغان ئىجتىمائىي كەيپىياتنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك.

3) پاكلىق قۇرۇلۇشىنى چىڭ، ياخشى تۇتۇپ، پارتىيە ئىچىدىكى چىرىكلىكلەرنى تىرىشىپ يوقىتىش. چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش - پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىشنىڭ مۇقەررەر تەلپى، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئىگىلىكنى يۈكسەلدۈرۈشنىڭ مۇھىم كاپالىتى، شۇنداقلا مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم مەزمۇنىدۇر.

پارتىيىنىڭ، دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسىي ئېقىمى ياخشى، زور كۆپ سانلىق پارتىيىلىك كادىرلار پاك - دىيانەتلىك، لېكىن، پارتىيە ئىچىدە، دۆلەت ئورگانلىرى ئىچىدە ھەقىقەتەنمۇ چىرىكلىك ھادىسىلىرى مەۋجۇت، ھەتتا بەزى جەھەتلەردىكى چىرىكلىكلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى تەسىرى خېلىلا ئېغىر بولۇپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا تەسىر يەتكۈزدى، ئاممىنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىغان قىزىق نۇقتىغا ئايلىنىپ قالدى. بىر قىسىم كىشىلەر يېڭى ۋەزىيەتنىڭ سىنىقىغا ۋە پۇلنىڭ قىزىقتۇرۇشىغا بەرداشلىق بېرەلمەي پارا يەپ قانۇننى

(ئاخىرى 7-بەتتە)

# سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ستراتېگىيىلىك ئورنىنى توغرا تونۇش كېرەك

ئىمىنى قارى قەييۇم، سۇلايمان نىياز

پارتىيە 14 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 6 - ئومۇمىي يىغىنىدا: «سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش لازىم» دەپ كۆرسىتىلدى. سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت بەرپا قىلىش بىلەن بىرگە سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيىتىمىزنى بەرپا قىلىش - پارتىيىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن بۇيانقى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن ئىزچىل فاڭجېنى. 17 يىللىق ئۇلۇغ ئەمەلىيەت ئارقىلىق، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ساھەسىدە غايەت زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. لېكىن بۇ جەرياندا ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا تەڭپۇڭ بولماسلىق، مىلسىلىماسلىقتەك ئەھۋاللارمۇ كۆرۈلدى. بۇنىڭدىكى سەۋەب ئاساسلىقى سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئىلمىي ئورنىغا نىسبەتەن تونۇشنىڭ يېتەرلىك بولمىغانلىقىدىندۇر. شۇڭا سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئىلمىي ئورنىنى توغرا تونۇشتا ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋىتىنى ئېنىكلەپلا قالماستىن يەنە ئۇنىڭ سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىدىكى مۇھىم ئورنى، رولى قاتارلىق جەھەتلەردىن ئەتراپلىق مۇلاھىزە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

1. مەنىۋى مەدەنىيەت - سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى ئاساسىي نىشانلارنىڭ بىرى.

بىرىنچى، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت - سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكىدۇر. سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ كاپىتالىزم تۈزۈمىگە قارىغاندىكى ئەۋزەللىكى ئۇنىڭ كاپىتالىستىك جەمئىيەتكە قارىغاندا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈرىدىغانلىقىدىن باشقا يەنە يۈكسەك مەنىۋى مەدەنىيەتنى بەرپا قىلىش سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنىڭ كاپىتالىستىك جەمئىيەتتىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان بىردىن - بىر مۇھىم بەلگۈسى بولۇپ، بۇ سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنىڭ ھەقىقىي ئەۋزەللىكىدۇر. يولداش دېڭ شياۋپىڭ كۆپ قېتىم چوڭقۇر مەنىلىك قىلىپ مۇنداق دەپ ئېيتقان ئىدى: «بىز سوتسىيالىزمنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى كاپىتالىزمدىنمۇ تېزرەك راۋاجلاندۇرالايدىغان شارائىتتا ئىگە بولىدىغانلىقىنىلا ئەمەس، بەلكى كاپىتالىزم تۈزۈمى ۋە باشقا ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمى مۇقەررەر پەيدا قىلىدىغان خىلمۇ - خىل ئاچكۆزلۈك، چىرىكلىك ۋە ئادالەتسىزلىك ھادىسىلىرىنى تۈگىتىشكە سوتسىيالىزمنىڭلا قادىر ئىكەنلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، سوتسىيالىزم يولىدا كۈرەش قىلىپكېلىۋاتىمىز»[①] كوممۇنىستىك غايە، ئېتىقادنىڭ يادرولۇق مەزمۇنى بولغان سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەتنى مەيلى ھازىر ۋە كەلگۈسىدە بولسۇن ئۇنى پۈتكۈل ئىدىيە ۋە ھەرىكىتىمىزنىڭ نىشانى قىلىش لازىم. ئەگەر بىز ئۇنىڭغا سەل قارىساق ھەتتا ئۇنىڭدىن ۋاز كەچسەك سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ ماھىيىتى ۋە ئەۋزەللىكىنى تولۇق گەۋدىلەندۈرگىلى بولمايدۇ ھەمدە كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشىدىكى ئاكتىپچانلىقىنى، ئىجاتچانلىقىنى، ئاڭلىقلىقىنى قوزغاتقىلى بولمايدۇ.

ئىككىنچى، مەنىۋى مەدەنىيەتنى ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلدۇرۇش - سوتسىيالىستىك جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ مۇھىم نىشانىدۇر. ماددىي مەدەنىيەتنى بەرپا قىلىش بىلەن بىرگە سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەتنىمۇ بەرپا قىلىش ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى بىر تۈپ فاڭجېنىدۇر. ھەمدە پارتىيە 12 - قۇرۇلتىيىدىن تارتىپ ھازىرغىچە ئۇتتۇرىغا قويۇلۇپ كېلىۋاتقان سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ستراتېگىيىلىك كۈرەش نىشانىدۇر. بۇ شۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى، پۈتكۈل جەمئىيەتتە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلدۇرۇش - ئېلىمىز سوتسىيالىزم ئىشلىرى تەرەققىياتىدىكى ستراتېگىيىلىك نىشانلارنىڭ بىرى، شۇنداقلا جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ۋە تۈپ ۋەزىپىلىرىنىڭ بىرى، روشەنكى، بۇ ئاساسىي نىشان ۋە ۋەزىپىلەرنىڭ بەلگىلىنىشى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىشقا پايدىلىق. ئەگەر بىز مۇشۇ نىشاننى ئىلسلس قىلمىساق سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ.

ئۈچىنچى، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىش دەرىجىسى - سوتسىيالىستىك جەمئىيەت

---

① (دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما) 3 - توم ئۇيغۇرچە 292 - بەت.

تەرەققىياتنى ئۆلچەيدىغان مۇھىم ئۆلچەمدۇر. سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى بولۇپ، سوتسىيالىستىك جەمئىيەت تەرەققىياتنى ئۆلچەيدىغان ئاساسىي ئۆلچەمدۇر. شۇڭا سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا باھا بەرگەندە سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىش دەرىجىسىدىن ئىبارەت ئۆلچەمنى ئاساس قىلىش شەرت. شۈبھىسىزكى، ئىشلەپچىقىرىش كۈچى جەمئىيەت ۋە سوتسىيالىزم ئىشلىرى تەرەققىياتىنى ئۆلچەيدىغان تۈپكى ئۆلچەم، لېكىن، بەزى كىشىلەر ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىگە مۇئامىلە قىلغاندا كۆپىنچە ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى سەۋىيىسى ۋە ماددىي بايلىقلارنىڭ مول بولۇش دەرىجىسىگىلا قاراپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەشكىل قىلغان ئەڭ مۇھىم ئامىل بولغان ئادەمنىڭ تەرەققىياتىغا سەل قارايدۇ، ئەمگەكچىنىڭ پەن - تېخنىكا سۈپىتىنى ۋە ئىدىيىۋى ئەخلاق سۈپىتىنى ئۈستۈرۈشكە سەل قارايدۇ؛ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ، ئۆلچەمگە قارىتا بۇنداق تار قاراش سوتسىيالىزم تەرەققىياتىنى ئۆلچەيدىغان تۈپ ئۆلچەمگە نىسبەتەن ئاسانلا خاتا چۈشەنچە ھاسىل قىلىپ قويىدۇ. ھەمدە سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى مۇقىم ، ملىس ھالدا تەرەققىي قىلدۇرۇشقا پىلىسىپ تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئېلىمىز سوتسىيالىزم جەمئىيىتى تەرەققىياتىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرىۋاتقان مەزگىلدە، 1 مىليارت 200 مىليون ئاھالىنىڭ سۈپىتىنى ئۈستۈرۈش ئالاھىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ھەر ۋاقىت ئەسدىن چىقارماسلىقىمىز لازىم. بۇ بىر مەسىلىگە قارىتا ھەر قانداق ۋاقىت ئېتىبارسىز قاراش تەرەققىيات ستراتېگىيىسىگە قارىتا زور ئۇكۇشسىزلىقنى ئېلىپ كېلىدۇ. شۇڭا بىز سوتسىيالىزم ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئادەمنىڭ تەرەققىي قىلىش سەۋىيىسىدىن ئايرىلغان ھالدا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىش دەرىجىسىنى ئابستراكىت ھالدا سۆزلەپلا قويماسلىقىمىز لازىم. شۇڭا ئادەمنىڭ ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلىشىنى نىشان قىلغان سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتى - سوتسىيالىزم جەمئىيىتى تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي قىممەت مىزانى بولۇشى كېرەك.

2. سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇش - سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى ستراتېگىيىلىك تاللاشتۇر.

پارتىيە 14 - نۆۋەتلىك مەركىزى كومىتېتىنىڭ 6 - ئومۇمىي يىغىنىدا سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش جەريانىدا، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇشنىڭ مۇھىملىقى تەكىتلەندى. ھەر قانداق ۋاقىتتا مەنىۋى مەدەنىيەتنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە ئىقتىسادنىڭ بىر مەزگىللىك تەرەققىياتىنى قولغا كەلتۈرگىلى بولمايدۇ. بۇ دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى بولۇپمۇ ئىسلاھات ئېچىۋېتىشتىن بۇيان سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى تەجرىبە - ساۋاقلارنى يەكۈنلەش ھەمدە نۆۋەتتىكى خەلقئارا، مەملىكەت ئىچىدىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋەزىيەتنى چوڭقۇر تەھلىل قىلىش ئاساسىدا چىقىرىلىدىغان ستراتېگىيىلىك تاللاشتۇر. سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى - گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇش كىشىلەرنىڭ سۇبيېكتىپ ئىرادىسى تەرىپىدىن بەلگىلەنمەستىن، بەلكى سوتسىيالىستىك جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر تەلىپى.

بىرىنچى، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش نۆۋەتتە تۆرلۈك تەرەققىيات ستراتېگىيىسىنى ئۇڭۇشلۇق ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ مۇھىم كاپالىتى. مەركەز 9 - بەش يىللىق ۋە 2010 - يىلغىچە بولغان يىراق كەلگۈسى كۆرمۈش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن بىر قاتار بەلگىلىمىلەرنى چىقاردى. بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ مۇھىمى ئىككى چوڭ ستراتېگىيە يەنى ئىككى ئومۇمىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان ئىككى تۈپ ئۆزگىرىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت. سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئىككى تۈپ ئۆزگىرىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش جەريانىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئۇنىڭ ئاساسىي رولى ئىدىيىنى داۋاملىق ئازاد قىلىپ كۆز قاراشنى ئۆزگەرتىپ، ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىش ستراتېگىيىسىگە ملىس كېلىدىغان بىر قاتار، يېڭى نۇقتىئىنەزەرلەرنى تىكلەشكە ياردەم بېرىش ئارقىلىق ئەمگەكچىلەرنىڭ ئىدىيىۋى ئەخلاق ۋە پەن - تېخنىكا مەدەنىيەتساپاسىنى ئۈستۈرۈپ، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتتىكى مەنىۋى تۈۋرۈك ۋە مەنىۋى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ مەسىلىنى ياخشى ھەل قىلىشقا ياردەم بېرىشتىن ئىبارەت. شۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى تەمىن ئېتىدىغان بۇنداق مۇھىم كاپالەت بولمىسا ئىككى تۈپ ئۆزگىرىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ناھايىتى قىيىنغا توختايدۇ. ئەمەلىي تۇرمۇشتا خىزمىتىمىزگە تەسىر يەتكۈزۈپ كېلىۋاتقان تۈرلۈك مەسىلىلەر ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ تەڭپۇڭلۇقنى يوقاتقانلىقى، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ نىسبەتەن ئارقىدا قالغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ناچار ئىجتىمائىي مەدەنىيەتلەر ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى چىرىتمەكتە. كىشىلەر مەنىۋى مەدەنىيەتكە سەل قاراشنىڭ سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئېلىپ

كېلىدىغان زىيىنىنى ئويلاپ يەتمىگەن. بۇ بىزگە شۇنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇكى، سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيەتلىك تەلىپىنى ئەكس ئەتتۈرۈشى ئۈچۈن ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ماس قەدەم بىلەن راۋاجلاندۇرۇشىمىز كېرەك. تەرەققىيات چېكى قائىدە، ئىككى مەدەنىيەتنى ماس قەدەم بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇشمۇ چېكى قائىدە. تەرەققىياتقا بولغان ھەر قانداق بىر تەرەپلىمىلىك چۈشەنچىلەرنىڭ ھەممىسى ئېغىر خەتەرلىك، ئېغىر زىيانلىق.

ئىككىنچى، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش دۆلىتىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى خەلقئارا كۈرەشتە تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈشتىكى مۇھىم تەدبىرى. نۆۋەتتە خەلقئارا جەمئىيەتتىكى كۈرەشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ھەربىي ئىشلار، سىياسىي جەھەتتىكى قارشىلىشىشتىن ئىقتىساد، پەن - تېخنىكا جەھەتتىكى رىقابەتكە ئۆزگەردى. شۇنى ئېنىق كۆرۈشىمىز كېرەككى، كۈرەشنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنىڭ ئۆزگىرىشى غەربتىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ بىزگە قارىتا سىياسىي ۋە ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى ھۇجۇملىرىنىڭ توختاپ قالغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. پەقەت بۇ خىل كۈرەشنىڭ شەكلىدىلا ئۆزگىرىش بولدى، خالاس. ئۇلار ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى قويۇق ئالاقىدىن تېخىمۇ پايدىلىنىپ بىزنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىگە سىڭىپ كىرىشنى كۈچەيتمەكتە. شۇڭا بىز سوتسىيالىستىك ئىدېئولوگىيە ساھەسىگە ستراتېگىيە يۇكسەكلىكىدە قاراپ ۋە ئۇنى قوغداپ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇشىمىز ھەمدە ئىلگىرى ئىقتىسادىي خىزمەتنى تۇتقانغا ئوخشاش سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىمۇ ياخشى تۇتۇپ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى سوتسىيالىستىك ئىدېئولوگىيە بازىسىدا مۇھىم ئورۇنغا ئىگە قىلىپ، بىر مەزگىل داۋاملاشقان بىخوتلۇق ھالىتىمىزنى ئۆزگەرتىشىمىز كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندىلا جۇڭگو سوتسىيالىزم يولىنىڭ بويلاپ ئالغا باسالايدۇ ھەمدە كەسكىن، مۇرەككەپ كۈرەشلەردە تەۋرەنمەي چېكى تۇرالايمىز.

(بېشى 4-بەتتە)

بۇزىدىغان، پارا ئالىدىغان، ھوقۇق - پۇل سودىسى قىلىدىغان، خەلقنىڭ بايلىقىنى بۇزۇپ - چېچىپ ئىسراپ قىلىدىغان، مىڭغۇ مىڭ، سىڭگمۇ مىڭ دەپ ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىدىغان بولغا كىرىپ كەتتى. گەرچە بۇنداقلارنىڭ سانى ئاز بولغىنى بىلەن كەلتۈرگەن زىيىنى ئىنتايىن چوڭ بولدى. ئۇلار پارتىيە ئىستىلىغا داغ تەككۈزۈش، ئىجتىمائىي كەيپىياتنى بۇلغاش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى، پارتىيىنىڭ خەلقنىڭ قەلبىدىكى ئوبرازىغا قاتتىق زىيان يەتكۈزۈپ، خەلقنىڭ قاتتىق نارازىلىقىنى قوزغىدى. بۇنداق چىرىكلىكلەرگە سەل قاراپ ئۇنىڭ يامراپ كېتىشىنى توسىمىغاندا ۋە قەتئىي قانۇن بويىچە زەربە بەرمىگەندە، ئۇ، پارتىيىمىزنى، خەلق ھاكىمىيىتىمىزنى، ئۇلۇغۋار سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشىمىزنى نابۇت قىلىۋېتىدۇ. دېمەك، پارتىيە ئىستىلىنى توغرىلاش، پارتىيە ئىچىدىكى چىرىكلىكلەرنى يوقىتىش بىردەممۇ كېچىكتۈرۈشكە بولمايدىغان ئىش بولۇپ قالدى. پارتىيە ئىستىلىنى توغرىلاش ئىجتىمائىي كەيپىياتنى ياخشىلاشنىڭ ئاچقۇچىدۇر.

4) ھەر خىل جىنايى ھەرىكەتلەرگە قەتئىي ئۇنۇملۇك زەربە بېرىپ، ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ياخشى ئىجتىمائىي مۇھىت يارىتىش. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان، ئېلىمىزدە جەمئىيەت ئامانلىقىنى ساقلاش جەھەتتە بەزى يېڭى مەسىلىلەر كۆرۈلدى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئاللا قاچان يوقىلىپ كەتكەن ئىپپەت - نومۇسنى سېتىش، پاھىشىۋازلىق قىلىش، زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى چېكىش، سېتىش قاتارلىق رەزىللىكلەر قايتىدىن باش كۆتەردى، سىرلىق كىتاب - ژۇرناللار ۋە ئۈن - سىن بۇيۇملىرى بىر مەھەل يامراپ كەتتى، ئىقتىسادىي جىنايەت، جىنايى ئىشلار جىنايىتى، چوڭ ئەنزە، مۇھىم ئەنزىلەر يىلمۇ يىل كۆپىيىش ھالىتىدە تۇرماقتا. بەزى جايلاردا ھەتتا جىنايەتچىلەر گۇرۇھلىرى، قانۇنسىز دىنى پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانغان جىنايەتچىلەر پەيدا بولدى. سوتسىيالىزم جەمئىيىتىنىڭ ئەتراپلىق ئالغا ئىلگىرىلىشى ۋە جەمئىيەت مەدەنىيىتىنىڭ ئەتراپلىق تەرەققىي قىلىشىنى ئۆزىگە نىشان قىلىدۇ، ئۇ بۇ رەزىللىكلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا ھەرگىز يول قويمايدۇ. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشى مۇقىم ئىجتىمائىي مۇھىتقا مۇھتاج، شۇڭا، ھەر خىل ئىقتىسادىي جىنايەتچىلەرگە ۋە جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلەرگە قەتئىي زەربە بېرىش لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن مۇقىم ئىجتىمائىي مۇھىت يارىتىلغىلى بولىدۇ.

# ھايات ساۋاقلىرى

ئىبراھىم ھەققۇلوۋ

## تەبىئەت ـ گۈزەللىك ۋە ھۆرلۈك قۇچىقى

«تەبىئەت بىلەن ئورتاق تىل تاپالىساڭ ھېچقانداق ۋاقىتتا كەمبەغەللەشمەيسەن. سېنى ئادەملەرنىڭ پىكىر ـ مۇلاھىزىلىرى ئەمەس، بەلكى تەبىئەت دۆلەتمەن قىلىدۇ» دەيدۇ يۇنان پەيلاسوپلىرىدىن بىرى. بۇ گەپنى بىر تەرمىلمە چۈشەنمەسلىك كېرەك. ئاخىر دىلى تەبىئەتكە باغلانمىغانلار ـ باغرى تاش كىشىلەر ئەمەسمۇ؟ ھېسسىياتسىز قەلبلەرگە گۈزەللىك قانداق سىغىشى مۇمكىن؟ باھارنىڭ كۆتۈرەڭگۈ ۋە ياڭراق ئاھاڭلىرى بىلەن كۈزنىڭ كىشىنى مەست قىلىدىغان سادالىرىغا ھەۋەس قىلمايدىغان كۆڭۈللەردە خۇشاللىق ۋە دەرد ـ ھەسرەت دېگەنلەر نېمە قىلسۇن؟

تەبىئەت بىلەن ئىنساننىڭ مۇناسىۋىتى ئىنتايىن قەدىمىي ھەمدە دائىملىق بىر جەريان. ئىنسان دۇنياغا كېلىشى بىلەنلا تەبىئەت باغرىدا ياشايدۇ. ئادەم تەبىئەتتىن قانچە يىراقلاشسا، ئۇ روھىي تەرەپتىن شۇنچە قەھەتلىشىپ، يامانلىق ۋە ياۋۇزلۇق تۇيغۇلىرىغا شۇنچە يېقىنلىشىدۇ. تەبىئەت باغرى ئادەمگىمۇ، ھايۋانغىمۇ ئورتاق. بىراق ئادەملەر توپى بەزىدە تەبىئەتكە ھايۋانلارمۇ قىلمايدىغان دەھشەتلىك ئىشلارنى راۋا كۆرىدۇ. بۇ ـ رەزالەت. بۇ ـ ۋەتەن، خەلق ۋە ئىنسانىيەتكە نىسبەتەن رەھىمسىزلىكتۇر. بۇلار ھەققىدە ئويلانساڭ خىيالىڭ ئىختىيارسىز تارىخقا قايتىدۇ. ئۆتمۈش زاماندا ئادەملەر دەرەخلەرگە سېغىنىشقان. بىرەر دەرەخنىڭ قۇرۇشى ياكى نابۇت بولۇشىنى زور پاجىئە، دەپ ھېسابلاشقان. دەرەخنىڭ بىرەر شېخىنى سۇندۇرۇشنى ئۆز جېنىنىڭ ئازابلىنىشى، دەپ بىلىشكەن. دەرەخلەر شان ـ شەرىپى ئۈچۈن ئۆتكۈزۈلگەن ئاجايىپ مۇراسىملارنى دېمەمسىز تېخى؟

ئەپسانىلارغا قارىغاندا، مۇسا پەيغەمبەر خۇدانىڭ ۋەسلىگە يېتىش ئىشقى بىلەن ئۇنى ئۇزۇندىنچە ئىزدەپتۇ. ئاخىرى ئۇنى تەبىئەت باغرىدىن تېپىپتۇ. كۆيۈۋاتقان بىر دەرەخ: «مانا، مەن خۇدامەن!» دېگەنمىش ئۇنىڭغا. بۇ ئەپسانىنىڭ مەركىزىدە: «ئەي ئادەم، ئاۋارە بولما، سېنىڭ تەڭرىڭ ـ تەبىئەتتۇر» دېگەن پىكىر ياتىدۇ.

......

تەسەۋۋۇر ۋە خاتىرە قىلىشالىقى ئادەمنى تەبىئەتتىن يىراقلاشتۇرىدۇ. ئۇنداق بولمىغاندا، بىز ئەسىرلىك ۋەقەلەرگە گۇۋاھ بولغۇچى چىنارلارنى دانا ۋە مېھرىبان بوۋىلىرىمىزنى سۆيگەندەك سۆيۈپ، ئۇلارنىڭ سىرلىق شىۋىرلاشلىرىنىڭ مەنىسىنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشەنگەن بولاتتۇق. يېزىلاردىكى كاللا قىلىۋېتىلگەن ئۈجمە ياغاچلىرىنى كۆرسىڭىز يۈرىكىڭىز ئېچىشىدۇ. دەرەخلەر ـ بىزنىڭ دوستىمىز ۋە قېرىندىشىمىز. ئۇلار ئانىمىزدەك ساخاۋەتلىك. گۈزەل قىزلارنىڭ گۈلگە ئوخشىتىلىشى ھاۋايى ـ ھەۋەستىن ئەمەس. قۇشلار ۋە ھايۋانلارنىڭ ئىنسانغا يېقىنلىقىنى تەستىقلىغۇچى ھېسابسىز رىۋايەت ۋە ئەپسانىلار بار. نىزامىي گەنجىۋىنىڭ «خۇسراۋ ۋە شېرىن» داستانىدا پەرھاد تەلەيسىز ئاشىق يىگىت تىمسالىدا كۆرسىتىلگەن. ئۇ، ئۆز جەمئىيىتىگە سىغمىغان، زورلۇق مۇھىتتىن بەزگەن قەھرىمان. ئۇ ئادەملەرنى تەرك ئېتىپ، چۆل ـ جەزىرىلەردە ھايۋانلار بىلەن دوستلىشىدۇ. ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئوۋچىلار جەبرىدىن قاچقان ياۋايى جانىۋارلار توپلىنىدۇ. ئۇلار پەرھادقا مېھىر ـ شەپقەت كۆرسىتىدۇ. بۇ ھايۋانلارنىڭ بىرى پەرھادنىڭ ئورۇن ـ كۆرپىسى بىلەن چېدىرىنى كۆتۈرىدۇ. ئىككىنچىسى ئۇنىڭ قول ۋە ئېتەكلىرىگە سۆيۈپ ئەركىلەيدۇ. ئۇنى كۈندۈزلىرى كېيىكلەر يالغۇز قويمايدۇ. تۈنلىرى بۆغىلار ئۇنىڭ بىلەن سىرداشسىپ، ئىشق دەردى بىلەن ھىجران غۇسسىلىرىنى يەڭگىللىتىدۇ. پەرھاد ئادەملەردىن كۆرمىگەن خەيرخاھلىقنى ھايۋانلاردىن كۆرىدۇ. مۇھىت ۋە جەمئىيەتتىن تاپالمىغان ئەركىنلىكنى ئانا تەبىئەت قۇچىقىدىن تاپىدۇ.

......

قەدىمكى ھىندى ئېپوسى «ماخابخاراتا» ھېكايەتلىرىدىمۇ ئېغىر ئىجتىمائىي مۇھىت ھالىدىن كەتكۈزگەن، يامانلىق ۋە ناھەقلىقلەردىن يۈرەكلىرى مىجىلغان ئايرىم قەھرىمانلار ئۆزلىرىنى تەبىئەت باغرىغا ئۇرىدۇ. قىزىقى شۇنىڭدىكى، ئۇلار قۇشلار ۋە ھايۋانلار بىلەن دوستلىشىپلا قالماي، ئۆزلىرىنىڭ ئەسلى كىيىملىرىنى تاشلاپ ئوت ـ چۆپلەر بىلەن دەل ـ دەرەخلەرنىڭ نوتىلىرىدىن توقۇلغان كۆڭلەكلەرنى كىيىپ يۈرىشىدۇ. ئۇلار بۇنداق كىيىملەر ئىنسان قەلبىنى بېزىمىدۇ، دەپ قارايدۇ.

ئەلشىر نەۋائىي يازىدۇ:

تونۇگە يۈزسۈرتەگەر ئالەمن، چەمەندە ھەر شەجەر،
ئۇخشىسە قەددىڭگە، سۈرتەي بارچە ياپراغىغا يۈز.
لىرىك قەھرىمان يارىنىڭ تونىغا يۈزىنى سۈرتۈشنى
ئارزۇ قىلىدۇ. ئەمما بۇ ئارزۇسىنىڭ ئىشقا ئېشىشىغا ئۇنىڭدا

پېتەرلىك ئىشەنچ يوق. شۇڭا ئۇ: «تەبىئەتتىكى قايسى دەل ـ دەرەخ سېنىڭ قەددىڭگە ئوخشىسا، ئۇنىڭ ياپراقلىرىغا يۈزۈمنى سۈرتۈۋېرىمەن» دېيدۇ. بۇ بېيىتتا، بىرىنچىدىن، دەرەخ ئادەملەشتۈرۈلگەن. شۇڭا، ئۇنىڭ بەستى بىلەن يارىنىڭ قامىتى ئوتتۇرىسىدا پەرق يوق. ئىككىنچىدىن، دەرەخ بەرگلىرىگە يۈز سۈرتۈش يۇقىرىقى ئېپوس قەھرىمانلىرى كېيگەن توقۇما كۆڭلەكلەرنى ئەسكە چۈشۈرىدۇ.

ئەلشىر نەۋائىي ئەسەرلىرىدە تەبىئەت ئەڭ ئالدى بىلەن بىردىنبىر ھۆرلۈك تايانچى، ئەرك سەلتەنىتى سۈپىتىدە ئۇلۇغلىنىدۇ. راست، تەبىئەت بىلەن ئىنساننى ئايرىپ بولمايدۇ. بىز باللىقىمىزدا كۈن ۋە تۈنلىرىمىزنى ئانا تەبىئەت قوينىدا ئۆتكۈزىمىز. ئۇ چاغدىكى چۈشلىرىمىز كۆپىنچە قۇشلار بىلەن بىر تىلدا سۆزلىشىش، ئېرىق ـ ئۆستەڭ سۇلىرىنى ئەگىشىپ يۈگۈرۈش، چوڭلارغا بىلدۈرمىگەن باللىق ئىستەكلىرىنى دەل ـ دەرەخلەرگە ئىزھار قىلىشتۇر.

تەلبەلىك كۆركىم، قۇچارمەن باغ ئارا ھەرسەرۋىنى،
كۈن ئۆتۈپ ئول سەرۋى قەددى سىيمبەر بولغايمۇ دەپ.

دەپ يازىدۇ ئەلشىر نەۋائىي. بۇ ئاشىقانە پىكىر. لېكىن ئۇ باشقا جەھەتلەردىنمۇ قىممەتلىك. باللىقىدا ھەركىمنىڭ جىممىت بېرىپ قۇچاقلايدىغان دەرەخلىرى بولىدۇ. ئۇلارنى قۇچاقلاپ كىمدۇر شادلانغان، كىملەردۇر ئۆكسۈپ يىغلىغان. بۇ دەرەخلەرنى قايسىدۇر بىر بالىنىڭ شېرىن ئارمانلىرى لەرزىگە سالغان. نەۋائىينىڭ يۇقىرىقى مىسرالىرى كىشىنى شۇلار توغرىسىدىمۇ ئويلاندۇرىدۇ، ئادەمنى تەبىئەت ئالەمىدىن زوقلىنىش، ئۇنىڭ بىلەن ھەمنەپەس بولۇش، ئۇنىڭ قۇدرىتىگە تايىنىپ كۈرەش قىلىشقا دەۋەت قىلىدۇ.

ناخشىسىنى ئاختۇرۇپ دالالار، ئورمانلار ۋە دەريالار ئۈزرە ئۇچۇۋاتقان شامال، تۈن سۈكۈناتىدا ئۇنسىز شىۋىرلاۋاتقان يۇلتۇزلار، بۇلۇتلار كەينىدىن نازلىق مارلاۋاتقان ئاي، جۇشقۇنلۇق شەۋقىغە تولۇپ ئېقىۋاتقان پاكىز بۇلاق، ئاسماننىڭ كۆز يېشى بولغان يامغۇر، ھەر بىرى ئۆز پەيزى ۋە كۆركىگە ئىگە بولغان يىل پەسىللىرى ـ كۈز، قىش، باھار، ياز قاتارلىقلار قەدىم ـ قەدىمدىن تارتىپ شائىرلارنى ئىلھاملاندۇرۇپ كەلگەن. مەلۇمكى، تەبىئەت شېئىرىيەتتە مەنزىرە ياكى پوئېتىك تەسۋىر ۋاستىسى سۈپىتىدە ئەكسىنى تاپىدۇ. لېكىن ئۇ ھەر ئىككىلا ھالەتتىمۇ شەخس قەلبى، روھى، دەردى ۋە خۇشاللىقى بىلەن ئۇيغۇنلاشقان بولىدۇ. شەرق شېئىرىيىتى تارىخى خىلمۇ-خىل تەبىئەت قامۇسىدۇر.

***

تەبىئەت ـ بۇ، ئالدى بىلەن ھايات ۋە تىرىكلىك تەنتەنىسى، روھ ۋە گۈزەللىك مەنبەسى سۈپىتىدە تۈگىمەس ۋە چېكىرىسىزدۇر. ئۇنىڭ ئۆزى شائىر، كەشپىياتچى ۋە تەڭدىشى يوق مىماردۇر. تەبىئەت بىلەن باغلىق بولغان ھەممە سۆز، رەڭ، ئاھاڭ ۋە تەسۋىر ئۇنىڭغا تەبىئىي ماس بولۇشى كېرەك.

## تىلغا ئېتىبار ـ ئەلگە ئېتىبار

رىۋايەت قىلىنىشىچە، قەدىمكى زاماندا ئاقىل بىر ئادەمنىڭ گۈزەل قىزى بولغان ئىكەن. شۇ دىلبەرگە ئىككى پەرىشتىنىڭ ئىشقى چۈشۈپتۇ. قىز ئۇلارنىڭ قايسىبىرىگە كۆڭۈل بېرىشنى بىلمەي قاپتۇ. پەرىشتىلەر قىزنىڭ ۋىسالىغا ئېرىشىش ئۈمىدىدە ئۆزلىرىنى كۆرسىتىشكە باشلاپتۇ. لېكىن قىز ئۇلارغا شۇنداق دەپتۇ: «مەن يۇرت پەرزەنتى بولالايدىغان ئوغۇلغا ئانا بولۇشنى خالايمەن. شۇنىڭ ئۈچۈن سىلەرنىڭ ئۇنى قانداق تەربىيىلەيدىغانلىقىڭلارنى بىلىشىم كېرەك. ئەنە شۇنىڭغا قاراپ، مەن سىزلەرگە قارارىمنى ئېيتىمەن.»

«بۇ ئىش پەقەت مېنىڭ قولۇمدىن كېلىدۇ. مەن ئۇنىڭغا ئىلىم ئۆگىتىمەن. ماتېماتىكا ۋە ئاسترونومىيىدىن دەرس ئالىدۇ. سىياسەت بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئەجنەبىي تىللارنى ئۆگىنىدۇ. دۇنياغا ئۆز نامىنى تارقىتىدۇ» دەپتۇ بىرىنچى پەرىشتە.

نۆۋەت ئىككىنچىسىگە كەلگەندە، ئۇ دەپتۇ: «ئىنسان ئۈچۈن ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا مىراس قالىدىغان بايلىق ـ تىل. ئانا تىل بولىدىكەن، ۋەتەن، خەلق بولىدۇ. خەلقنىڭ ئۆمۈر ئۆلچىمىنى ئۇنىڭ تىلى بەلگىلەيدۇ. دۇنيادىكى ھەممە گۈزەللىك ۋە سېھرىي كۈچ تىلدا بولىدۇ. ئىنسان ئانا ئەللىيىنى بىرىنچى بولۇپ ئەنە شۇ تىل ۋاستىسىدا ئاڭلايدۇ. مەن ئوغلۇڭنى تىلغا خىيانەت قىلماسلىققا ئۆگىتىمەن. ئۇنىڭغا ناخشا، چۆچەك ۋە داستانلارنى ئېيتىپ بېرىپ، سېنىڭ لەتاپىتىڭگە لەتاپەت قوشۇۋېتىپ تۇرغان ئانا تىلىمىز ئۈچۈن ئۆز جېنىنى قۇربان قىلىشقا ئۆگىتىمەن.»

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان ئالىم پەرىشتە قاقاقلاپ كۈلۈپ، رەقىبىنى ئەقلى كەملىكتە ئەيىبلەپتۇ، ئوتتۇرىدىكى تالاش ـ تارتىش ئاخىرى جاڭجالغا ئايلىنىپتۇ.

«جېدەللەشمەڭلەر، ـ دەپتۇ قىز، ـ يۇرتىمىزدا بىر ئۇلۇغ دانىشمەن بار، ئۇنىڭ يېنىغا بارىمىز. ھەممە نەرسە شۇ يەردە ھەل بولىدۇ. ئۇنىڭ ھۆكمى مەن ئۈچۈن

قانۇن»

ئۇلار ھېلىقى دانىشمەننىڭ يېنىغا بېرىپتۇ. ئۇ ئاردا بولۇپ ئۆتكەن ھەممە گەپ ـ سۆزنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن ھېلىقى «كەم ئەقىل» پەرىشتىگە دەپتۇ: «قىز سېنى ياخشى كۆرمەدۇ، يوقمۇ، بۇنى بىلمەيمەن، لېكىن ئاتلىق شەرىپىگە سەن لايىقسەن.»

بۇ تەربىيىۋى قىممىتىنى زادى يوقاتمايدىغان رىۋايەت. بىرىنچىدىن، ئۇ ئانا تىلنىڭ قىسمىتى ۋە ئىستىقبالى ئۈچۈن ھەمىشە قايغۇرۇش زۆرۈرىيىتىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئىككىنچىدىن، تىلنى سۆيمىگەن ئادەم، ھەر قانچە ئوقۇمۇشلۇق بولغان شۆھرەتلىك ئادەم بولسىمۇ، ھەقىقىي خەلقپەرۋەر بولالمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

بۈيۈك يازغۇچى ۋە شائىرلار مانا شۇ ھەقىقەتلەرنى ئۆز ئىشىنىڭ ۋىجدانى مىزانى قىلغان. ئۇلار يازغان ئەسەرلىرى بىلەن ئانا تىلنىڭ پاكلىقىنى ھىمايە قىلىپ، ئۇنى تېخىمۇ بېيىتىشقا ئەمەلىي ھەسسە قوشقان.

تىل ـ خەلقنىڭ ئىجادىي قابىلىيىتىنى يورۇقلۇققا چىقىرىدىغان ئامىلدۇر. ئەگەر خەلقتە ئىجادىي نەپەس سۇسايسا، تىلنىڭ تەرەققىيات ھەرىكەتلىرىمۇ بوشىشىپ ئاستىلايدۇ.

خەلق روھى ۋە تەپەككۇرىنىڭ توختىشى ـ تىل تەرەققىياتىنىڭ زاۋالى. ئەلشىر نەۋائىي ئەسەرلىرىنىڭ تىلى ـ ئۆلمەس غايىلەر تەسۋىرلەنگەن تىلدۇر. شۇڭا نەۋائىي ئۆمۈرلۈك زامانىۋى سەنئەتكار، تىلنىڭ كېلەچىكى ۋە ئىستىقبالىنىڭ پاسىبانى سىمىلسىدا مەڭگۈ ياشايدۇ.

دۇنيادا كەمسىتىلىدىغان تىل يوق. ھەر قانداق بىر تىل ئۆزىچە گۈزەل ۋە قىممەتلىك. لېكىن بۇ يەردە ئېيتىپ ئۆتمىسە بولمايدىغان مۇنداق بىر ئۇياتلىق نادانلىق بار، ئۇ بولسىمۇ ئىجادىيەت ئەھلىنىڭ ئۆز تىلىغا چوڭقۇر مۇھەببەت قويماسلىقى. مەلۇمكى، نەۋائىي دەۋرىدە پارسىي تىل نوپۇزلۇق تىل ھېسابلانغان. تۈركىي شېئىرىيەتنىڭ مۇنداق ئاستا ئالغا سىلجىشىغا شۇ ئەدەبىيات ۋەكىللىرىنىڭ كۆپرەك ئۆز تىللىرىدا ئەمەس، پارسىيدا ئىجاد قىلىشقا بېرىلگەنلىكى سەۋەب بولغان. ئەلشىر نەۋائىي «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەيىن» ئەسىرىدە بۇ مەسىلىگە جامائەتنىڭ دىققىتىنى تارتىپ يازىدۇ: «بۇ خەلق ئارىسىدا پەيدا بولغان ئىجاد ئەھلى سالاھىيەت ۋە ئىستېداتلىرىنى ئۆزگە تىل بىلەن ئىپادە قىلمىغان بولسا ... شۇنداقلا ئىككىلا تىلدا سۆزلەش، يېزىش قابىلىيىتىگە ئىگە بولغان بولسا، بولۇپمۇ ئۆز تىللىرى بىلەن كۆپرەك يازغان بولسا ...» دېمەك، نەۋائىيدا باشقا تىلغا قىلچىمۇ ھۆرمەتسىزلىك تۇيغۇسى بولمىغان. يازغۇچى ياكى شائىر ئۆزى خالىغان بىرەر مىللەت تىلىدا قەلەم تەۋرىتىشى مۇمكىن. لېكىن ئۇ ئانا تىلىغا ئۆگەيلەرچە مۇئامىلە قىلماسلىقى كېرەك. ئاخىر مىللىي تىلنىڭ سېھىرلىك ئىچكى كۈچىنى، مۇزىكا ۋە ئاھاڭلىرى بىلەن ئۇنىڭ رەڭدارلىقىنى خەلققە يازغۇچى، شائىر يەتكۈزمىسە كىم كۆرسىتىدۇ؟ نەۋائىي تىل ۋە تەپەككۇر، سۆز ۋە ئىنسان كامالىتى قاتارلىق مەسىلىلەرگە ئالاھىدە ئېتىبار بەرگەن. شائىر بىر ئورۇندا: «كۆڭۈل خەزىنىسىنىڭ قۇلۇپى تىل ۋە ئۇ خەزىنە كىلىتىنى سۆز بىل» دەپ نەسىھەت قىلسا، باشقا بىر جايدا سۆزنى كۆڭۈلنىڭ جاۋاھىرى، دەپ باھالايدۇ. سۆز شۇنداق بىر بۈيۈك، شۇنداق بىر ئىلاھىي كۈچكى، ئۇ «ئۆلگەن ئادەمنىڭ تېنىگە روھ» بېغىشلىشى ياكى تىرىك روھنى ھالاك قىلىشى مۇمكىن.

سۆزنىڭ ياخشىسى ۋە ئېتىبارلىقى ـ راست ۋە چىن سۆز، ئەڭ يامىنى يالغاندۇر. راست گەپ قىلىپ، توغرىلىقنىڭ تەرغىباتچىسى بولغانلار ـ دانا ۋە ۋىجدانلىق كىشىلەردۇر. رىياكارلار ـ ئالدامچى، مەككار، ھەقىقەت ئالدىدا يۈزى قارا كىشىلەردۇر. يالغانچىلار گەپلىرىنى ئەل ئىچىدە بىرەر ـ ئىككى قېتىم ئاقتۇرۇشى مۇمكىن، لېكىن سىرى پاش بولغاندىن كېيىن بەربىر رەسۋا بولىدۇ. ئەل ئۇنىڭغا ئىككىنچى ئىشەنمەيدۇ.

نەۋائىينىڭ پىكرىچە، تىل ئىنساننى ھايۋاندىن ئايرىتقۇچىدۇر. شۇڭا ئۇ ھايۋاندەك پىشقىرىپ يۈرمەسلىكى، يېقىنلىرى ئارىسىدىلا ئەمەس، بەلكى باشقىلار ئالدىدىمۇ شېرىن سۆزلىكى بىلەن يېقىن ۋە سۆيۈملۈك بولۇشى لازىم. ئەل ھەر قاچان پىكىر، سۆزلىرى يېقىملىق، يۇمشاق كۆڭۈل كىشىلەرنى ئۆزىگە يېقىن كۆرىدۇ. بۇنداقلارنىڭ سۆزلىرى ئەقىل ۋە ھېكمەتكە تولغان بولۇپ، دۈشمىنىنىمۇ يارۇ ـ بۇرادەرلىرىگە ئايلاندۇرالايدۇ.

«كىمنىڭ مېڭىسىدە ئىللەت بولسا، ئۇنىڭ سۆزىدە باغلىنىش يوق، مېڭە ساغلام بولسا، گەپ ـ سۆزمۇ يېقىملىق ۋە خاتاسىز» دەيدۇ ئەلشىر نەۋائىي. دېمەك، سۆزلەرنى بىر ـ بىرىگە باغلاپ، مەنە ۋە مەنتىق تەلەپلىرى بىلەن گەپ قىلىش ـ ئەقلەن ساغلاملىق ئالامىتىدۇر. لېكىن ئەقىل ـ ھوش يۈكسەكلىكىنىڭ يەنە بىر تەرىپى بار، بۇ ـ كۆپ گەپ قىلماسلىق. نەۋائىينىڭ پىكرى بويىچە ئېيتساق، قىسقا سۆزلىگۈچى كىشىنى ئەقلىغە ئۇندىگۈچى، كۆپ ۋايسىغۇچى كىشىنى بىزار قىلغۇچىدۇر. پىكرى قابىلىيىتى سۇس بولغان مەممەدانە شەخسلەر تىلغا پەرۋاسىز قارايدىغان نائەھلىلەردۇر. نەۋائىي، گېپىنى تىزگىنلەشنى بىلمەيدىغان مەممەدانلارنى قارىلاپ يازىدۇ: «تىلغا ئېتىبارسىز ـ ئەلگە

ئېتىبارسىزدۇر. كۆپ گەپ قىلىدىغان مەمەدانە ـ تاڭ ئاتقى‍ـ
چە قاۋاپ چىقىدىغان قوتۇر ئىتقا ئوخشايدۇ.»

قارىماققا بۇ پىكىرلەر ئادەتتىكىچىدەك كۆرۈنىدۇ. شۇ‍ـ
ڭا نەۋائىي ئۆز شېئىرلىرىدا باشقىچە يول، ئۆزگىچە ئۇسۇل
تاللايدۇ. ئۇلاردا تىلغا ئېتىبارسىز قاراشتىن كېلىدىغان ئاقى‍ـ
ۋەتلەر تۇرلۇكچە ئۇسۇللاردا ئىسپاتلىنىدۇ. مانا، مۇشۇنداق
شېئىرلارنىڭ بىرىنى تەھلىل قىلىپ كۆرەيلى:

نەۋائىي تىلنىڭ ئاسرىغىل زىنھار،
دېسەڭ كىم، بېمەي دەھر ئىشىدىن فۇسۇس.

بۇ شېئىرنىڭ بىرىنچى بېيتى. بۇنىڭدا شائىر: «دۇنيا
ئىشلىرىدىن ئەپسۇس چەكمەي دېسەڭ تىلىڭغا ئېھتىيات
بول، ئۇنى ئاسرا» دەۋاتىدۇ. بۇ يەردىكى ئاساسىي مۇددىئا
ـ ئۇقۇرمەن ئېڭىغا سىڭدۇرۇلمەكچى بولغان مەقسەت تىلنى
ئاسراشقا بولغان دەۋەت. لېكىن بۇ دەۋەت كىملەرگىدۇر تېز
يېرىپ يېتىشى، بىراۋلارنىڭ ئېڭىغا بولسا ھەتتا تەسىرمۇ
قىلماسلىقى مۇمكىن. بۇ ھال قانداقتۇر بەدىئىي دەلىللەرنى
كەلتۈرۈش ئېھتىياجىنى تۇغدۇرغان. كېيىنكى مىسرالار ئەنە
شۇنىيەتتە يېزىلغان:

نەزەر قىلكى، ئوق ئاغزى تىلسىز ئۈچۈن،
قىلۇر تاجۇەرلەر بىلەدە ستىبۇس.
نېچەتاجۇەردۇر كېسەرلەر باشىن،
چۇ ھەڭگامەسىز نەغمە تار تار خورۇس.

بۇ قۇرلاردىكى پىكىر ۋە ماھىيەتنى ئېنىق بىلىش ۋە
ئۇنىڭدىن توغرا خۇلاسە چىقىرىش ئۈچۈن، ئۆتمۈشتىكى
بىر قىسىم ئەپسانە ۋە رىۋايەتلەرگە مۇراجىئەت قىلىش
زۆرۈر.

قەدىمكىي تۈركلەرنىڭ تەسەۋۋۇرىچە، يا بىلەن ئوق
خۇدا تەرىپىدىن يارىتىلغاندۇر. بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىزمۇ
يانى شاھقا، ئوقنى ئەلچىگە نىسبەتلەشتۈرگەن. ئوقنىڭ
ھەرىكىتى ياغا باغلىق. شۇنىڭ ئۈچۈن تۈركلەردە يا ھۆ‍ـ
كۈمرانلىقنى، ئوق بولسا ئۇنىڭغا بولغان تابىئەلىك ۋە
بېقىندىلىقنى بىلدۈرگەن. ئەگەر بىر قەبىلە ئىككىنچى بىر
قەبىلىگە ئوق ئەۋەتسە ئۇ ئىككى مەنىنى بىلدۈرگەن،
بىرىنچىسى، ھۆرمەت، ئىككىنچىسى، قارامىلىق ۋە تابىئەلىك.
ئەڭ قەدىمكىي جۇڭگو مەنبەلىرىدە تۈركىي خەلقلەردە ھەر
بىر قەبىلىنىڭ مەخسۇس ئوقى بولغانلىقى يېزىلغان. نەۋا‍ـ
ئىي ئەنە شۇ چۈشەنچىلەرگە تايىنىپ، ئوقنىڭ تىلسىزلىقى‍ـ
دىن سۆز ئاچقان. ئەمما بۇ يەردە شائىر ئۈچۈن مۇھىمى
ـ ئوق باھانىسىدە تىلنى ئاسراش ھەققىتىگە ئوقۇغۇچىنى
ئىشەندۈرۈشتۇر. تۆۋەندىكى بېيتنى ئوقۇپ كۆرەيلى:

نېچە تاجۇەردۇر كېسەرلەر باشىن،
چۇھەڭگامەسىز نەغمە تار تار خورۇس.

بۇ ئەمدى ئوققا نىسبەتەن سەلبىي دەلىل. خورازنىڭ
مەزگىلسىز چىللىشى ھازىرقى كۈندىمۇ شۇملۇقنىڭ بىشارى‍ـ
تى ھېسابلىنىدۇ. نېمىشقا؟ يىراق ئەسىرلەردە كايۇ مارس
دېگەن پادىشاھ ئۆتكەنمىش. ئۇ ئادىل بولۇپ كۆپ يەرلەر‍ـ
نى ئاۋاتلاشتۇرغان ئىكەن. كايۇ مارسنىڭ پۇشالڭ ئىسمى‍ـ
لىك ئوغلى بولۇپ، ئۇنى دەۋامىند ئېغىدا دېۋىلەر ئۆلتۈرۈ‍ـ
ۋېتىپتۇ. بۇنىڭدىن بىر قۇش ئاگاھ بولۇپ، قاتتىق نالە
قىلىشقا باشلاپتۇ. شاھ شۇ قۇشنىڭ «يول باشلىشى» بىلەن
ئوغلىنىڭ جەسىتىنى تېپىپتۇ. ئۇ ئوغۇللىرىدىن بىرىنى
يۇرتقا باشلىق قىلىپ تەيىنلەپ، ئۆزى دېۋىلەرنى ئۆلتۈ‍ـ
رۈشكە ئاتلىنىپتۇ. كايۇ مارس كېتىۋېتىپ يولدا بىر ئاق
خورازنى كۆرۈپتۇ. خوراز يول بېشىدا تۇرۇپ ئەنسىز چىل‍ـ
لىماقتا ئىكەن. سەل نېرىراقتا بىر توخۇنى يىلان ئوراپ
ئالغان بولۇپ، خوراز چىللىغاچ يىلانغا جان ـ جەھلى
بىلەن تاشلىنىدىكەن. بۇ ھال كايۇمارسقا بەكمۇ يېقىپ
چۈشۈپتۇ. ئۇ: «دېمەك، خورار ئۆز جۈپتىنى قۇتقۇزۇش
ئۈچۈن كۈرەشۋاتقان ئىكەن، بۇ جانۋارنىڭ خۇي ـ پەيلى‍ـ
مۇ ئىنسان پەرزەنتىگە ئوخشايدىكەن» دەپ ئويلاپتۇ. ئۇ،
يىلاننىڭ بېشىنى يەنچىپ، خوراز بىلەن مېكىياننى ئازاد
قىپتۇ. ئۇلارنى ئۆز ئوغۇللىرىغا ئەۋەتىپ ئۇلارنى ئاسراپ
ـ ئاۋايلاشنى بۇيرۇپتۇ. شۇندىن باشلاپ ئەلدە توخۇ ساق‍ـ
لاش ئادەتكە ئايلىنىپتۇ. چۈنكى توخۇ بارخانىدانلارغا دېۋە
يولىماس ئىمىش. ئەسلىدە خورازنىڭ چىللىشى ياخشىلىق‍ـ
نىڭ بىشارىتى. ئۇنداقتا نەۋائىي نېمىشقا مەزگىلسىز چىللى‍ـ
غان خورازنىڭ بېشىنىڭ كېسىلىشى ھەققىدە گەپ قىلىدۇ؟
بۇ ھادىسىمۇ كايۇمارس تەقدىرىگە باغلانغان. بىر كۈنى
ھېلىقى ئاق خوراز كۈتۈلمىگەندە كەچكە يېقىن چىللاپ
قالىدۇ. ئادەملەر بۇنىڭ سىرىنى بىلەلمەي قايمۇقىشىدۇ.
كېيىن مەلۇم بولىدۇكى، ئەسلىدە كايۇمارس ئۆلگەن ئى‍ـ
كەن. شۇنىڭ ئۈچۈن خوراز كەچقۇرۇن چىللىدىمۇ ـ
دېمەك بۇ يامانلىقتىن بىشارەت، بۇنداق خورازنى دەرھال
ئۆلتۈرۈش كېرەك، دېگەن پىكىر قەتئىي ئەقىدە شەكلىگە
كىرىپ، ئەسىرلەر مابەينىدە ياشاپ كەلگەن. نەۋائىي خەلق
ئارىسىدا ياشاپ كەلگەن بۇ كونا چۈشەنچىگە ئاسىلىنىپ
ئورۇنسىز گەپ، ئارتۇقچە بىلجىرلاشلار ئاقىۋىتىنىڭ ئۆلۈمگە
سەۋەب بولۇشى مۇمكىنلىكىنى ئەسكەرتىپ ئۆتكەن.

كىشى قانچە كۆپ ئويلاپ، قانچە كۆپ ئوقۇسا،

ئۆگەنسە ئۇ شۇنچە ئاز، لېكىن مەنىلىك گەپ قىلىدۇ، ئەل ئارىسىدا شۇنچە ئىززەتكە ئىگە بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ نەۋائىي: «سۆز كۆڭۈلدە پىشىپ، تاۋلانمىغىچە تىلغا كەلتۈرمە. دىلدا بار سۆز ۋە پىكىرلەرنىڭ ھەممىسىنى ئېيتقۇلۇق ئەمەس. ئىچىڭدە ياتقان سۆزلىرىڭ سېنىڭ سىرلىرىڭ. سىر بولسا نەپەسكە ئوخشاشتۇر. چىققان نەپەسنى قايتۇرغىلى بولمىغاندەك، ئېيتىلغان سۆزنىمۇ ياندۇرۇۋالغىلى بولمايدۇ» دېگەن ھېكمەتلىك پىكىرلەرنى يازغان. بىز بۇ بۈۋا كالان شائىرىمىزنىڭ بۇنداق نەسىھەتلىرىنى زادى ئېسىمىزدىن چىقارماسلىقىمىز كېرەك.

## ساخاۋەت ـ تەن، ھىممەت ـ جان

شەيخ سەئدىنىڭ «گۈلىستان» كىتابىدا بىر دانىشمەندىن: «ساخاۋەت ياخشىمۇ ياكى شىجائەتمۇ؟» دەپ سورىغاندا، ئۇ: «ساخاۋەت بار يەردە شىجائەتنىڭ نېمە كېرىكى؟» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. بۇ ـ ھەر قانداق مەردلىك ۋە شىجائەتنىڭ مەنبەسى ساخاۋەت، ئۇنىڭ بىلەن ھېچنېمىنى ئايىماسلىق، ئۇنىڭغا مىننەت ۋە غەرەزسىز ياخشىلىق قىلىش دېمەكتۇر. ئۇنىڭدا مېھىر، ئىشەنچ ۋە كۆكسى ـ قارنى كەڭلىك ھېسسىياتلىرى مۇجەسسەم بولىدۇ. ساخاۋەتلىك ئادەم ھىممىتى ئۇلۇغ كىشىدۇر. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئادەمگە ئاللىقانداق بىر تاشقى ياردەم بېرىش ئەمەس، ئادەم قەلبىنى قەدىرلەش، نەپسانىيىتى ۋە روھىنى ئاسراش بىرىنچى ئەمەس، ئادەم قەلبىنى قەدىرلەش، نەپسانىيىتى ۋە روھىنى ئاسراش ۋە ئاۋايلاش بىرىنچى دەرىجىلىك ئىشتۇر. ئۇ: «زۆرۈر ۋاقىتتا بېرىلگەن بىر ئىسكى چاپان ساخاۋەت، ھەدىيە قىلىنغان زەر تون ئەرزىمەستۇر» دەپ بىلىدۇ.

نەۋائىي رۇبائىلىرىنىڭ بىرىدە ئىماننىڭ مۇستەھكەملىكىنى ئۈچ نەرسىگە نىسبەتەن قىلىدۇ. بۇ ئۈچ نەرسىنىڭ بىرىنچىسى ـ ھايا، ئىككىنچىسى ـ ۋاپا، ئۈچىنچىسى ـ ساخاۋەتتۇر:

ئۈچ قىسىم ئىلە ئىمانغا بىنا فەھم ئەيلە،
ئەۋۋەلقىسىنى ئانىڭ ھەيا فەھم ئەيلە،
ئىككىنچىسىنى داغى ۋەفا فەھم ئەيلە،
ئۈچىنچىنى بىلمەسەڭ، سەخافەھم ئەيلە.

شائىر «مەھبۇبۇل قۇلۇب» ئەسىرىدە ساخاۋەت مەسىلىسىگە ئالاھىدە ئورۇن ئاجرىتىپ، ئۇنى مۇنداق سۆزلەر بىلەن تەرىپلەيدۇ: «ساخاۋەت ـ ئىنسانىيەت بېغىنىڭ ھوسۇلدار دەرىخى، بەلكى ئۇ دەرەخنىڭ خاسىيەتلىك مېۋىسى. ساخاۋەت ـ ئادىمىلىك پەزىلىتىنىڭ مەۋج ئۇرۇپ تۇرغان دېڭىزى، بەلكى ئۇ دولقۇنلۇق دېڭىزنىڭ بىباھا گۆھىرىدۇر.» مانا شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئەسىرلەر مابەينىدە سېخىي ئادەملەر ئۇلۇغلىنىپ كەلگەن. ئۇلارسىز «ئىنسانىيەت بېغى» نىڭ پەيزى ۋە ھوسۇلدارلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن بولمىغان. سېخىي زاتلار بار ئىكەن، «ئادەمىلىك پەزىلەتلىرى» مەڭگۈلۈك پاك ۋە مۇقەددەستۇر.

نەۋائىي سېخىي ئادەملەرنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى يەردىن كۆككە ئېلىپ چىقىدۇ. ئۇنى ئىنسانىيەتكە خامان ـ خامان ھوسۇل بېرىدىغان خاسىيەتلىك بۇلۇتلار تۈپىغا قىياسلايدۇ. بېخىل ئادەم بولسا ئۇنىڭ تەتۈرىسىدۇر. بېخىلنىڭ غەم ـ تەشۋىشى دائىما ئالماق ۋە يىغماقتۇر. نەۋائىي بېخىللارنى ئېگىزدىن دان تېرىيدىغان چۈمۈلىگە تەڭلەشتۈرىدۇ. لېكىن شۇنىمۇ تەكىتلەش لازىمكى، ئىسراپخورلۇق، ھالال تۇپلىغان دۇنيالىسىنى ماختانچاقلىق بىلەن خەيرى ـ ئېھسان قىلىشنى شائىر سېخىيلىق ھېسابلىمايدۇ. نەۋائىي «مەھبۇبۇل قۇلۇب»تا يازىدۇ: «ئىسراپ قىلىش ـ سېخىيلىق ئەمەس. ئورۇنسىز بۇزۇپ ـ چېچىشنى ئەقىللىق ئادەملەر سېخىيلىق دېمەس. ھالال مالنى سورىغاننى كىشىلەر دىۋانە، دەيدۇ. يورۇق جايدا شام ياققاننى ئادەملەر ئەقىلدىن ئازغان، دەيدۇ. ماختىنىش ئۈچۈن مال بېرىش ـ ئۆزىنى كۆز ـ كۆز قىلىش. شۇ يول بىلەن ئۆزىنى سېخىي قىلىپ كۆرسىتىش ـ ھاياسىزلىق. كىمكى خەلققە كۆرسىتىپ تۇرۇپ ئېھسان بەرسە ـ ئۇ پەسكەشلىك. تىلىگەندىن كېيىن بېرىش ـ ساخاۋەتتىن ئەمەس. قىستىغاندىن كېيىن بەرگەندىن بەرمىگەن ياخشى. بىر تۇغاچنى ئىككىگە بۆلۈپ، يېرىمىنى ئاچ ئادەمگە بەرگەننى سېخىي دەپ، ئۆزى يېمەي ھەممىسىنى مۇھتاج ئادەمگە بەرگەننى خىسلەتلىك دوست، دەپ بىل».

يورۇقتا شام ياققان تەلۋىگە ئوخشاپ قالماسلىق، ماختانچاقلىق بىلەن بىھايالىقتا داڭ چىقارماسلىق، سېخىيلىق نىقابىدا ئۆزىنى كۆز ـ كۆز قىلىشتەك پەسكەشلىككە قول بولماسلىق ئۈچۈن، يۇقىرىقى پىكىرلەرنى ئەستىن چىقارماسلىق لازىمدۇر. سېخىيلىقنىڭ مۇھىم شەرتى ـ ياخشىلىق. ئەمما ياخشىلىققا مىننەت قوشۇلسا، ئۇ ئەھمىيىتىنى تولۇق يوقىتىدۇ.

قىل ياخشىلىقۇ دېمەكىن داخىل قىلما،
مىننەت بىلەن ياخشىلىقنى باتىل قىلما.

نەۋائىي ھىممەتنى ساخاۋەتتىنمۇ ئۈستۈن قويىدۇ. ئۇنىڭچە «سېخىيلىق ـ ئادەمنىڭ بەدىنىدۇر، ھىممەت بولسا ـ ئۇنىڭ جېنى». جانسىز تەننى تىرىك دېگىلى بولمىغىنىدەك، ھىممەتسىز ئادەمنىمۇ ئەر دېگىلى بولمايدۇ. ھىممەت

- ئۇلۇغ سۈپەت. ئۇ پاكىز كىشىلەرگىلا خاستۇر. «ئالىي ھىممەت ئادەم - كۆكتە پەرۋاز قىلىۋاتقان لاچىندۇر. ھىممەتسىز كىشى - چاشقان تۇتۇپ يەيدىغان سادۇر». ھىممەت ئىگىلىرىگە خاس يەنە بىر پەزىلەت شۇكى، ئۇلار كەمبەغەل ياكى قاششاق بولسىمۇ، زادى پەسلىك قىلمايدۇ. بۇنىڭغا ئۇلارنىڭ ئۇلۇغلۇقى، تەبىئىي تەن پاكلىقى يول قويمايدۇ. ھىممەت ساھىبلىرى ھېچقاچان ئۆزلىرىگە راۋا كۆرمىگەن بەختسىزلىكلەرنى ئۆزگىلەرگىمۇ راۋا كۆرمەيدۇ. ئۇلار يىقىلغاننى يۆلىگۈچى، تەلەيسىزلەرنىڭ غەم - كۈلپەتلىرىنى كۆتەرگۈچى، ئاچ ۋە يالىڭاچلار بىلەن بارىنى تەڭ كۆرگۈچىلەردۇر. شۇلارنىڭ روھى ۋە ھەرىكەتلىرى سەۋەبى بىلەن ئىنساب ۋە دىيانەتكە بولغان ئىشەنچ دىللارنى يورۇتىدۇ. ئۆزىدىن باشقىسىنى ئويلىمايدىغان، مال - دۇنيا يىغىشنى كەسىپ قىلغان نەپس بەندىلىرى مۇھىتىدا ھىممەتلىك ئادەملەر قاراڭغۇلۇق ئىچىدىكى چىراغلاردەك ئەتراپنى يورۇتىدۇ.

ئادەتتە پېئىل ئەتىۋارى يارىملىس ئادەملەر پەس ئادەملەر دېيىلىدۇ. بۇنداق پەسلىكنىڭ يىلتىزىمۇ ھىممەتسىزلىكتىن باشلىنىدۇ.

كىشىلەردىن ھۆرمەت تەلەپ قىلىش - مەنىۋى ئاجىزلىق. دېمەك، ئۇنىڭ يىلتىزىمۇ ھىممەتنىڭ كەملىكىگە بېرىپ تاقىلىدۇ. ھىممىتى يۈكسەك ئادەمنىڭ ھۆرمىتىنىڭ تۆۋەن بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. «سەددىي ئىسكەندەرىي» دىكى تۆۋەندىكى مىسرالاردا شۇ ھەقىقەت ئىپادىلەنگەن:

بىرمۇ كىم، ئاڭا ھىممەت ئولدى بەلەند،
ئېرۇر ئالەم ئەھلى ئارا ئەر جەمەند.

ھىممىتى يۈكسەك ئادەمنىڭ «ئالەم ئەھلى ئارا ئىززەتلىك» زات بولىدىغانلىقى - بۇ بىر تەرەپ. ئۇنىڭ ئىككىنچى تەرىپىمۇ بار، بۇنداق ئادەم شۇ يول بىلەن جاھان ئەھلىنىڭ ئازاب، مۇشەققەتلىرىدىن ئۆزىنى خالاس قىلىشقىمۇ ئېرىشەلەيدۇ.

كىشىكىم بى كېرەكتۇر ھىممىتى،
جاھان ئەسلىدىن كەمدۇر مېھنىتى.

بۇ - ئومۇملاشتۇرۇلغان پىكىر. نەۋائىي بۇنى بىر قاتار ھاياتىي دەلىللەردە ئىسپاتلاپ بەرگەن.

نى قۇشكىم بەلەند ئولسە پەرۋاز ئاڭا،
ھەلاك ئىستەمەس ناۋەك ئەنداز ئاڭا.

بۇ - بىرىنچى دەلىل: ھەر قانداق بىر قۇش كۆككە پەرۋاز قىلغانسېرى، ئوۋچىمۇ ئۇنىڭغا ئوق ئۈزۈشكە شۇنچە ئامالسىز قالىدۇ. بۇ بېيت بىلەن ئاۋۋالقى بېيت ئوتتۇرىسىدا سەۋەبى باغلىنىش يوق، لېكىن مەنتىق ئېتىبارى بىلەن ئويغۇنلۇق بار. ئىككىنچى دەلىل:

ئەگەرچە ئېرۇر موشەك ئاتماق ئىشى،
بولۇت مامۇغىن ئۇر تەي ئالمىس كىشى.

ھىممەت - مەنىۋى ئەخلاقىي چوشەنچە. نەۋائىيدىكى قۇدرەت بۇ چۈشەنچىنىڭ ماھىيىتىگە ئوقۇغۇچىنى ھاياتىي ھادىسىلەر ئارقىلىق ئىشەندۈرىدۇ. ئاخىر كۆككە قاراپ چوغ - يالقۇن ئېتىۋەرگەن بىلەن «بۇلۇت مامۇغى»نى ئۆرتىگىلى بولمايدىغانلىقىدىن كىممۇ گۇمانلىنىدۇ؟ شېئىردىكى «بۇلۇت مامۇغى» - ھىممىتى يۈكسەك، ئالىيجاناب كىشىنىڭ سىمۋولىدۇر. تۇرمۇشتىكى سېخىي، كەڭ قورساق كىشىلەرگە چوغ - يالقۇن ئاتقۇچى ئادەملەر ھىممەتتىن مەھرۇم بولغان، پەسلىكتە تېڭى يوق ئادەملەردۇر. ئۈچىنچى دەلىل:

نېچە تىغىل قىلسا پۆۋلەپ خىرەلىك،
قىلچان شەمئى ئەنجۇم تاپار تىيرەلىك؟

دەرۋەقە، ئىچى تار ئادەم قانچىلىك تەلۋىلىك بىلەن كۈچەپ پۈۋلىمىسۇن، پەلەك شامى - ئاي ياكى ئاپتاپ بەربىر خىرەلەشمەيدۇ. ھىممەتلىك ئادەممۇ مۇشۇنداق ھادىسىنى ئەسلەتكۈچى كىشىلەرنىڭ قىتغۇرلۇقلىرىغا پەرۋا قىلمايدۇ. لېكىن ھىممەت ئەھلىگە ياۋۇزلۇق قىلىنسا نېمە بولىدۇ؟ نەۋائىي بۇ سوئالغىمۇ دەلىل ئارقىلىق جاۋاب بېرىدۇ: يۈكسەك بىر تاغ ئۈستىدە تولۇنئاي، قەيەردىندۇ بىر يىرتقۇچ قاپلان شۇ تاغ ئۈستىدە پەيدا بولدى. ئۇ ئايغا قاراپ ھۆركىرىشى، چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىشى مۇمكىن، لېكىن سەكرەپ ئۇنىڭغا چاڭ سالالمايدۇ.

تۇتايكىم، بۇيۇك تاغقا چىقسۇن پەلەڭ،
تولۇنئايغا سەكرەپ يەتۇرگەيمۇ چاڭ؟

بۇ سوئالغا ئىختىيارسىز «ياق» دەپ جاۋاب قايتۇرۇسىز، ھىممەتلىك كىشىلەرنىڭ تولۇنئايدەك يالغۇز بولماسلىقىنى، ئۇلارنىڭ سانىنىڭ دۇنيادا يۇلتۇزلاردەك كۆپ بولۇشىنى ئارزۇ قىلىسىز.

ھىممەت زامان - زامانلاردىن بۇيان چىن ئىنسانلىقنىڭ يورۇق شولىسى سانىلىپ كەلگەن. بۇندىن كېيىنمۇ شۇنداق بولۇپ قېلىۋېرىدۇ

**تەمە - تۈنجى «ئوغۇل»**

پارس ئۆلكىسىدىن ئىككى كىشى چىن مەملىكىتىگە قاراپ سەپەر قىپتۇ. ئۇلارنىڭ تەبىئىيتى ۋە نۇقتىئىنەزەرلە-

رى بىر - بىرىگە زىت ئىكەن. بىرى - بارغا شۈكرى قىلىپ ياشىغۇچى قانائەتچان كىشى، يەنە بىرى - ئاچكۆز، دۇنيا پەرەس، تەمەخور ئىكەن. بۇ ئىككى ئادەم ئۇزۇن يول يۈرۈپتۇ. يولدا ئۇلارغا يېرىمى تۇپراققا كۆمۈلگەن بىر تاش ئۇچراپ قاپتۇ. ئۇنىڭ ئۈستىدە خەت بار ئىكەن. ئۇلار خەتنى ئوقۇپتۇ: «كىمكى مۇشەققەتلەرگە بەرداشلىق بېرىپ، تاشنىڭ تەتۈر تەرىپىنى ئاغدۇرسا، ئۇنىڭغا بىر ئەپسانە پۈتۈلگەن. ئەپساندا ئېيتىلىشىچە، شۇ ئەتراپتا بىر ۋەيرانە بار. ۋەيرانىنىڭ تېگى بولسا خەزىنە. مۇشەققەتكە چىدىغان ئادەم شۇ خەزىنىگە ئىگە بولىدۇ.» تەمەخور بۇنى ئوقۇپ، ئارامىنى يوقىتىپتۇ - دە، تاشنىڭ ئاستىنى كولاشقا كىرىشىپتۇ. قانائەتچان كىشى بولسا ئۇنىڭغا پەرۋا قىلماي يولىنى داۋام قىلىۋېرىپتۇ، چۈنكى ئۇنىڭغا خىسلەتلىك شۈكرى - قانائەت ھەمراھ ئىكەن. ئۇ تاڭ ئاتقىچە توختىماي يول يۈرۈپتۇ، تاڭ سەھەردە بىر شەھەرگە كېلىپتۇ، شەھەرگە كىرىدىغان يوللار كۆپ ئىكەن. لېكىن ئۇ ئەڭ يېقىن بىر يول بىلەن شەھەرگە مېڭىپتۇ. ئۇ دەرۋازىغا يېقىنلىشىشى بىلەنلا خالايىق ئۇنى قورشىۋاپتۇ. بۇ ئەلنىڭ قائىدىسىدە، پادىشاھ ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ۋاپاتى سىر تۇتۇلۇپ، كىم سەھەردە بىرىنچى بولۇپ شەھەرگە كىرسە شۇ كىشىنى تەختكە ئولتۇرغۇزۇپ، بېشىغا تاج كىيدۈرۈپ، قولىغا ئۈزۈك تاقايدىكەن. ئۇنى مۇشۇ ئىشنى بېجىرگۈچى ئادەملەر كۈتۈپ تۇرغان ئىكەن. شۇنداق قىلىپ ئۇ مەملىكەتكە پادىشاھ قىلىپ تەيىنلىنىپتۇ. تەمەخورنىڭ تەقدىرى نېمە بوپتۇ دېمەمسىز؟ ئۇ ئۆزىنى راسا قىيناپ، مىڭبىر مۇشەققەت بىلەن تاشنى ئاران بىر تەرەپكە ئۆرۈپتۇ. قارىسا، يەنە ھېلىقىدەك خەت تۇرغۇدەك: «خام تەمە دۇنيادا دائىم ئەلەم ۋە رەنجىش بىلەن تۈگەيدۇ.» نەۋائىي قىتئەلىرىنىڭ بىرىدە يازىدۇ.

كۆپ ئالتۇن، كۈمۈش سارى قول سۇنماغىل،
. كى تۇتساڭ كەفىڭنى قارا رەڭ ئېتەر.
كۆڭۈلدە داغى مەيلىنى ئاسراما،
كى كۆڭلۈڭنى داغى ھەم ئول زەڭ ئېتەر.

بايلىقتا بولغان تەلۋىلەرچە ھەۋەس ۋە ئىنتىلىش ھېلىقى تەمەخور شەخسنى خۇددى شۇ ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغان. ئوقۇرمەن ئۇنىڭ دىلىنى قاپلىغان كىر - قانداقتۇ بىر خىل خۇنۇك چىركىنلىكنى ئۆزىچە تەسەۋۋۇر قىلىپ بېتەلەيدۇ.

ئۇلۇغ تۈرك شائىرى يۇنۇس ئەمرۇ نەپسىنىڭ پەقەت يالغان ۋە نىزا بىلەن شۇغۇللىنىدىغان توققۇز ئوغلىنىڭ بارلىقىنى قەيت قىلىدۇ. پەيلاسوپ شائىرنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ ئوغۇللارنىڭ تۇنجى ۋە بىرىنچىسى تەمەدۇر. ئۇ ئىنسانىي توغرا يولدىن ئازدۇرغاندىن كېيىن ئۇنىڭ كىبىر، دۈشمەنلىك، ھەسەت ۋە تۆھمەت قاتارلىق ئوغۇللىرى ئاندىن ھەرىكەتكە كېلەرمىش. تەمە - مەنپەئەتپەرەسلىكنىڭ خىردىسى. ئۇ ئەقىلنى يالغانچىلىق ۋە مۇناپىقلىققا ئۈندەيدۇ. تەبىئىيكى بۇنىڭدا ئىنسانىيلىق شەنى بۇلغىنىپ، كىشىلىك غۇرۇر خورلىنىدۇ. تەمە يولىغا كىرگەن كۆڭۈل بۆلۈش ۋە ئېرىشىشكە ئىنتايىن ئامراق كېلىدۇ. نەۋائىي تەمەخورنىڭ پەيلىنى «يەپ تويماسنىڭ تاماققا بولغان ئامراقلىقى»غا تەڭلەشتۈرىدۇ. ئەھمەد يەسسەۋىي يازىدۇ:

نەپسىم مېنى يولدىن ئۇرۇپ خار ئەيلىدى،
تەرمۇلتۇرۇپ خەلققە مېنى زار ئەيلىدى.

شائىر بۇ يەردە تەمە تۇغدۇرغان خورلۇق ۋە ئەلەمنى بەكمۇ ئېنىق گەۋدىلەندۈرۈپ بەرگەن. نەۋائىينىڭمۇ «تەمەدە رەزىللىك ۋە ئازاب - ئوقۇبەت بار» دېيىشى بىكار ئەمەس. بىز شۇ رەزىللىكلەرنىڭ ئايرىملىرىنى ئېيتىپ ئۆتەيلى: تەمە ئەڭ ئاۋۋال ئېتىقادنى شىكەستلەيدۇ. ئۇنىڭ تەسىرى بىلەن ئىنسان پاكلىقىدىن، ۋىجدان خالىسلىقىدىن ئايرىلىدۇ. ھەممە نەرسىنى پايدا تارازىسى بىلەن ئۆلچەش ئاقىۋىتىدە، ئۇ «تۆگىنى ئىت ئالدىدا تىز چۆكتۈرۈپ»، «شىرنى»، «قۇرت - قوڭغۇزلار» بىلەن سەپداش قىلىدۇ. «قۇرقۇت ئاتا كىتابى»دا: «كۆڭلى يۈكسەك ئەر خار بولماس» دېيىلگەن. تەمە شۇ پەلسەپىگە تامامەن قارمۇ - قارشىدۇر. ئۇ كۆڭلى يۈكسەكلىكنىڭ ئاپەتلىك دۈشمىنى. كىمدىندۇ تەمەخورلۇق تۇيغۇلىرىنى بايقىسىڭىز مۇنداق ئادەمنىڭ سەممىيىتىگە زادى ئىشەنمەڭ. ئۇلار شائىرمۇ، ئالىممۇ، رەھبەرمۇ بەرىبىر، ھامان مەنپەئەت ۋە شۆھرەتنىڭ قۇللىرىدۇر. بۇنداقلار ھەمىشە ئېرىشىش ئۈچۈن سېتىشقا، ئورۇن ۋە مەرتىۋىگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئىگىلىشكە، ئادىللىق شۇئارى بىلەن ئۇياتسىز يالغاننى بازارغا سېلىشقا ھەر قاچان تەييار تۇرىدىغان كىشىلەردۇر. نەۋائىي بىزنى ھەممە نەرسىنى ئۆز نامى بىلەن ئاتاشقا ئۆگىتىدۇ. شائىر تەمەخورلۇقنى ئەيىبلەپ: «بەلكى دىۋانىدۇر تەمەخور كىشى» دەپ يازغان. گاداي ئۆزىنىڭ قۇللۇقىنى پىنھان تۇتىدۇ، لېكىن ئۇ مەخپىي تۇتۇشقا بولمايدىغان ئىللەتلەردىن ئەمەس نەۋائىي يازىدۇ:

بىرمۇكى، تەمە ئېرىشتەئى قىلغۇسى،
ئۇنىڭ بىلەن بوغرىدىن ئاسلغۇسى.

ئىنسان تەمەسىز كۈن كۆچۈرۈشى مۇمكىنمۇ؟ ئەلۋەتتە مۇمكىن. مېھنەت ۋە زەھمەت ئىنسان قەلبىنى تەمە ھېسلىرىدىن تېنىمسىز تازىلايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن يەنە مەنىۋى ھاياتتا مۇناسىۋەتلىك ئېھتىياجلارنى كۈچەيتىش ۋە كېڭەيتىش، تۇرمۇش تەشۋىشلىرى قاينىمىغا چۆكۈپ قالماسلىق، چوڭ مەقسەتلەر يولىدىكى پائالىيەتچانلىققا ئىنتىلىش كېرەك بولىدۇ. ئەمما تەكىتلەش كېرەككى، تەمە تۇزاقلىرى شۇ چاغدىمۇ ئىنسان كۆڭلىدىن پۈتۈنلەي سۈپۈرۈلۈپ كەتمەيدۇ. نەۋائىي يازىدۇ:

ئەي، نەۋائىي، ئالەم ئەھلىدە تەمەئىسىز يوق كىشى،
ھەر كىشىدە بۇ سىفەت يوقتۇر، ئاڭا بولغاي شەرەف.
سەن ئەگەر تەركى تەمەئى قىلساڭ، ئۇلۇغ ئىشتۇر بۇ كىم،
ئالەم ئەھلى بارچە بولغاي بىر تەرەف، سەن بىر تەرەف.

بۇ يەردە شائىر بۇ ئۇلۇغ نەتىجىگە يېتىش ئۈچۈن غايەت ئۇلۇغ كۈچنىڭ يەنى تازىلىنىش قۇدرىتىنىڭ لازىملىقىنى شەرت قىلىپ قويىدۇ. نەۋائىينىڭ شېئىرلىرىدا تەمەخورلۇقنى تەرك قىلىشنىڭ ئېنىق يولى ۋە ۋاسىتىلىرىمۇ ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئۇلاردىن بىرى رىيادىن ساقلىنىش:

نەۋائىي، تەمەئى تۇخمىن ساچما كۆپ،
رىيا ئاچىقىدىن ئاڭا سۇ ئاچما كۆپ.

دېمەك، رىيا سۇيىسىز «تەمە تۇخۇمى» كۆكەرمەيدۇ. رىياكارلىقنىڭ كۆشەندىسى نېمە؟ ئەقىل ۋە دانالىق. دانالار كۆڭلىدە «تەمە تۇخۇمى» ئۆز - ئۆزىدىن كۆيۈپ كۈلگە ئايلىنىدۇ:

ئەي كۆڭۈل، كۆيدۇر تەمەئى تۇخمىن، تەمەننا مەزرەئىن،
بۇ ئىكىننى چۇنكى ھەرگىز قىلمەدى دانا پەسەند.

ئابدۇراھمان جامىينىڭ «باھارىستان» ئەسىرىدە مۇنداق بىر ھېكايەت بېرىلگەن: ئىتتىن سوراپتۇ: «نېمە ئۈچۈن سەن بار ئۆيگە گادايىنىڭ قەدىمى يەتمەيدۇ، سەن ياتقان بوسۇغىدىن تىلەمچى ئاتلاپ ئۆتمەيدۇ؟»، «مەن تەمەدىن خالىيمەن، - دەپتۇ ئىت، - ماڭا خىزمىتىمگە يارىشا بىر پارچە نان ياكى بىر پارچە ئۇستىخان بولسىلا كۇپايە. گادايچۇ؟ ئۇ ھەمىشە ئاچمەن، دەپ يۈرۈپ تىلەيدۇ. قولى ھەر دائىم كىمگىدۇ سوزۇلغان. خالتىسىدا بىر ھەپتىلىك نان - ئوزۇق، لېكىن ئۆزى ئاچمەن، دەپ زارلانغىنى زارلانغان. تەمەدىن خالىيلىقىم تۈپەيلىدىن تەمەخور بىلەن دوست بولالمايمەن.»

بۇ ھېكايەتتىن، تەمەخور ئادەم ئىتتىنمۇ پەس، ئۇ ئۆزىنى ھەتتا ھايۋان ئالدىدىمۇ خار قىلىدۇ، دېگەن مەنە چىقىدۇ. مەيلى ئىلگىرى - كېيىن بولسۇن ئىنسان كامالىتى ئۈچۈن قايغۇرغان، ئۇنىڭ ئادىمىلىك پەزىلەتلىرىنى قوغدىغان ھەر بىر شەخس سىماسىدا خەلقنىڭ شەۋكەتلىك پەرزەنتلىرىنى كۆرۈش ئىستىكىدە ياشىغان نەۋائىي تەمە توغرىسىدىكى ھەر بىر تەنقىدىي سۆزى بىلەن پەسلىك، قۇللۇق، ئۆز قەدرىنى پايىمال قىلىشتەك غەيرىي ئىنسانىي قىلمىشلارنى قاتتىق قارىلىغان.

مۇھەممەد يۈزۈلىي قىسسەلىرىدىن بىرىدە: «دۇنيادا سۇلتانلار ماڭا ئېھسان تەكلىپى قىلىشمىسۇن، بېشىمدا قانائەت تاجى بار. شۇ خىسلەتلىك تاجنىڭ ئۆزى ماڭا يېتەرلىك» دېگەن ئىدى. شائىرلار شاھلىقتىن قانائەتچان بولۇشنى ئەلا بىلگەن. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، قانائەتچانلىقنىڭ ئۆزى تەڭسىز سەلتەنەت، تەڭدىشى يوق سۇلتانلىق. قانائەتچان كىشى ھەممە تەرەپتىن يەڭگىل ۋە خاتىرجەم. قانائەتچان كىشى «تىنچ ۋە خاتىرجەملىك بىلەن ئىچىلگەن ئوماچ»نى باشقىلارنىڭ ياغلىق پولۇلىرىدىن ئارتۇق كۆرىدىغان ئادەم. ئۇ باشقىلار ھەدىيە قىلغان خەزىنىدىن زەھمەت چېكىپ، مېھنەت بىلەن تاپقان بىر ياغاچ تەڭگىسىنى مىڭ ھەسسە ئارتۇق بىلىدۇ. ئۇ ئاشۇ ئالىيجاناپلىقى ۋە پاكلىقى بىلەن ھەر قانداق ھەممەتلىك زاتتىنمۇ ئۈستۈن تۇرىدۇ.

نەۋائىي تەمەگە قانائەتنى قارشى قويىدۇ. شائىر ئەسەرلىرىدە قانائەت ھەممە ئىنسانىي پەزىلەتلەرنى قوغدىغۇچى، ئىنساننى خورلۇق، مۇھتاجلىق، قەدىرسىزلىك، ئازاب ۋە ئەلەملەردىن ساقلىغۇچى مەنىۋى ئەڭگۈشتەردۇر.

كىمگەكى ئىش بولدى قانائەت فەنى،
بىلكى ئۇنى قىلدى قانائەت غەنى.

قانائەت ئادەمنى مەنەن ۋە روھەن بېيىتىدۇ. ئۇنى خورلۇققا مەھكۇم قىلىدىغان ئېھتىياجلاردىن قۇتۇلدۇرىدۇ. چۈنكى «قانائەت بىر بۇلاقكى، ئالغان بىلەن ئۇنىڭ سۈيى ئۆكسىمەيدۇ. ئۇ بىر خەزىنىدۇركى، ئۇنىڭدىكى بايلىق چېچىلىپ تۈگىمەيدۇ. قانائەت كىشى كۆڭلىگە يورۇقلۇق ۋە ئازادىلىق يەتكۈزىدۇ. قانائەتچان دەرۋىشنىڭ قاتتىق نېنى تەمەخور شاھنىڭ نازۇ - نېمەتلىرىدىن تەملىكرەكتۇر. قانائەتكە ئۆگەنگەن پېقىرنىڭ سۇيۇق ئۇمىچى ئۆچكۆز باينىڭ ناۋاتتۇ - ھالۋىسىدىن شېرىندۇر. ھەر كىم قانائەتكە ئادەتلەنگەن بولسا شاھلىقنىڭمۇ، گادايلىقنىڭمۇ غەم - تەشۋىشىنى بىلمەيدۇ... قانائەت بىر قورغانكى، ئۇنىڭغا كىرسەڭ، نەپسىنىڭ غەلۋىسىدىن قۇتۇلىسەن». ئومۇمەن ئەلشىرنەۋا-

ئىي قانائەتنى ئېھتىياجسىزلىقنىڭ نېگىزى، ئىززەت ۋە شەرەپنىڭ ھەقىقىي تەنتەنىسى، دەپ بىلگەن. دېمەك، قانائەت پەلسەپىسى ھۆرلۈك، قەلب ۋە روھ ئازادلىقى پەلسەپىسىدۇر. ئۇ شەخس ئۈچۈن ئەڭ مۇبارەك ئەركىنلىكتۇر.

### توغرىلىق ـ ئۇلۇغ مەنىۋى كۈچ

چاتقاللىقتا بىر يىرتقۇچ شىر ياشايدىكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ پەرزەنتىنى ئاغزىدا چىشلەپ ئاسرايدىكەن. ئاشۇ چاتقاللىقتا يەنە بىر كەكلىكمۇ بار ئىكەن. شىر بالىسىنى چىشلىگىنىچە چاتقاللىقتا ئايلىنىپ يۈرىدىكەن. ئۈستىدىن پىرقىلىپ ئۇچۇپ ئۆتكەن ھەر قانداق نەرسە ئۇنى چۆچۈتىدىكەن، شۇڭا، ئۇ بالىسىنى ئالىراپ تېخىمۇ قاتتىق چىشلەيدىكەن. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ جىگەر پارىسى بەكمۇ ئېغىر ئازابلىنىدىكەن. بۇ غەم ـ تەشۋىشلەردىن يەتكۈچە تويغان شىر ئاخىرى كەكلىك بىلەن دوستلىشىپ خاتىرجەم بولماقچى بوپتۇ. ئۇ كەكلىككە دەپتۇ: «مېنىڭ ساڭا ھېچقانداق قەستىم ۋە دۈشمەنلىكىم يوق. مېنى ئۆزۈڭگە ئىشەنچلىك دوست بىلگىن. قورقۇشنى يىغىشتۇر. كەل، ھەمدەم ۋە سىرداشقا ئايلىنايلى. خۇرسەنچىلىك چاغلىرىمدا مېنىڭ خۇشاللىقىمغا شېرىك بول. مەنمۇ سېنىڭ نەغمىلىرىڭنى ئاڭلاپ شادلىناي، غەم ـ ئەندىشىدىن خالاس بولاي. شەرتىم شۇكى، ساڭا بىرەر زىيان يەتسە ياكى تەقدىر سېنى ھىيلە بىلەن بەند قىلسا سېنىڭدىن مېھرىمنى ئايىمايمەن. دۈشمىنىڭنى يەر بىلەن يەكسان قىلىمەن». شىر بۇ گەپلەرنى چىن يۈرەكتىن، ساداقەت بىلەن ئىزھار قىلىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئوتتۇرىسىدا دوستلۇق تىكلىنىپتۇ. كەكلىك شىرنىڭ ئەتراپىدا ئەركىن ئۇچۇپ، سايراپ يۈرۈۋېرىپتۇ. كۈنلەر ئۆتۈپ شىر ئۇنىڭ سايراشلىرىدا ساختىلىق بارلىقىنى بىلىپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنى «توغرىلىق ئالدىدا يالغان ئېيتىش گۇناھ» دەپ ئاگاھلاندۇرۇپتۇ. نەسىھەتنى ياقتۇرمايدىغان كەكلىك بولسا ھېچقانداق ئۇيالماي يالغان پىغانلىرىنى تېخىمۇ كۈچەيتىشكە باشلاپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ ئوۋچىنىڭ باسمىقىغا چۈشۈپ قاپتۇ. ئۇ ئۆلەر ھالەتتە: «مېنى قۇتقۇزۇۋېلىڭلار» دەپ چىرقىراپتۇ. ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان شىر ھەتتا پەرۋامۇ قىلماپتۇ. چۈنكى ئۇ، كەكلىك ھەر قاچانقىدەك يالغان زارلىنىشلىرى بىلەن مېنى ئالداۋاتىدۇ، دەپ ئويلاپتۇ. ھالبۇكى، بۇ قېتىم يالغان راستقا ئايلانغان، لېكىن شىردىكى ئىشەنچ يوقالغان ئىكەن. نەتىجىدە كەكلىك جېنىدىن جۇدا بوپتۇ. نەۋائىي بۇ ھېكايەت بىلەن يالغانچىلىقنىڭ ئاقىۋىتىنى كۆرسەتكەن، يەنى يالغانچىلىقنىڭ ئاقىۋەتتە كىشىنى ئۆلۈمگە ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن.

شۇنىڭ ئۈچۈن نەۋائىي سۆزىدە: «نېمە دېسەڭ، چىن دېگىل» دەپ دەۋەت قىلىدۇ. كەكلىك ئۈچۈن يالغان سۆزلەش بىر ئەمەك ئىدى. لېكىن ئۇ ئاخىرى ئۆز ئەمەكىنىڭ قۇربانى بولدى، شۇنداق، يالغانچىلىق ۋەممەدانلىقنىڭ ئاقىۋىتى ئاشۇنداق دەھشەتلىك. ھېكايەتتىن كېلىپ چىقىدىغان يەنە بىر مەنە ئەنە شۇ. قەدىمكى كىتابلاردا: «دۇنيادا بىرلا توغرا ۋە دىيانەتلىك ئادەم بولىدىكەن، قىيامەت قايىم بولمايدۇ» دېيىلگەن ئىكەن. بۇ توغرىلىق دۇنيانىڭ پىلسىبانى، دىيانەتنىڭ بارلىقى ـ ئىنسانىيلىقنىڭ مەۋجۇتلۇقى دېگەنلىكتۇر. مانا شۇنىڭ ئۈچۈن نەۋائىي شېئىرىيىتىدە توغرىلىق ۋە راستچىللىق، ساداقەت، سادىقلىق تۇيغۇلىرى تەرغىباتى كەڭ ئورۇن ئىگىلىگەن.

ئۆزىنى چۈشىنىشكە ھەۋەسمەن ئادەمنىڭ ھايات يولى تۈز ۋە ئاسان بولمايدۇ. بۇ يولدا ئازاب ۋە مۇشەققەتلەرگە ئۇچرايدۇ. روھىي ئازاب ۋە خورلۇقلارنى يېڭىپ ئىلگىرىلەشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ يوللاردا تەقدىر بەزىلەرگە ھەسەل بەرسە، بەزىلەرگە ئوغا بېرىدۇ. لېكىن ئادەم تۇرمۇش ۋە ھايات قىيىنچىلىقلىرى ئالدىدا تىز پۈكۈش ئۈچۈن تۇغۇلمايدۇ. ئۇ ئىگىلىسىمۇ سۇنماسلىق، يېڭىلىسىمۇ مەغلۇپ بولماسلىق ئۈچۈن دۇنياغا كېلىدۇ. بەس، شۇنداق ئىكەن، ئادەم ئى. ھەمىڭۋاينىڭ: «ئىنساننى ئۆلتۈرۈش مۇمكىن، لېكىن ئۇنى يېڭىپ بولمايدۇ» دېگىنىدەك ئېتىقادقا تايىنىشى، شۇ ئېتىقاد يولىدا ئاخىرىغىچە كۈرەشىشى كېرەك. ئېتىقادنىڭ بىر يىلتىزى ـ توغرىلىق. راستچىللىققا تايانغان ئەقىل يېڭىلمەستۇر. ئەلشىر نەۋائىي: «ھەر كىم ئۆزىگە توغرىلىقنى ئادەت قىلغاندىن كېيىن، چەرخنىڭ تەتۈر ئايلىنىشىنىڭ نېمە كارامىتى بار؟» دېگىنىدە نەقەدەر چوڭ ھەقىقەتنى سۆزلىگەن ـ ھە! توغرىلىق ـ ھەممە ھاياتىي ئامەتلەرنىڭ كىلىتى. توغرىلىق ـ ئەلەم ۋە مۇشكۈللۈكلەرنىڭ خۇنۇك قاراڭغۇلۇقىنى ھەيدىمىيدىغان ھارارەتلىك يورۇقلۇق. نەۋائىينىڭ ئېيتىشىچە، كىشى ئالدىدا يۈز ئەمەس، مىڭ مۇشكۈلات تۇرغان تەقدىردىمۇ، مۇبادا ئۇ توغرىلىققا مايىل بولسا، ئۇنىڭ ئىشى يەنىلا يۈرۈشىدۇ.

تۈزلۈككە مايىل ئولكى، ئىشىڭ بارغاي ئىلگەرى،
يۈز مۇشكۈل ئۆلسە يوقسەمەك ئالدىڭدا ھەر زامان.

نەۋائىي بۇ گېپىنىڭ ئىسپاتى ئۈچۈن شۇنداق دەلىللەرنى كەلتۈرىدۇ:

يۈز سەبھە بىر قەلەم بىرلە كاتىب قىلۇر رەقەم،
مىڭ قوينى بىر ھاسا بىرلە ھەريان سۈرۈر شوبان.

قىزىق، كاتىب بىر قەلەم بىلەن يۈزلەپ سەھىپىلەرنى تولدۇرىدۇ، چوپاننىڭ قولىدا بىرلا تاياق، ئۇنىڭ بىلەن مىڭلاپ قويلارنى باشقۇرىدۇ. نېمىشقا شۇنداق؟ بىز بۇنىڭ سەۋەبىنى خىيالىمىزغىمۇ كەلتۈرمىگەنمىز. ھالبۇكى، قەلەمگە ئوخشاشلا چوپان تايىقىنىڭ كۈچىمۇ توغرىلىق - تۈزلۈكتە ئىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن كاتىبقا قەلىمى، چوپانغا تايىقى شۇنچىلىك قەدىردان ۋە سۆيۈملۈك ئىكەن. ئىنسان ئۇلۇغلۇقى توغرىسىدا ھەر تۈرلۈك مۇلاھىزىلەر بولۇۋاتىدۇ، لېكىن بۇيۈكلۈك دەرىجىسى قانداق ۋە ئۇنىڭ نەدىن باشلىنىشى ئېتىبارغا تولۇق ئېلىنماي‌ۋاتىدۇ. دانالىق، تەشەببۇسكارلىق، ئىلمىيلىق ۋە خاراكتېر تۇراقلىقلىقى - بۇلارمۇ ئۇلۇغلۇقنىڭ بەلگىلىرىدىندۇر. لېكىن كىشىدە شۇنچە ئەجايىپ پەزىلەتلەر بولۇپ يالغۇز توغرىلىق يېتىشمىسە، بۇنداق ئادەم بەرىبىر ئادەتتىكى شەخس. ئۇلۇغ بولۇش ئۈچۈن توغرىلىق سۈپىتى بولۇش كېرەك. ئەگرىلىك زېمىنىدا گەۋدىلەنگەن «ئالىيجانابلىق»لار ئۇنۇمسىز يەرگە سېپىلگەن يارامسىز ئۇرۇقتەك بىر نەرسە. ئۇلار بىخ سۈرمەستىن قۇرۇيدۇ. بۇ مەسىلىدە نەۋائىي ئېنىقمۇ ئىبرەتلىك دەلىللەرنى كەلتۈرىدۇ:

بىيىك مەقامغە ئۇلكىم تىلەر سەبات كېرەك،
كى ئەگرىلىك قويۇپ، تۈزلۈك ئەيلىسە قانۇن.
تۈز ئۆلسە سايەسىدە ئەل تىنىپ مىنار كەبىي،
سىپىھر ئېۋىدە تۇرار قەرنلەرنىچۇككى -
گەر ئەگرىدۇر ياغبان ئۇقۇ باغلەنىب بويىن،
بولۇرقەبىق يىغاچىدەك بەش-ئونچە كۈندىمىنگۈن.

دېمەكچىكى بېيىتنىڭ مەنىسى: كىمكى يۈكسەكلىك مەرتىۋىسىنى خالىسا، ئۇ ئەگرىلىكتىن كېچىپ، توغرىلىقنى قانۇنىي ئايلاندۇرۇشى كېرەك. كېيىنكى مىسرادىكى پىكىرلەر تىمسال خاراكتېرىدىدۇر: «توغرا كىشى مۇنارغا ئوخشايدۇ. ئەل ئۇنىڭ سايىسىدا بېنىڭ تىنىنىق ئالىدۇ. مۇنارنى قارا، دۇنيا ئۆيىدە ئۇ ئەسىرلەر مابەينىدە شىپتەك تەۋرىمەي تۇرىدۇ. ئەگەر ئۇ ئەگرى بولغىنىدا، پور ياغاچتەك بويىدىن كېسىلىپ بەش ئون كۈندە يەكسەن بولغان بولار ئىدى.»

نەۋائىي توغرىلىق ۋە ئەگرىلىكنى ئەنە شۇنداق تەمسىل قىلىدۇ. كىمكى يالغان سۆزلەشنى ئۆزىگە راۋا كۆرسە ئۇ ئەرمۇ، مۇسۇلمانمۇ ئەمەس. شائىرنىڭ «ھەيرەتۇل ئەبرار» ئەسىرىدىكى توغرىلىق ۋە راستچىللىققا دائىر مۇلاھىزىلىرى ئېنىقمۇ ئىبرەتلىك. شائىر مۇنداق دەيدۇ: «شام ئۆزىنىڭ توغرىلىقىدىن خۇرسەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ باشتىن - ئاخىر كۆيۈپ تۈگىگىچە نۇر تارقىتىدۇ. چاقماقچۇ؟ ئۇمۇ يالقۇن چاچىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ تەبىئىيتى ئەگرىلىك بولغىنى ئۈچۈن بىر نەپەسلىك يورۇقلۇقتىن كېيىن ئۆچىدۇ. ئىنسان قەلبىدە ھېچ بولمىغاندا توغرىلىق شامى يېنىشى، ئۇ، توغرىلىقنىڭ ماھىيىتىنى مانا مۇشۇنداق مىساللار ئارقىلىق ئېنىق ئىدراك قىلىشى كېرەك.»

نەۋائىي شامغا ئوخشاش توغرىلىقتىن سۆيۈنىدىغان كىشىلەرنى ئېنىقمۇ كۆپ كۆرۈشنى ئارزۇ قىلغان. لېكىن بۇنداق ئادەملەرنىڭ بەكمۇ ئازلىقىدىن ئەپسۇس چەككەن. يالغانسىز ياشاشنىڭ قىيىنلىقىنى ئوبدان بىلىدىغان شائىر: «ئادەم يالغان ئېيتىسمۇ ئازراق ئېيتسا! قېنى ئەمدى شۇنداق ئادەملەر بىزنىڭ زامانىمىزدىمۇ تېپىلسا. بىز شۇنداق زامان ئادەملىرىگە مۇپتىلا بولغانمىزكى، ئۇلارنىڭ ئالدىدا راستچىللىقتىن يامان نەرسە يوق» دەپ نالە قىلىدۇ. ئەمما نەۋائىي يالغانغا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن قارشى. شۇڭا، ئۇ ھەر قانداق ۋەزىيەت ۋە زورۇرىيەت ئالدىدىمۇ يالغان ئېيتماسلىقنى تەكىتلەيدۇ.

ئىنسان توغرىلىقنى ئۆگەنسە، توغرىلىق ئۇنىڭغا باشقا نۇرغۇن زورۇر پەزىلەتلەرنى ئۆگىتىدۇ. توغرىلىقنى گۈزەل خۇلقلارنىڭ ئەڭ گۈزىلى دېيىش مۇمكىن. ئۇ قولنى ئەركە چاقىرىدۇ. پۈكۈلگەن، ئېگىلگەن قامەتلەرنى رۇسلايدۇ. توغرىلىق ئېتىقادىغا تايانغان يۈرەك بەختتىكىمۇ، بەختسىزلىكتىمۇ توغرا نەزەردە قارايدۇ. ئەڭ مۇھىمى ئۇ ئالدانمايدۇ. يالغان خۇشاللىق، ياسىما ھەۋەسلەر توغرىلىق يالقۇنىدا گويا قۇرۇغان غازاڭدەك يانىدۇ، كۈل بولۇپ سورۇلىدۇ.[1]

## ئىچىملىك - ئەپيۇنلۇق سۈيى

كىم ئەيلىسە ساقىي گۈلئەندام تەمەئ،
ئاندىن سوڭ ئەگەر تەقۋىيو ئىسلام تەمەئ،
ئىلكىدىن ئانىڭ ساغەرى گۈلفام تەمەئ.
ئەيلەر ئولسا ئول مەردەك ئېرۇر خام تەمەئ.

ئىسلام قائىدىلىرى بويىچە مەي ھارام، مەيخورلۇق گۇناھ ھېسابلىنىپ، مەيخورلۇق دىن پېشىۋالىرى بىلەن دۆلەت كىشىلىرى تەرىپىدىن مەنئى قىلىنغان. لېكىن شەرىئەت قائىدىلىرىنى قوغدىغۇچى بۇ كاتتىلار ئاۋام خەلقتىن

[1] توغرىلىق بىردىنبىر مەنىۋى كۈچ. توغرىلىقنىڭ ھەر بىر ئىپادىسىدە شىجائەت ئەكس ئېتىدۇ. ئادەم دېگەن ئۇلۇغ چۈشەنچە ئىلىسىدا راستچىللىق ۋە توغرىلىق ياتىدۇ. بۇلارسىز ئىنسان پەرزەنتى ھەر قەدەمدە ھاياتنىڭ ئەگرى، كەيىپ - سىياپلىق كوچىلىرىدا تەمتىرەپ ئۆزىنى ئۆزى خارلىق ھاڭغا ئىتتىرىدۇ.

ھېچبىر تەپتارتماي پىنھان رەۋىشتە شارابخورلۇق بىلەن
مەشغۇل بولۇشقان. رۇبائىيدا شۇ خىلدىكى ئىككى يۈزلە-
مىچىلىككە قارشى گەپ قىلىنغان. شائىر (نەۋائىي) ئېيت-
ماقچىكى، كىمىكى ساقىيۇ گۈلئەندام قولىدىن گۈلگۈن
شاراب تامىلىسىدا بولۇپ، يەنە ئىسلام تەرىقىتى ۋە شەرىئەت
نامىدىن لاپ ئۇرۇپ، دىنىۇ دىيانەتكە دەۋاگەر بولسا، بۇ
پۈتۈنلەي خام تەمە قىلىشتۇر. بۇنداق شېئىرلاردا نەۋائىي-
نىڭ مەي ۋە ئۇنىڭ ھايات بەخش پەزىلەتلىرىنى قەدىرلە-
گەنلىكى ئۆز - ئۆزىدىن بىلىنىپ تۇرىدۇ. نەۋائىي مەينى
خۇشاللىق مەنبەسى، دۇنيانىڭ غەم - قايغۇلىرىنى بىر
تەرەپ قىلىدىغان ھاياتىي نېمەت تىمسالىدا مۇھاكىمە قىل-
غان. شائىرنىڭ لىرىك قەھرىمانى ھىجران ۋە ئايرىلىشنىڭ
ئېغىر ئازابلىرىنى مەي بىلەن بېكىش ئىستىكىدە ياشايدۇ.
زامان زۇلمى، دەۋر ئەھلىنىڭ جەبرۇ - جاپالىرى مەي
ئىچكەندە ئۇنىڭ خىيالىدىن كۆتۈرۈلىدۇ. ئەمما، مەي ماۋزۇ-
سىدا قانچە كۆپ گەپ قىلىنغان بولسىمۇ، نەۋائىي ھېچقا-
چان ئادەملەرنى تەلۋىلەرچە مەيخورلۇق، ئەخمىقانە قەدەھ-
بازلىققا دەۋەت قىلمىغان. ئەكسىچە، ئىنسانپەرۋەر شائىر:
شارابخورلۇق ئىنسان كامالىغا زىيان سالىدىغان ئىش، ئى-
چىملىككە ھەۋەس ئارتقانسېرى ئادىمىلىك سۈپەتلىرى كې-
مىيىپ، ھەتتا يوقىلىپ بارىدۇ، دەپ كايىغان. شۇنداق
مەنزىرىنى كۆز ئالدىڭىزغا كەلتۈرۈڭ: مانا بىر مەست ئادەم.
ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرى زادى قولاشمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە
شۇنچىلىك بىمەنە، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇ كوچا بالىلىرىغا
مەسخىرە. بالىلار خۇددى ساراڭغا تىلش ئاتقاندەك، ئۇنىڭغا
تىلش ياغدۇرىدۇ. مەيخانىدىن توغرا كوچىغا چىققان بۇ
مەستنىڭ ئۈستىبېشىغا قاراپ بولمايدۇ، پېشانىسى يېرىلغان،
يۈزلىرى كۆكەرگەن، بېشى يالاڭ. «يامان ئىتتەك ئادەملەر-
گە ئۆز - ئۆزىدىن ھەيۋە قىلىدۇ.» مەستلىكى غالىب
كەلگەنسېرى ئۇ ئۆزىنى باشقۇرالمايدۇ. بېشى قايغان تەرەپ-
كە كېتىۋېرىدۇ. بالىلار خۇددى قىزىق بىر تاماشىغا ئۇچرى-
غاندەك ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگىشىدۇ. مەست بولسا كەينى
- كەينىدىن يىقىلىپ، ئاخىرى ئورنىدا سوزۇلۇپ ياتىدۇ
- دە، ئوخچۇپ - ئوخچۇپ قۇسىدۇ. مەستنىڭ يۈز -
كۆزى قۇسۇق بىلەن بۇلغىنىدۇ. كېيىن نەدىندۇر بىر ئىت
پەيدا بولىدۇ. كۆرىمىزكى، ئۇنىڭ ئىپلاس بەشىرىسىنى
ئىت يالاپ، تازىلاشقا باشلايدۇ. مەستلىك ئۇيغۇسى تارقى-
غاندىن كېيىن، ئۇ ئەتىسى يەنە شۇ كونا خويىغا قايتىدۇ.
بۇ قېتىم ئۇ يانچۇقىدىكى ھەممە پۇلىدىن ئايرىلىدۇ. ئۆ-
لۈكتىن كېيىن تىلىگەندەك، يول توسار بۇلاڭچىلار ئۇنىڭ
كىيىمىنىمۇ سالدۇرۇپ ئالىدۇ. مەست بىلە - بىلمەي ئۆز
ئۆيىنى ئىزدەيدۇ، تاپالمايدۇ. ئەمما سەنتۈرۈلگىنىچە بېشى
قايغان تەرەپكە قاراپ ماڭىۋېرىدۇ. ئۆز جېنىغا، ئۆز ئىمانىغا
زۇلۇم سېلىش بۇنىڭدىن ئارتۇق بولامدۇ؟ گەپ شۇنىڭدى-
كى، شۇنچە شەرمەندىلىكلەردىن كېيىن ئۇنىڭ كۆڭلى
قىلچىمۇ خىرەلەشمەيدۇ. خىجالەت ئۇنى قىينىمايدۇ. چۈن-
كى: «ھاراق ئادەمنى ئىپلاس، يىرگىنىشلىك، يالغانچى
قىلىپ قويىدۇ» دېگەندەك بۇنداق ھاللاردىن زادىلا نومۇس
ھېس قىلمايدۇ.

يۇقىرىقى مەنزىرە - تارىخىي مەنزىرە. ئەلشىر نەۋا-
ئىينىڭ «ھەيرە تۇل ئەبرار» داستانىدىمۇ مەست دەل شۇ
خىلدا سۈرەتلەنگەن. لېكىن ئەينى پەيتتە ئۇ بۈگۈنكى
ھاياتىمىزدىن ئېلىپ كۆرسىتىۋاتقاندەك بىلىنىدۇ.

ئەلشىر نەۋائىي: «ئىچىملىك ھەم دەرد ئوتى، ھەم
ئەپسۇسلۇق سۈيىدۇر» دەيدۇ. ھەقىقەتەنمۇ شۇنداق. ئى-
چىملىككە بېرىلگەن ئادەم ئۆزىنى ھەر خىل دەرد ۋە
ئازابلارغا، پەسلىك ۋە خورلۇقلارغا گىرىپتار قىلىدۇ. ئەپ-
سۇس ۋە پۇشايمان ئوتى ئىچىدە كۆيىدۇ.

ئىبنى سىنامۇ تىۋىپ سۈپىتىدىمۇ، سەنئەتكار سۈپى-
تىدىمۇ ئىچىملىككە بېرىلىشنىڭ ئىنسان ساغلاملىقى بىلەن
ئۇنىڭ كىشىلىك ئىززىتىگە بولغان زىيىنىنى ئالاھىدە كۆر-
سىتىپ ئۆتكەن. ئۇ رۇبائىيلىرىنىڭ بىرىدە مۇنداق دەپ
يازىدۇ: «مەي مەستنىڭ دۈشمىنى، ھوشيارنىڭ دوستىدۇر.
ئازى دورا، كۆپى يىلان زەھىرىدۇر.»

ئىبنى سىنانىڭ بۇ پىكرى ئۇنىڭدىن كېيىن ياشاپ
ئۆتكەن شائىر، يازغۇچىلار تەرىپىدىن ئۆزىگە خاس شەكىل-
لەردە داۋام ئەتتۈرۈلگەن. مەشھۇر ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلى-
رىدا: «ئاز - ئاز ئىچ، گاھ - گاھ ئىچ، پىنھان ئىچ»
دەپ ئىبنى سىناغا ھەمئاھاڭ بولغان. نەۋائىينىڭ پىكرىچە،
مەيگە بېرىلىش سالامەتلىكنى كاردىن چىقىرىپلا قالماستىن،
بەلكى كىشىنىڭ ئىنسانىي سۈپەتلىرىنى يېمىرىدۇ. شۇ زە-
ھەرنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن ئەدەبسىزلىك، يالغانچىلىق،
جىنايەتكارلىق ئىللەتلىرى كۆپىيىدۇ. ئارتۇقچە ئىچىش ئىن-
ساننى ئىختىيارىي رەۋىشتە ھايۋانغا ئايلاندۇرىدۇ. كۆپىنچە
كىشىلەر بۇنداق چاغدا ئۆزلىرىنىڭ ئىمان ۋە ۋىجدانلىرىنى
مەيگە قوشۇپ ئىچىۋېتىۋاتقانلىقلىرىنى بىلمەيدۇ. ئىنسان
ئەقىل ۋە يۈرەك چىرىقىنىڭ خىرەلىشىشىنى خالىمىسا، ئۇ
ھالدا ئىچىمسىلىكى كېرەك. جاھالەت، رىياكارلىق، بالغانچى-
لىقتىن كىرلىنىشنى نومۇس بىلىدىغان ئادەم ئىچكىلىكتىن
ھەزەر قىلىشى لازىم.

---

ئاپتورنىڭ ئۆزبېكچە: «زەنجىرلەنگەن شىر قېشىدا»
ناملىق كىتابىدىن قىسقارتىپ تەييارلىغۇچى:

**مۇھەممەت پولات**

# ئەخلاق باغچىسىدىن گۈلدەستە

مۇھەممەت ئوسمان ھاجى

ئەجدادلىرىمىز دۇنيانىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىنى تولا كۆرۈپ، تەجرىبە - ساۋاقلارنى ھاسىل قىلغان ۋە پىشقان. دوختۇرلار كېسەللەرگە دورا تەييارلىغاندەك ئەجدادلىرىمىزمۇ خارلىنىشقا سەۋەب بولىدىغان ئەخلاقسىزلىق كېسەللىرىگە ئۆز تەجرىبىلىرىدىن پەزىلەت دورىلىرىنى تەييارلاپ، بىزنى ئېسىل ئەخلاق، ياخشى مىجەز - خۇلققا ئۈندىگەندۇر. «ئەخلاق باغچىسىدىن گۈلدەستە» ناملىق بۇ ئاددىي ئەسەرنى بىر نەچچە يىلدىن بېرى ئۆز بېشىمدىن ئۆتكۈزگەن تەجرىبە - ساۋاق، خاتىرە - خاتىملەرنى يەكۈنلەش ئاساسىدا ياش ئەۋلادلارغا يالداما بولۇرمىكىن، دېگەن ئۈمىدتە يازدىم. بەلكىم يازغانلىرىم كۆڭۈلدىكىدەك بولمىغان بولۇشى مۇمكىن. لېكىن كەلگۈسىدە دوست - بۇرادەرلىرىم ۋە ياش ئەۋلادلارنىڭ مىللىتىمىزنىڭ ئېسىل ئەخلاق - پەزىلەتلىرى ھەققىدە ئاجايىپ نادىر ئەسەرلەرنى يېزىپ چىقىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

— ئاپتوردىن

### ئىنساننىڭ كامالەتكە يېتىشى

ئىنسان ئۆزىدە ئەدەب - ئەخلاق، ئىلىم - مەرىپەت، ھۈنەر - كەسىپ ۋە ياخشى خىسلەتلەرنى ھازىرلىغاندىلا كامالەتكە يەتكەن بولىدۇ. ئادەم بالىسىنىڭ ھايۋاندىن پەرقى - ئۇنىڭ ئەقىل بىلەن ئىش قىلىدىغانلىقىدىدۇر. ئادەمنىڭ قىممىتى ئۇنىڭ قىلغان ئىشىغا باغلىق بولىدۇ. دېمەك، كىشىگە بىر ئالاھىدە بولغان ئىلمىي - ئەخلاقىي سۈپەتنىڭ قوشۇلىشى ئۇنىڭ قىممىتىنى يەنىمۇ ئاشۇرىدۇ.

بىر ئادەم ئەدەب ۋە ئېسىل خۇلق ئىگىلىسە، ئىلىم ئۆگەنسە ياكى ھالال كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىپ پۇل تېپىپ ئىلمىي تەشكىلاتلار، مەكتەپ، دوختۇرخانا، كۈتۈپخانا، يېتىم - يېسىرلارنى تەربىيىلەش ئورۇنلىرىغا ئىنئام - ئېھسان قىلسا كاتتا ھۆرمەت ۋە ئىززەت تاپىدۇ. ئۇ، ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىنمۇ نام - شەرىپى ئەل - جامائەتنىڭ ئاغزىدىن چۈشمەيدۇ.

بۇنىڭ ئەكسىچە، بىر كىشى ئەدەبسىز (قىلىقسىز)، ئىلىمسىز ۋە ھۈنەرسىز ئۆمۈر كەچۈرسە، بۇ دۇنيادا ھېچقانداق نام - نىشانى ۋە ئېتىبارى بولمايدۇ. ئۆلگەندىن كېيىن كىشىلەر تەرىپىدىن تامامەن ئۇنتۇلىدۇ.

ھەر قانداق كىشى تېنى سالامەت، پۇرسەت بار ۋاقتىدا ئىلىم ئۆگىنىشكە كىرىشمەك كېرەك، خۇسۇسەن ياشلار ئۈچۈن ئىلىم ھاسىل قىلىش تېخىمۇ زۆرۈردۇر. چۈنكى ياشلىق ۋاقىت دۇنيادىكى ھەر قانداق نەرسىدىن قىممەتلىكتۇر. شۇڭا، ئۇنى چوڭ پۇرسەت ۋە غەنىيمەت بىلمەك كېرەكتۇر. بۇ پۇرسەت ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن قانچىلىك ئەپسۇس قىلىنسىمۇ پايدا بەرمەيدۇ ۋە قانچىلىك مال - دۇنيا سەرپ قىلسىمۇ قايتۇرۇۋالغىلى بولمايدۇ.

### ئەدەب - ئەخلاق ھەققىدە

ئۇيغۇرلار قەدىمدىن تارتىپ باللىرىغا ئەدەب - قائىدە ئۆگىتىپ، ئۇنى «قىلىق - خۇي» دەپ ئاتاپ كەلگەن. ئەدەب ۋە ياخشى قىلىق پۈتكۈل ئىنسانغا خاس سۈپەتتۇر. ئەخلاق ئىككى خىل بولىدۇ. بىرى، ئېسىل ئەخلاقىي قىلىقلار، يەنە بىرى ناچار پەس ئەخلاق ۋە قىلىقسىزلىقلاردۇر.

ئەخلاق ئىگىسىگە ئاز سۆز كۇپايە قىلىدۇ. ئەمما ئەقىلسىز كىشىگە ھەر قانچە كۆپ سۆزمۇ كار قىلمايدۇ. بىر كىشىنىڭ قانداقلىقىنى بىلىشتە مۇھىمى ئۇنىڭ ئەخلاق - پەزىلىتىگە قاراش كېرەك.

### ئەدەب

ئەدەب - جەمئىيەتنى ئىدارە قىلىش يولىدىكى قائىدىلەر بولۇپ، يامان سۆز، يامان ئىشلاردىن ئۆزىنى يىغماق، ئۆزىنىڭ ھەم كىشىلەرنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى ساقلاپ، ئابرويىنى تۆكمەسلىكتۇر. بىلىش كېرەككى، ئادەمنىڭ مەرتىۋىسى ئۇنىڭ ئەدەب - ئەخلاقىدىن كېلىدۇ. ئاتا - ئانا، ئۇستاز، ئىلىم ئەھلى، پېشقەدەملەر، ساۋاقداشلار ئالدىدا ئەدەبلىك بولۇش - ھەر بىر كىشىدە بولۇشقا تېگىشلىك پەزىلەتتۇر. ھەققىي ئادەم ئەدەب «قېلىپى»غا چۈشكەن بولىدۇ.

### بىلىم

بىلىم - بىلمىگەننى بىلمەك ۋە ئۆگەنمەكتۇر. ئۇ، ئىنسان ئۈچۈن ئۇلۇغ بىر زىننەت، شۇنداقلا بارچە پەزىلەتنىڭ گۈلتاجىدۇر. بىلىم ئېلىشتىن مەقسەت - دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئۆزىگە پايدىسى ياكى زىيىنى بولغان نەرسىلەر-

نى بىلىش بولۇپ، ئۇ پەقەت ئىنسانلارغىلا خاس سۈپەت-
تۇر. ئىلىمدارلار بىلەن نادانلار ھەرگىزمۇ تەڭ بولالماي-
دۇ. بىلىملىك ئادەم ئۇستازمۇ، ئىجادكارمۇ، ناتىقمۇ،
ئۇستىمۇ، تىلماچمۇ ... ھەممە - ھەممىسى بولالايدۇكى،
قولىدىن ھېچ ئىش قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. ئىلىم ئەھلى
خۇددى مېۋىلىك دەرەخلەرگە ئوخشاش ئېگىلىپ تۇرىدۇ
ۋە پۈتۈن مەۋجۇداتلارغا نەپ بېرىدۇ.

## ھېكمەت

ھېكمەت - بارلىق مەۋجۇداتلارنىڭ ئومۇمىي ئەھۋا-
لى - سىرىنى تېگى - تەكتىگىچە، ئىنچىكىلەپ، ۋايىغا
يەتكۈزۈپ بىلمەك ۋە ئويلاپ - ئەقىل بىلەن سۆزلىمەك-
تۇر.

## مۇلايىملىق

مۇلايىم كىشى - كەمتەرىن، سىلىق، ئاداۋەت تۇت-
مايدىغان، ئەپۇچان، ياخشى نىيەتلىك كېلىدۇ. مۇنداق
سۈپەتلىك كىشىگە ھەممە ئادەم ئامراق بولىدۇكى، ئۇنىڭ
سۆزلىرى ئۆتۈملۈك ۋە قوبۇل قىلارلىق بولىدۇ.
مۇلايىملىق غەزەپنى ھەر چاغدا مەغلۇپ قىلىدۇ.
باتۇر كىم؟ دەپ سورىغۇچىغا ئاقىللاردىن بىرى: باتۇر
ئاچچىقى كەلگەندە غەزىپلەنمەي ئۆزىنى تۇتقان، غەزىپىنى
ئىچىگە يۇتقان كىشىدۇر، دەپ جاۋاب بەرگەنىكەن.
ھېكايە قىلىنىشىچە، مەشھۇر شاھلاردىن بولغان پو-
ساخاننىڭ ئىلكىدە ناھايىتى ئېسىل، كۆركەم بىر دانە
گۆھەر بار ئىكەن. شاھ ئۇنى ئۈزۈك قىلدۇرماقچى بولۇپ
زەرگەرگە بېرىپتۇ، لېكىن زەرگەر ۋەدە قىلغان كۈنى
پۈتۈپ كېلەلمەپتۇ. شاھ كىشى ئەۋەتىپ ئۇنى ھوزۇرىغا
چاقىرىپتۇ. لېكىن قورقۇشتىن چىرايى تاتارغان، دىر -
دىر تىترەپ تۇرغان زەرگەرنى كۆرگەن شاھ ئۇنىڭدىن
قورقۇشنىڭ سەۋەبىنى سورىغانىكەن، «گۇناھىمنى ئېيتاي
دېسەم، ئالىيلىرىنىڭ غەزىپىدىن قورقىمەن» دەپتۇ زەرگەر.
شاھ تەبەسسۇم بىلەن: «ھەرنە گۇناھ قىلغان بولساڭ
ئۆتتۈم» دەپتۇ. زەرگەر قويىنىدىن ياغلىققا ئورالغان ۋە
تۆت پارچە بولۇپ كەتكەن گۆھەرنى ئېلىپ كۆرسىتىپتۇ.
بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن شاھ غەزىپلىنىشنىڭ ئورنىغا كۈلۈپ
تۇرۇپ: «ئۇنداق بولسا ھەر پارچىسىدا بىردىن تۆت دانە
ئۈزۈك ياسىغىن» دەپتۇ. شاھنىڭ بۇ مۇلايىملىقى زەرگەر-
نى ۋە بۇ ئەلنىڭ جىمىكى پۇقرالىرىنى زوقلاندۇرۇپتۇ ۋە
سۆيۈندۈرۈپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن شاھنى ھەممە ھىمايە
قىلىدىغان بوپتۇ. مانا بۇ مۇلايىملىقنىڭ نەتىجىسى. ئەگەر
ئۇ زەرگەرگە غەزەپ قىلغان بولسا ئەلنىڭ ھىمايىسىدىن
ئايرىلىپ قالغان بولاتتى.

نوشىرۋان ئالىملىرىدىن مۇلايىملىق ھەققىدە سورى-
غاندا، ئۇلار مۇنداق جاۋاب بەرگەنىكەن:
- مۇلايىملىقنىڭ تەبىرى نېمىدۇر؟
- مۇلايىملىق - كىشى مىجەزىنىڭ تۈزى دېمەك-
تۇر.
- مۇلايىملىقنىڭ نىشانىسىچۇ؟
- بىرىنچىدىن، كىشىگە سىلىق گەپ بىلەن جاۋاب
بېرىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، غەزەپناك كىشىنى ئۆز ياۋاشلىقى
بىلەن خىجىل قىلىدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، كىشىدىن جىنايەت
سادىر بولغاندا جازالاش قۇدرىتى بار تۇرۇپ غەزىپىنى
ئىچىگە يۇتۇپ، گۇناھكارنىمۇ، ئۆزىنىمۇ خۇش قىلىدۇ.

## سەۋرچانلىق

سەۋر - ھاياتلىقتا ئىنسانغا بولۇشقان بالالارغا چىدى-
ماق، ھەر ئىشتا ۋە ھەر ۋاقىتتا ئۆزىنى تۇتماق دېمەكتۇر.
ھەر ئىشتا ۋە ھەر ۋاقىتتا سەۋرى قىلماق ئېسىل
ۋە ياخشى خۇلقلاردىن بولۇپ، ھەر ۋاقىت سەۋرچانلىق
بىلەن ئىش قىلغان كىشى مۇرادىغا يېتىدۇ.
سەۋرچان كىشى بېشىغا بالا كەلگەندە ياكى بىرەر
كىشىدىن جەۋرى - زەرەر كۆرگەندە سەۋر قىلالىسا (ئۆ-
زىنى تۇتالىسىلا) كېيىن بۇ سەۋر - تاقەت خۇشاللىققا
سەۋەبكار بولىدۇ، ئەجرى نەتىجىگە ئېرىشىدۇ. جەۋرى ۋە
زەرەر يەتكۈزگەن ئادەم پۇشايمان قىلىدۇ، ئۆيىتىدۇ. بۇ،
تەجرىبىدىن ئۆتكەن.
لېكىن تۆۋەندىكى يەتتە ئىشتا ئۇيغۇرلار قەدىمدىن
سەۋر قىلىش (كېچىكىش)قا بولمايدۇ، دەپ قارايدۇ:
بىرىنچى، گۇناھدىن پۇشايمان قىلىشتا؛ ئىككىنچى،
قەرزنى تۆگىتىشتە؛ ئۈچىنچى، مېھماننى ھۆرمەتلەش ۋە
كۈتۈۋېلىشتا؛ تۆتىنچى، ئۆلۈكنى دەپنە قىلىشتا؛ بەشىن-
چى، ناپاك بولسا يۇيۇنۇشتا؛ ئالتىنچى، بالىلار بالاغەتكە
يەتكەندە ۋاقتىدا ئۆيلۈك قىلىشتا؛ يەتتىنچى، چېكىدىن
ئاشقان زۇلۇمغا.
بۈيۈك تۈرك شاھى بوقاخان ئەمىرلىرىگە: «قاچانكى
شۇ كىشىلەرنى سەۋرچانلىقى ۋە مەردانىلىقى بىلەن سىناپ
كۆرمىگۈنچە، كىشىلەرنىڭ سۈرىتى، تۈرقى، قىياپىتى ۋە
نەسلى نەسەبىگە گول بولماڭلار، ئاغزىدىكى تۆت ئېغىز
لاپقا يۇتمەڭلار!» دەپ ئېيتقانىدى.
سەۋر - ئالاھىدە بولغان بىر خىسلەتتۇر. سەۋرچان
كىشى قايغۇ - ھەسرەت ۋە دىشۋارچىلىقلارنى مەنسىتمەي-
دۇ.
سەۋر بولمىسا باشقا ئېسىل خۇلقلارمۇ بولمايدۇ.
ئىنسانلارنىڭ ئۈستىگە كەلگەن ئاپەتلەرنىڭ تولىسىنىڭ

سەۋەبى سەۋر ۋە چىدامنىڭ يوقلۇقىدىن ياكى ئۇنىڭ زەئىپلىكىدىن بولىدۇ.

ھېكايەت: قەدىمدە خىزىرخان ئۆزىنىڭ ئەمىرلىدىن بىرىنى چاقىرىپ، موڭغۇللارنىڭ ھۇجۇمىنى چېكىندۈرۈش ھەققىدە مەسلىھەتكە ئولتۇرغاندا گىلەم ئاستىدىن چىققان بىر چايان ئەمىرنىڭ كىيىمى ئىچىگە كىرىپ يوتىسىنى چېقىپتۇ. ئەمىر سەۋر قىلىپ، تۇرقىنى ئۆزگەرتمەي خاننىڭ مەسلىھەتىگە جاۋاب بېرەلىپ بولغاندىن كېيىن تازىم بىلەن ئورنىدىن چىقىپ ئاندىن كىيىملىرىنى يېشىپ، چاياننى ئۆلتۈرۈپ ئارام ئاپتۇ. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن خان بۇ ئەھۋالنى ئۇقۇپ، بۇ ئەمىرنى چاقىرتىپ كېلىپ:

— ئەي ئەمىر! كىشى ئۆزىنى ھەر قانداق زەھەرلەردىن ئاسراش ۋاجىبتۇر. نېمە ئۈچۈن چايان تېنىڭنى چاققاندا دەرھال ئۇنى ئۆلتۈرۈپ سالامەتلىكىڭنى ئەسرىمىدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئەمىر جاۋاب بېرىپ:

— بۈگۈن مەن مېنى چاققان بىر چاياننىڭ زەھىرىدىن قورقۇپ، سېنىڭ مەن بىلەن ئۆتكۈزۋاتقان سۆھبىتىڭگە دىخلى يەتكۈزسەم تاڭلا قالماقلار بىلەن بولىدىغان جەڭنىڭ زەھەرلىك تىغىغا قانداقمۇ چىداش بېرەلەيمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. بېرىلگەن بۇ جاۋاب خانغا مەقبۇل كۆرۈلۈپ، ئەمىرنىڭ مەرتىۋىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭغا ئەمىرلەر ئەمىرى (ئەمىرىل ئۇمرا) ئۇنۋانىنى بېرىپ تارتۇقلاپتۇ.

ئەمىر ئاز ۋاقىت كۆرگەن رىيازەتكە سەۋر قىلىش بىلەن يۇقىرى مەرتىۋىگە مۇشەررەپ بولغانىكەن.

## كەمتەرلىك - تەۋەززۇلۇق

تەۋەززۇ - ئۆزىنى كىشىلەر ئالدىدا تۆۋەن تۇتۇپ، كەمتەرلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىش دېگەنلىكتۇر. كىشى ئۈچۈن ھەر قاچاندا ئۆزىنى كەمتەر تۇتۇش - كۆركەم خۇلقتۇر. بۇ، ئىنساندا بولۇشقا تېگىشلىك ئېسىل پەزىلەتتۇر.

سامانى شاھلىرىدىن ئىبنى ئەھمەد ئوغلىغا ۋەسىيەت قىلىپ: «... مېنىڭ ھاياتىمدا كەمتەرلىك - مەردانىلىك بىلەن قولغا كەلتۈرگەن سەلتەنەتىم، بايلىقىم، ئەسكىرىم ساڭا قالدۇ. بۇنى قولۇمدا تۇرسۇن دېسەڭ، سەلتەنەتنىڭ ئۆمۈرلۈك بولۇشىدىن ئۈمىد كۈتمە - ئۇ بىر كۈن ۋەيران بولىدۇ. ئۈمىد كۈتىدىغىنىڭ كەمتەرلىك بولسۇن. خەزىنىگە تايانما - ئۇنىڭغا زاۋال يەتكۈسى، مەردانىلىككە تايان. لەشكەرگە ئىشەنمە، بۇيرۇقۇڭدا بولۇۋەرمەيدۇ. خۇداغا ئىشەن» دېگەنىكەن.

ھەر قانداق ئىشنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشىغا ئىككى سۈپەتنىڭ جۇغلىنىشى لازىم:

1. كەرەملىك (كەڭ قورساق بولۇش)
2. تەۋەززۇلۇق (كەمتەر بولۇش)

مۇشۇ ئىككى سۈپەت ئادەمدە ھازىرلانسا، ئۇنىڭ مەرتىۋىسى ئۆسۈپ بارىدۇ.

كەمتەرلىكنىڭ ئالامىتى شۇكى: ئۇ، خاھى ئالىم، خاھى پېقىر، خاھى سالىھ بولسۇن ھەممىنى دوست تۇتۇپ، ئۇلارغا نەپ يەتكۈزىدۇ، خۇش مۇئامىلە قىلىدۇ.

شۇڭلاشقا، ھەر بىر كىشى بۇ پەزىلەتنى ئۆزىگە ئادەت قىلىشقا تېگىشلىكتۇر. تەۋەززۇلۇق كىشى دۈشمەنلىرى ئالدىدا غالىب بولىدۇ، ئەل - جامائەت ئالدىدا مەرتىۋىسى ئاشىدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئەلدىن ئۇياتماي كىبىر - تەممەننا قىلغانلارنىڭ يۈزى چۈشۈپ، مەرتىۋىسى تۆۋەنلەپ، ئاخىر خارلىقتا قالىدۇ.

## كۆيۈمچان بولۇش

كۆيۈمچانلىق، رەھىم - شەپقەت دېگەن كىشىلەرگە رەھىم قىلماق، يېتىم - يېسىر، ئىلاجىسىز، بىچارە، غېرىب ۋە دىلى سۇنۇق - دەردكە شېرىكلەرنىڭ كۆز يېشىنى مەرھەمەت قولى بىلەن ئېرتماق - سۈرتمەك دېمەكتۇر.

ئىنساننىڭ سائادەت ۋە سالامەتى بالا - چاقىلىرىغا كۆرسەتكەن شەپقەت، كىشىلەرگە قىلغان مەرھەمەتكە باغلىقتۇر.

شەپقەت ۋە مەرھەمەت قىلمايدىغان ئادەم خەلقنىڭ ھۆرمىتىدىن مەھرۇمدۇر. ئۇ دائىم غەم - ئەندىشە، خاپىلىق بىلەن ئۆمرىنى ئۆتكۈزىدۇ.

بىرەر ئادەمنىڭ بىرەر ئىشىدا ئېغىرچىلىق بولۇپ، سەندىن ياردەم سوراپ قالسا، كۈچۈڭنىڭ بارىچە ياردەم بېرىپ، ئۇنى شۇ ئېغىرچىلىقتىن قۇتۇلدۇرماق نەھايىتى ياخشى ئىشتۇر. ئەگەر سەن ئۇنىڭغا راست - ھەققىي ياردەم بەرگەن بولساڭ، مۇبادا سېنىڭ بېشىڭغىمۇ ئېغىرچىلىق چۈشۈپ قالسا ياخشىلىقنىڭ مۇكاپاتىنى ئېلىشىڭ مۇمكىن. ئەگەر قولۇڭدىن كېلىدىغان ياخشىلىقنى كىشىدىن ئايىغان بولساڭ، ساڭىمۇ ھېچكىم ياخشىلىق قىلمايدۇ. ئادەملەرنىڭ ياخشىسى باشقا ئادەملەرگە پايدا يەتكۈزگۈچى ۋە ياردەم قىلغۇچىلاردۇر.

## چىن دىل بىلەن ئىش قىلغۇچى بولۇش

چىن دىل بىلەن ئىش قىلىش (ئىخلاس - سەمىمىلىك) - قىلىدىغان ياخشى ئىشلارنى رىيا ۋە غەرەزدىن، مىننەت ۋە تەمەدىن، نام ۋە شۆھرەتتىن يىراق تۇتۇپ، باشقىلارغا مەنپەئەت يەتكۈزۈشنىلا ئويلاپ، چىن

كۆڭلى بىلەن قىلىش ياكى كىشىلەردىن دەرىجە، ئىنئام، مۇكاپات، ئېھسان تەمە قىلماي قىلىش دېمەكتۇر.

ئەكسىچە، ئۇنىڭغا نەپسانىي غەرەز ئارىلىشىپ قالسا، ھەققانىي ئەمەلىي بۇزۇلۇپ، سەندىكى ئىخلاسىنى بۇلغايدۇ.

## تەمكىنلىك ۋە ئېغىر - بېسىقلىق

تەمكىنلىك - ئالدىراڭغۇلۇق قىلماسلىق دېمەكتۇر.

ئېغىر - بېسىقلىق - ھەر قانداق ئىشتا ۋە ھەر قانداق ئەھۋالدا ئۆزىنى تۇتۇشنى بىلىش، سالماق بولۇش دېگەنلىكتۇر. يول يۈرگەندە ھاجەت بولمىسا، ئۆتكەن - كەچكەنگە قارىما، ۋارقىراپ گەپ قىلما، كىچىككىنە نەرسىلەرگە تەئەججۈپلىنىپ، ھاڭۋېقىپ - داڭ قېتىپ قاراپ قالما. شاللاقلىق قىلماي سالماق - تەمكىن قەدەم تاشلاپ ئۆز بولۇڭغا ماڭ.

سىنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشۇڭدىن دوستلىرىڭ مەغرۇرلانسۇن، دۈشمەنلىرىڭ تىترىسۇن.

ئولتۇرغان چاغدا پۇت - قول ۋە باشقا ئەزالىرىڭنى سەۋەبسىز ھەرىكەتلەندۈرمە.

تەمكىنلىك، ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن قىلىنغان ئىشلار كامالىغا يەتمەي قالمايدۇ. ئالدىراڭغۇلۇق بىلەن باشلانغان ئىش ۋۇجۇدقا چىقمايدۇ، كىشى كۆڭلىنى غەش قىلىدۇ. يەڭگىللىك خۇددى ئۇققا ئوخشايدۇ، ئېتىلغاندىن كېيىن قايتۇرۇپ ئالغىلى بولمايدۇ.

## راستلىق

راستلىق - ھەر قانداق چاغدا ۋە ھەر قانداق ئىشنى بىجاندىل قىلىش، ھەر قانداق ئۆزىنى قانداق بولسا شۇنداق ئەينەن سۆزلەش دېمەكتۇر. ئىشلىگەن ئىش، سۆزلىگەن سۆز، قىلغان ۋەدىلەرنىڭ قائىدىلىك، توغرا بولۇشى راستلىق ساداقەت دېيىلىدۇ.

توغرا كىشى ۋە توغرا سۆزلىگۈچى ھەر قانداق ئادەمنىڭ ئالدىدا مەقبۇل كۆرۈلىدۇ. ئۇنداق ئادەمنىڭ سۆزلىگەن سۆزى، قىلغان ئىشى، ۋەدىسى يۇقىرى ئىناۋەتكە ئىگە بولىدۇ، ئۆزى يوق يەردىمۇ باشقىلار ئۇنى ئىلىك ئالىدۇ. مۇشۇنداق سۈپەتكە ئىگە ئادەملەرگە كىشىلەر توغرا ۋە ئىشەنچلىك دەپ ئىشەنچ بىلدۈرىدۇ. سىناقلاردىن ئۆتكەن سادىق ۋە راستگوي كىشىلەرگە كىشىلەر ئۆز سىرىنى ئېيتىپ مەسلىھەت سورايدۇ.

سادىق - راستچىل ئادەملەرمۇ كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرىگە ئىشىنىپ دېگەن گەپ - سۆزى، سىرى - ئەسرارلىرىنى باشقىلارغا ئېيتمايدۇ. ھالىنى ئېيتقۇچىنىڭ گېپىنى ھەرگىز باشقىلارغا يايمايدۇ. چۈنكى كونىلاردا: «سىر ئاچقۇچى ئەۋرەت ئاچقۇچىدىن يامانەۇر» دېگەن گەپ بار.

راستلىق كۆپ چاغلاردا نىجاد تېپىشنىڭ سەۋەبكارى بولىدۇ. راستگوي - مەرد ئادەملەر ھالال لەۋزى، توغرا ئىش - ئەمەلى بىلە ھاياتنىڭ جاپا - مۇشەققەتلىك داۋانلىرىنى بېسىپ ئۆتۈپ، رىيازەت چېكىپ مۇراد - مەقسىتىگە يېتىدۇ.

راستگوي - ئاقكۆڭۈل كىشىلەر يالغاندىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ. چۈنكى راستلىق - ئاقكۆڭۈللۈكنىڭ بەلگىسىدۇر.

تەجرىبىلەردىن قارىغاندا، راستگويلۇقنىڭ پايدىسى ھەم زىيىنى بار. پايدىسى: راست سۆز ھەقىقەتنىڭ ئىشىكىنى ئاچىدۇ. ئەمما راست سۆز ئاچچىق بولىدۇ.

زىيىنى: زامان، ماكان، شارائىت راست سۆزلەشكە يار بەرمىگەندە ئېھتىيات قىلماي راست سۆزلىگۈچىلەر زىيان تارتىدۇ. لېكىن راست سۆز ئاقىۋەت غەلىبە قىلماي قالمايدۇ. راست سۆزدە ۋاپا، يالغاندا جاپا بولىدۇ.

## كەڭ قوللۇق (ساخاۋەت)

ساخاۋەت - خالايىققا مەنپەئەت يەتكۈزمەك دېگەنلىكتۇر. بۇ خىسلەت كىشىدە ياخشى نام قالدۇرىدۇ. ساخاۋەت - ھالال مېھنىتى بىلەن تاپقان مەبلەغلىرىنى جەمئىيەت، مىللەت، ئىنسانىيەتنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن غەرەزسىز ھالدا سەرپ قىلىش بولۇپ، كەڭ قوللۇق، مەردلىكنىڭ ئىپادىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ھاجەتمەنلەرگە ئادەمگەرچىلىك يۈزىسىدىن ياردەم بېرىش، پېقىر ۋە مىسكىنلەرگە ئىنئام - ئېھسان قىلىش، مۈرىتى كەلگەندە بىر ئادەمنى قۇتقۇزۇپ قېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا قېنىنى ھەتتا جېنىنىمۇ پىدا قىلماق ... قاتارلىقلار سېخىيلىق ۋە مەردلىك ئالامەتلىرىدۇر. ساخاۋەت ئەل ئىچىدە ياخشى ئات كۆتۈرمەكنىڭ بەلگىسىدۇر.. ئادەم ئۈچۈن خىسلەت بابىدا ھەر قانداق ياخشى پەزىلەت - ساخاۋەتتىن ئۈستۈن ئەمەستۇر.

## ئۇياتچان (ھايالىق) بولۇش

ھايا - ئالەمدىكى قائىدە - نىزاملارنىڭ مۇقىم تۇرۇشىدىكى مۇھىم شەرتتۇر، ئىنساننىڭ، تەربىيىنىڭ سەمەرىسى، كامالەتنىڭ ئالامىتىدۇر. شۇڭا، بىزدە ئۇستازلار، ئاتا - ئانىلار، تەربىيىچىلەر ئەزەلدىن باللارنى ھايالىق قىلىپ تەربىيىلەشنى چىڭ تۇتۇپ كەلگەن.

ھايا كۆتۈرۈلسە كىشىلەر ئۇياتمايدىغان، نومۇس قىلمايدىغان ۋەزىيەت شەكىللىنىپ، جەمئىيەتنىڭ تەرتىپ - ئىنتىزامى، ئەخلاقى بۇزۇلۇپ، تۈزمۇش پىتنە - پاسات، پەسكەشلىك بىلە بۇلغىنىدۇ. كىشىلەر بىر - بىرلىرىگە يول قويمايدۇ. ئادەملەردە ئۆزىنى سوراش تۈگەپ يولسىز-

لىشىدۇ - چوڭلار كىچىكلەرنى، كۈچلۈكلەر زەئىپلەرنى، ئىمتىيازلىقلار ئىمتىيازسىزلارنى خورلاپ، بوزەك قىلىدۇ. شۇڭا، ھايادىن ئىبارەت بۇ ئەنئەننى ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا داۋاملاشتۇرۇش - ئادەملەردىكى ئەڭ ئېسىل پەزىلەتتۇر.

## ئۆزىنى سوراش (ئىنساپ قىلىش)

ئەدەبلىك ۋە ئىنساپلىق بولماق - ھەممە ئىشتا ئۆزىنى سورىماق بولۇپ، پۈتكۈل ئىنسانغا ئورتاق سۈپەتتۇر. ئىنساپلىق بولۇشنى بالا ۋاقتىدىن باشلاپلا ئۆزىگە ئادەت قىلىش زۆرۈر. ئۆزىدىن چوڭ كىشىلەرنىڭ قېشىغا كەلگەندە ئەدەب ۋە ھۆرمەت بىلەن: «ئەسسالامۇئەلەيكۇم (سالامەتلىك، ئەمىنلىك تىلەيمەن)، قىزلار: «ئەسسالام» دەپ سالام بېرىپ، كۆرسىتىلگەن ئورۇندا ئولتۇرماق، سورىغانلىرىغا ئويلاپ جاۋاب بەرمەك لازىم. چوڭ كىشىلەر، ئۇستاز، ئاتا - ئانا، ئاكا - ئاچىلىرىنىڭ ئالدىدا پۇتىنى سەت كېرىپ ئولتۇرماسلىق، يانپاشلاپ يېتىۋالماسلىق لازىم.

مېھماندارچىلىقتا تاماققا ئولتۇرۇشتىن ئاۋۋال قولنى پاكىز يۇيۇش، «ئالسىلا، باقسىلا» بىلەن چوڭلاردىن كېيىن داستىخانغا قول ئۇزىتىش، ئاشنىڭ ئۈستىدىن، ئوتتۇرىسىدىن ياكى كىشى ئالدىدىن قول سالماي، ئۆز ئالدىدىكىنى ئېلىش، بەش بارماقنىڭ ھەممىسىنى تەڭ ئاغزىغا تىقماسلىق، لوقمىنى چېغىدا ئېلىپ تولۇق چايناپ، ئالدىرىماي يۇتماق لازىم. بىللە تاماق يېگۈچىلەرنىڭ ئاغزىغا، چىنە، قوشۇققا قارىماسلىق، داستىخانغا قاراپ يۆتەلمەسلىك، چۈشكۈرمەسلىك، ئەسنىمەسلىك، بۇرنىنى تارتماسلىق، يەل قويۇپ بەرمەسلىك لازىم. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ناھايىتى ئوياتلىق ئىشتۇر. ئاش يېگەن ۋە ئىچكەندە شالاپلىتىپ قوشۇق، چوكا، ۋىلكىلارنى تەخسە، چىنىلەرگە جاراق - جۇرۇق تەگكۈزۈشمۇ بەك ئەخلاقسىزلىقتۇر.

تاساددىپىي تاماق تۇزلۇق، ئىس ئۆتۈپ كەتكەن، سۇيۇق - سەلەڭ بولۇپ قالغان بولسا، يۈزىگە سېلىپ ساھىبخانىنى خىجىل قىلىشمۇ ئەخلاقسىزلىق جۈملىسىدىندۇر.

مېھمانغا چىللىغان ئۆيگە ئادەم باشلاپ بېرىش، زورلاپ مېھمانغا چاقىرتىش، ۋاقتىدا كەلمەي كۈتتۈرۈش، بالىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ بېرىش، «زەللە» ئېلىش، پۇل، داستىخان ... قويدۇرۇشلارمۇ نائىنساپلىقتۇر.

ھەر بىر كىشى ئۆزىنى، بالا - چاقىلىرىنى ئىدارە قىلىش جەريانىدا ۋە چوڭ - كىچىك ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە ئۆزىنى سورىشى، ئىنساپ ۋە ئەدەبتىن ئىبارەت بۇ ئەخلاقتىن ئايرىلماسلىقى لازىم. ئىدارە قىلغۇچىلارنىڭ ھەر بىرىدە ئىنساپ بولسا، ئىدارە قىلىنغۇچىدا ئەلۋەتتە ئەدەب بولىدۇ. بىز ئاتا - ئانا بولغۇچىلار پەرزەنتلىرىمىزگە سۆز بىلەن نەسىھەت قىلىپلا قالماستىن، ئەمەلىي ھەرىكىتىمىز بىلەنمۇ ئۇلارنى تەربىيىلىشىمىز ھەم قايىل قىلىشىمىز كېرەك. بالىلىرىمىزنىڭ بالىلىقلىرى سەۋەبىدىن ئۆتكۈزۈپ قويغان ئازغىنە سەۋەنلىكلىرىنى ھەدېسىلا يۈزىگە سېلىپ، ئۇلارنىڭ ئابرۇيلىرىنى تۆكمەسلىكىمىز، ئەپۇ قىلىپ ئۇيالدۇرۇش يولىنى تۇتۇشىمىز كېرەك. ماشىنا، پويىز، كىنو - تىياتىرخانا ... لاردا ئاۋۋال بالىلارنى، خانىم - قىزلارنى، قېرىلارنى، كېسەللەرنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىشىمىز، بۇ ئىشتا بالىلارغا ئۈلگە بولۇشىمىز لازىم.

## شۈكرى - قانائەت قىلماق

شۈكرى - قانائەت دېگىنىمىز - نېمەت بەرگۈچىدىن مەمنۇن بولۇپ، ئۇنى ياد ئېتىپ، ئۇنىڭغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشتۇر.

كىشى ئۆزىنىڭ بىساتىدا بار بولغان نېمەتلىرى - پۇل، مال، ئۆي جاھازىلىرىغا رازى بولۇپ، باشقا ئادەملەرنىڭ مال - دۇنياسىنى تەمە قىلماي، ئۆزىدە يوققا سەۋرى قىلىپ، ئۈمىدۋار بولۇشى كېرەك.

باشقىلارنىڭ نەرسىسىگە كۆز ئالايتماي سەبرى قىلساق، تىرىشساق ئۇمۇ سىزدە بولىدۇ. ھالال مېھنەت بىلەن ئەجرى قىلساق، بارىغا رازى بولساق ئۈمىدىڭ ھاسىل بولىدۇ. مانا بۇنى قانائەت دەيمىز.

قانائەتلىك كىشى دۇنيا سەپىرىدە ئۆمرىنى قايغۇ - ھەسرەتسىز ئۆتكۈزىدۇ. ئەمما قانائەتسىز كىشى خاپىلىق، ھەسەتخورلۇقتىن ئۆرە كەلمەيدۇ. قانائەتلىك كىشى ئىززەتلىك ۋە قەدىرلىك بولىدۇ. قانائەتسىز كىشى تەمەخورلۇق ۋە خارلىقتا ئۆتىدۇ. ئۇلۇغ شائىر ھەزرىتى ئەلىشىر نەۋائىي قانائەتسىزلەرگە نەشتەر ئۇرۇپ:

ئوراچىدەك ھەمىشە تار ئېتەرسەن،
قانائەتسىزلىكىڭ ئىزھار ئېتەرسەن.
سۇپۇرسە ساھىب خانە بى يەكىپار،
ئوراچى ھەم كېتەر، ھەم سەيرى، ھەم تار.

(ئۆمۈچۈككە ئوخشاش ھەمىشە تور تارتىسەن، قانائەتسىزلىكىڭنى بىلدۈرىسەن. مۇبادا ئۆي ئىگىسى ئۆينى سۈپۈرسە، ئۆمۈچۈكمۇ، ئۇقلىغان ئوۋمۇ، تارتقان تورىمۇ كېتەر) دەپ ناھايىتى توغرا ۋە دانا ھۆكۈم بىلەن بىزنى ئاگاھلاندۇرغاندۇر.

### كەم سۆز بولۇش

زۆرۈرىيىتى بولمىغان سۆزنى دېمەسلىك، ئىمكان بار ئاز گەپ قىلىش، كەم سۆزلۈك بولۇش ياخشى سۈپەتلەردىندۇر.

كەمسۆز كىشى چوڭقۇرراق ئويلايدۇ. ئوي - پىكرى توغرا يەردىن چىقىپ، ئۇنىڭ ھىممىتىنى ئاشۇرىدۇ. ئۇنىڭدا تەمكىنلىك ۋە ئۆزىنى تۇتۇشنى بىلىش سۈپىتى بولىدۇ. سۆزلىگەن سۆزى خەلق ئارىسىدا ئېتىبارلىق بولىدۇ. دۇنيانىڭ پالاكەت ۋە پىتنە - پاساتلىرىدىن خاتىرجەم بولىدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭدا تۇرلۇك جاۋابكارلىقمۇ ئاز بولىدۇ. خاتالىقنىڭ كۆپرەكى تىلدىن بولىدۇ. كۆپ سۆزلىگەن ئادەم ئۆزىنىڭ ئەيىبىنى ۋە ياكى يات كىشىنىڭ ئەيىبىنى ئۆز سۆزىگە قوشۇپ سۆزلەپ، بېرىپ - بېرىپ بالاغا ئۇچرايدۇ ياكى بولمىسا باشقا كىشىلەر بىلەن گەپ تالىشىپ، ئورۇنسىز ئۇرۇش - تالاشقا بولۇقۇپ قالىدۇ. كۆپ سۆزلىگەن ئادەم تىل ئاپىتىگە ئۇچرىماي قالمايدۇ. شۇڭا بىزدە: «ئېغىز يۇگۇرۇكى باشقا، پۇت يۇگۇرۇكى ئاشقا» دېگەن گەپ بار.

### مۇقىم يولى بولۇش - ئامانەت ساقلىغۇچى بولۇش

ئامانەت دېگىنىمىز - باشقىلارنىڭ ساڭا ئىشىنىپ ساقلاپ بېرىش ئۈچۈن بەرگەن نەرسىلىرىدۇر.

دىيانەت دېگىنىمىز - پاك بولۇش دېمەكتۇر.

ئىنساپ بىلەن ئىش قىلغان، باشقىلارغا زىيان سالمىغان، باشقىلارنىڭ نەرسىلىرىنى قەستەن يەۋالمىغان ئادەمنىڭ ئەل - جامائەت ئالدىدا مەرتىۋىسى يۇقىرى بولىدۇ.

پۇل - مال - شەخسنىڭ قويغان ئامانىتى بولسا، بالىلار ئاتا - ئانىلىرىغا ئامانەتتۇر. ئىلىمسىزلار ياكى شاگىرتلار ئالىملارغا ئامانەتتۇر. ئەزالار جان ئىگىسى بولغان ئادەمگە ئامانەتتۇر.

مەقسەت: دوست - بۇرادەرلىرىڭنىڭ ساڭا ئىشىنىپ قويغان پۇل - مېلىنى يەۋالما. باللىرىڭنى توغرا يولدا تەربىيىلەپ، ئۇنىڭ ئۆمرى - ھاياتىغا، ئىستىقبالىغا خىيانەت قىلما. ئەلنى نادان ھالدا قالدۇرۇپ، ئۇنىڭ ئىشەنچىسىگە خىيانەت قىلما، سالامەتلىكىڭگە ئەھمىيەت بەرمەي، ئۆمۈرنىڭ قىسقىرىشىغا سەۋەب بولما. بۇ، ئامانەتلەرنى توغرا ئىشلەتكىن، دېمەكتۇر.

### ئەقىل - پاراسەت ۋە پۇرسەت

ئەقىل - پاراسەت دېگىنىمىز - ئىخچام تىل بىلەن «پەم» دېيىلىدۇ. پاراسەت - كىشىلەردىكى ياخشى بىلەن يامانىنى پەرق ئېتىش ئىقتىدارىدۇر. شۇنداقمۇ ھوشيار كىشىلەر باركى، ئادەم ۋە نەرسىلەرنى بىر كۆرۈپلا ئۇنىڭ ياخشى - يامانلىقىنى سېزىۋالالايدۇ. بولۇۋاتقان ئىشلارغا قاراپلا ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىغا توغرا باھا بېرەلەيدۇ. بۇنداق پاراسەتلىك ئادەملەر ھەر تۇرلۇك كېلىشمەسلىك، بالا - قازالاردىن ئۆزىنى ساقلاپ قالالىسىلا، بەلكى باشقىلارنىمۇ ساقلاپ قالالايدۇ.

پۇرسەت - ئىش - ھەرىكەت قىلىشقا چىققان سائەتتۇر. گۈللەر ئازغىنە پۇرسەت ئىچىدە ئېچىلىپ بۇيىپۇرىقى بىلەن كىشىنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىدۇ، لېكىن ئۇزۇن ئۆتمەي تۇزۇيدۇ. ئۆمۈرمۇ شۇنداق قىسقىدۇر. ئەقىللىق ئادەملەر ئۆمۈر پۇرسىتىنى غەنىيمەت بىلىپ، ۋاقتىنى ئىلىم - پەن ئۆگىنىش، جامائەتكە پايدىلىق، ئۇلۇغ ئىشلارنى قىلىش بىلەن تولىمۇ مەنىلىك ئۆتكۈزىدۇ.

### پاكىز بولۇش

پاكىزلىق - سالامەتلىككە دىخلى يەتكۈزىدىغان پىلسىنا، ھارام نەرسىلەردىن ئۆزىنى تارتىپ، دائىم ساپ ۋە تازا بولۇش دېگەنلىكتۇر. بىزنىڭ ئەنئەنىۋى ئەخلاقىمىزدا پاكىزلىقنى ئىككىگە بۆلۈپ قارايدۇ: 1. ئەقلىي - ئىچكى پاكىزلىق. يەنى پىكىر - خىيالى، قەلبى پاكىز بولۇش؛ 2. تاشقى پاكىزلىق. يەنى ئولتۇراق جاي، مۇھىتى، سۇ، پۈتۈن ئەزايى - بەدىنى پاكىز بولۇش. ئىچكى - تاشقى پاكىزلىقنىڭ ئۆزى گۈزەللىكتۇر. شۇڭا، ئىنسان پاكىزلىققا ئەھمىيەت بېرىش بىلەن رونلق تاپىدۇ ۋە ساق تەندە ساغلام پىكىر بولىدۇ.

### ھاجەتمەنلەرگە ھەدىيە بېرىش

ھاجەتمەنلەرگە ھەدىيە بېرىش (ئېھسان) - بۇ ئۆز مەنپەئەتىدىن كېچىپ، يەنە بىر ئىنساننى خۇرسەن قىلىشقا مەردلىك كۆرسىتىشتۇر.

ئۆز ئېھتىياجىدىن ئارتۇق ماددىي نەرسىلىرىنى ئەۋۋەلى بالا - چاقا، ئۇرۇق - تۇغقان - خىش ئەقرىبالىرى، ساۋاقداشلىرى، بولداشلىرىغا غەرەزسىز مەرھەمەت قىلماق - ئېھسان جۈملىسىدىندۇر.

«ئېھسان» دېگەن بۇ گۈزەل ئەخلاق ياخشىلىقنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئېھسان كۆڭۈلنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئىشارە. ئۇ، جاھاننى چۈشەنگەن، بىلگەن، كۆپنى كۆرگەن، كەمتەرىن زاتلارنىڭ شۆھرەتلىك پەزىلىتىدۇر.

ئېھساننىڭ ئىپادىلىرى:

ئاتا - ئانىلىرىغا مۇلايىم سۆز، سىلىق مۇئامىلە قىلىش ۋە ئىشلىرىنى قىلىپ بېرىش بىلەن؛ يېتىملەرنىڭ كۆڭلىنى ئالماق، خۇش قىلماق ۋە تەربىيە قىلماق بىلەن؛

بىچارىلەرگە ماددىي ياردەملەرنى بېرەلەيدىغان بىلەن؛ قوشنا ـ ھەققەمسايىلەرگە شەپقەت، مەرھەمەت، ياخشىلىق قىلماق بىلەن: سەپەرداش، ساۋاقداش، خىزمەتداشلارغا ئۇلارنىڭ دىلىغا تېگىدىغان سۆز ـ ھەرىكەتلەرنى قىلماسلىق بىلەن؛ مۇساپىر ۋە مېھمانلارغا ئۇلارنى كۈتۈش، ئىھتىرامىنى جايىغا يەتكۈزۈش يولى بىلەن ئۆيىدىكى خىزمەتچىلەرگە قىلالمايدىغان ئېغىر ئىشلارنى بۇيرۇشتىن ساقلىنىش بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. بۇ، بىزنىڭ تەركىسىز ئەنئەنىۋى ئەخلاقلىرىمىزدۇر.

## ئىقتىسادچىل بولۇش

ئىقتىساد ـ قولۇڭدىكى پۇل ـ مېلىڭنى كۆرسىتىدۇ.

ئىقتىسادنى قەدىرلىگۈچىلەر ئورۇنسىز ئىشقا بىر تىيىنمۇ سەرپ قىلمايدۇ. ئورنى كەلگەندە قانچىلىك بولسىمۇ پۇلنى ئايىمايدۇ. ئىقتىسادنىڭ قولدا تۇرماسلىقىنىڭ سەۋەبى ئىسراپچىلىقتۇر. ئىسراپخور خارلىنىدۇ. ئىقتىسادچىل كىشى ھەممە ۋاقىت تۇرمۇشتا خاتىرجەم بولۇپ، كىشىگە مۇھتاج بولۇپ قالمايدۇ.

نەسىھەتكى، ھەسەل ھەرىسى قىشتا يېيىش ئۈچۈن ئۆزىگە ھەسەل جۇغلىغاندەك، كىشىلەرمۇ مەمۇرچىلىق كۈنلىرىدە ئېشىنغانلىرىنى توپلاپ، ياخشى ـ يامان كۈنلەر ئۈچۈن تېجىمىكى، كېيىنكى ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىقتىسادىي ئاساس تۇرغۇزمىقى زۆرۈردۇر.

## خۇش خۇي بولۇش

خۇش خۇيلۇق ـ ئېسىل ئادىمىي خىسلەت بولۇپ، ئۇ، كىشىدىكى ساپ مىجەز، مۇلايىم، ياخشى سۈپەتتۇر.

خۇش خۇيلۇق سىمۋولى بولغان ئەيسا ئەلەيھىسسالام ھەققىدە «ئىنجىل»دا مۇنداق بىر ھېكايەت بايان قىلىنىدۇ: «... ئەيسا پەيغەمبەر يول ئۈستىدە كېتىۋاتقاندا ئىبلىسكە يولۇقتى. ئۇ، ئەيسادىن ئۈچ قېتىم سوئال سورىدى. ھەر بىر سورىغان سوئالغا ئەيسا نەھايىتى خۇش خۇيلۇق بىلەن قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بەردى. ئەمما ئىبلىسە ئۇنىڭ جاۋابىغا سوغ چىراي ۋە قوپال مۇئامىلە قىلدى. بۇنى كۆرگەن بىر يولۇچى: نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭ ئالدىدا گۇناھسىز تىل ئىشىتىپ ئاھانەتكە قالدىڭ؟ ئۇ ساڭا دەشنام قىلىۋاتسا، يەنە خۇش خۇي مۇئامىلە قىلىسەنغۇ؟ دەپ سورىدى. ئەيسا كۈلۈپ تۇرۇپ: ـ گەرچە ئۇنىڭدىن ماڭا ئازار ـ دەشنام يەتسىمۇ، مەن ئۇنىڭغا غەزەپلەنمىدىم. ئەمما، ئۇ مەندىن ئەدەب ئۆگەندى. ئۇنىڭ سۆزى بىلەن مەن جاھىل بولۇپ قالمايمەن. لېكىن ئۇ، مېنىڭ خۇش خۇيلۇقۇم بىلەن ئەقلىنى تېپىشى مۇمكىن، دېدى».

ئۆلىما ـ دانىشمەنلىرىمىز خۇش خۇي كىشىلەردە بولىدىغان تۆۋەندىكى ئالامەتلەرنى كۆرسەتكەن:

1. دائىم كۆپچىلىك ئۈچۈن ياخشىلىق ئىزدىمەك.

2. باشقىلارغا نەپ يەتكۈرمەك.

3. كىشىنىڭ ئەيىبىنى ئاچماي، ياخشىلىقىنى سۆزلەش.

4. يامان يولغا ماڭغان، يامان ئىش قىلغانلارغا سىلىقلىق بىلەن نەسىھەت قىلماق.

5. ئەيىبكار ئۆز گۇناھىنى ئىقرار قىلسا ئەپۇ قىلىش، باللىرىنىڭ گۇناھىنى كەچۈرۈش.

6. مۇھتاجلارنى ھاجىتىدىن چىقىرىش.

7. كىشى ئۈچۈن خالىس مۇشەققەت چەكسە، ۋايسىماسلىق.

8. ئۆز نەپسىنى كۆزلىمەسلىك.

9. كىشىلەر ئالدىدا ئاچچىقلانماسلىق.

10. بالا ـ چاقىلىرىنىڭ كۆڭلىنى ئاياىدىغان، خۇش قىلىدىغان بولۇش.

11. سېخىي، مەرد بولۇش.

# پەس ئەخلاق ـ قىلىقسىزلىقلار

## نادانلىق

نادانلىق ـ ئەڭ قاباھەت ئەخلاقسىزلىق بولۇپ، ئەقىل ۋە پىكرىنى قەستەن يامانلىققا ئىشلىتىش ياكى پىكرى يېتىدىغان ئىشلارغىمۇ پىكىر يۈرگۈزمەسلىكتۇر.

نادان ئادەمنىڭ سۆزى ئۆتمەيدۇ، ئەل ـ جامائەت ئىچىدە ئېتىبارىمۇ بولمايدۇ. دۇنيادا يۈز بەرگەن پاجىئەلەرنىڭ سەۋەبچىسىمۇ كۆپ ھاللاردا جاھىل ـ نادانلاردۇر. ئاقىللار ئېيتقاندەك: «بىلمەسلىك ئەيىب ئەمەس، ئۆگەنمەسلىك ئەيىبتۇر». شۇڭا، ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز باللىرىنى مەكتەپتە ئوقۇتۇپ نادانلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنى بالىنىڭ ئاتا ـ ئانىدىكى تۆت ھەققىدىن بىرى، دەپ قارىغان.

## بىخۇدلۇق

بىخۇدلۇق (غەپلەت بېسىش، ئويلىماسلىق، پىكىر قىلماسلىق) ـ نەسىھەت ۋە پايدىلىق گەپنى ئاڭلىماسلىق، ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى ئويلىماسلىق بولۇپ، ئادەمنى خارلىق، بەختسىزلىككە سۆرەيدىغان يامان ئىللەتتۇر. كىشىلەر ھايات يولىدا بىخۇدلۇق بىلە ئۆتتۈۋەرسە، پۇرسەتلەر كېتىپ، ئۆمۈر، ياشلىق، ھەۋەس، پىكىرلەر... زايا بولۇپ «غاپىل» (غەپلەت باسقان)لىق تۇپەيلى دۇنيانى كۆزىتىش ـ بىلىشتىن مەھرۇم بولىدۇ ـ دە، ئاقىۋەتتە ئۆمۈرلۈك پۇشايمانغا قالىدۇ. شۇڭا، ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز: پىكىر قىلـ

ملسلىق - تىرىك تۇرۇپ ئۆلگەنگە باراۋەردۇر، دېگەندى تولىمۇ دانالىق بىلەن.

### بۆلگۈنچىلىك

بۆلگۈنچىلىك - تەپرىقىۋازلىق، كاللا سوقۇشتۇرۇپ ئارا بۇزۇش ئادەملەرنى بىر - بىرىگە دۈشمەنلەشتۈرۈش بولۇپ، بۇ قاباھەت ئىللەت كۆپ ھاللاردا ئۇرۇش - جېدەللەرگە ھەتتا قانلىق پاجىئەلەرگە سەۋەب بولىدۇ. لېكىن بۆلگۈنچى ئادەم ھامانىم پاش بولۇپ، خەلقى ئالەم ئىچىدە رەسۋايى - شەرمساز بولماي قالمايدۇ.

تەپرىقىچىلىك بىر ئائىلە ۋە ياكى تۇغقانلار ئارىسىدا پەيدا بولسا، ئۇ ئىش ھەرگىز شۇ تەپرىقىچى بىلەنلا كەتمەستىن، ئۇلارنىڭ ئۇرۇق - ئەۋلادى ۋە جەددى - جەمەتىگىچە يامراپ تۈگىمەس ئاداۋەت، ھەتتا قىسلىخورلۇققا سەۋەب بولىدۇ.

مۇبادا بۇ ئىللەت بىر قەۋم ياكى بىر مىللەتتە باش كۆتۈرسە، خۇددى مەرھۇم ئۇستاز مۆھتەرەم ئابدۇقادىر داموللام ئېيتقاندەك: شۇ قەۋم ياكى مىللەت تەپرىقە ۋە خىلاپلىق سەۋەبىدىن خار - زابۇن بولۇپ كۈن كەچۈرىدۇ.

### سۆزنىڭ مەزمىنى تىتىش

كىشىنىڭ سۆزىدىن نۇقسان ۋە كەمچىللىك تېپىپ، پىيىدە يۈرمەك ۋە سۆز - چۆچەك قىلماق گەپدانلىقتۇر. بۇ، تىل ئاپەتلىرىدىن بولۇپ، يامان سۈپەت، يامان ئەخلاقلار جۈملىسىدىندۇر. بۇنىڭ تەرىپاتى شۇلدۇركى، «چىۋىن دائىم ئېشەكنىڭ يېغىرىنى ئىزدىگەندەك، كۆڭلى بۇزۇقمۇ ھەمىشە خەقنىڭ ئەيىبىنى ئىزدەيدۇ».

### ئۇرۇشقاقلىق

كىشى بىلەن بولغان پاراڭ ۋە تالاشتا، مۇتالىيە ياكى ئۆز مەزھىپىنى ئۇقتۇرۇشتا ئەدەب - مۇنازىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، ئۆزىنىڭ «راست» دەپ تالاشماق، تىللاشماق ئۇرۇشقاقلىق بولۇپ، ناھايىتى يامان سۈپەتتۇر. كىم نادان بولسا، شۇ جېدەلگە ئامراق بولىدۇ. ئەمما ئادەتتىكى مۇنازىرە جەريانىدا خىلى ئورۇن (كىشىلەر ئالدىدا ئەمەس)دا ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن قارشى تەرەپنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، كامىل پىكىر قىلىپ ئۇنىڭغا ئېتىراز بىلدۈرمەك ۋە مۇۋاپىق جاۋاب بەرمەك ئۇرۇشقاقلىققا كىرمەيدۇ.

مېدىتسىنا (تىبابەت) ئالىملىرىنىڭ ئىسپاتىغا قارىغاندا، يۈرەك كېسىلىنىڭ پەيدا بولۇشىغا تۇنجى سەۋەبچى مۇشۇ جېدەلدۇر.

ئۇنداق ئۇرۇشقاق - جېدەلخورلار بىلەن قۇدا - باجا بولۇش، ھەمسەپەر بولۇش، خىزمەتداش بولۇش، ساۋاقداش بولۇش، قوشنا قولۇم بولۇشتىن ھەممە ئادەم قاچىدۇ.

### سەت گەپ قىلىش

ئوشۇقچە سەت گەپ، ئۇيياتلىق سۆزلەرنى، «جىما» سۆزىگە ئوخشاش قەبىھ ئىبارىلەرنى شۇنىڭدەك ئادەم يىرگىنگۈدەك گەپلەرنى قىلماق سۆزدىكى پاھىشىدۇر. سەت گەپ قىلىدىغان ۋە زەھەر تىللى بىلەن ئىنسانىنى چاقىدىغان ئادەم قارىماققا ئىككى ئاياغلىق ئىنسان، ئەمەلدە ئادىمىي ھايۋاندۇر. بىز باللىرىمىزنى كىچىكىدىن تارتىپ ئەدەبلىك ۋە چىرايلىق سۆزلەرنى قىلىدىغان قىلىپ تەربىيىلىشىمىز ئۈچۈن ئەڭ ئاۋۋال ئۆزىمىز (ئاتا - ئانا، ئۇستازلار) ئۇلارنىڭ ئالدىدا بىر - بىرلىرىمىزنى ھۆرمەت قىلىپ، سىلىق، يۇمشاق، مەرھەمەتلىك بولۇشىمىز لازىم. ھەتتا باللار تۇرغان جايدا ئاتا - ئانىلار قاتتىق سۆزلەرنى قىلىش تۈگۈل قاپاق تۈرۈپ، بىر - بىرلىرىنى سىلكىشىمۇ خاتادۇر. بەزىلەر باللارنىڭ تۇنجى تىلىغا: «ئاناڭنى ...» دەپ ئۆزى «خېمىر تۇرۇچ» سېلىپ بەرگەچ باللىرىمىزنىڭ دەسلەپكى تىلى «... كەي» دىن باشلىنىپ، كېيىن بۇ بېگى تەلۋە نۇسخا تەرەققىي قىلىپ، ئائىلە ۋە ئۆزى ئۈچۈن «بالا» بولىدۇ. بىزدىكى بۇ ناچار ئەخلاق، يامان سۆزلەشنى زادى كىم ئۆگەتتى؟ بىر مەررە بولسىمۇ مۇلاھىزە قىلىپ باقايلى: ئىنسانلارغا ئۆگىتىلگەن ياخشى ئىشلارنىڭ كۆپى تەربىيە، مەجبۇرلۇق - زورلۇق بىلەن بولسا، يامان ئىشلارنىڭ كۆپى ئۆزلۈكىدىن، دوراش بىلەن يۇقىدۇ.

شۇنداق ئىكەن، باللىرى ئالدىدا ئاتا - ئانىلىرى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى تىللىماق، ئۇرۇشماق، ئۇلارغا كۆرسىتىپ تاماكا چەكمەك، ھاراق ئىچمەك. كەيپى خۇمارى ئۈچۈن لازىملىقلار (تاماكا، سەرەڭگە، ھاراق شاراب)نى باللىرىنى بۇيرۇپ ئەپكەلدۈرمەكلەرنىڭ ھەممىسى ئەخلاقسىز قىلمىشلار بولۇپ، ئەمەلىيەتتە بۇ «باللىرىم مېنىڭ قىلغانلىرىمنى دورسۇن» دەپ ئۇلارغا كۆرسەتكەن «ئۈلگىڭىز» ۋە ئۇلارغا سېلىپ بەرگەن «مەبلىغىڭىز» دۇر، خالاس.

### سىر ساقلىيالماسلىق

بىر كىشىنىڭ مەخپىي سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ياكى مەخپىي ئىشلىرىنى كۆرۈپ باشقا كىشىلەرگە سۆزلىمەك سىرنى ئاشكارا قىلىش دېمەكتۇر.

بۇ، ناچار سۈپەتلەردىن بولۇپ، پەس تەبىئەتلىك، ئېپلاس ئادەملەردە بولىدىغان يامان خۇلقلاردىن بىرىدۇر.

چۈنكى ئۇنىڭ ئاشۇنداق يامان خۇلقىنى بىلگەن بولسا، ئۇنىڭ ئالدىدا ھېچكىشى ھېچقانداق گەپ - سۆز قىلمىغان بولاتتى. شۇڭا، بۇنداق ئادەملەر ئىشەنچسىز دەپ قارىلىپ پۈتۈن جامائەت ئالدىدا ئېتىبارسىز بولىدۇ.

خۇسۇسەن يىلش ۋاقتىدىن باشلاپ بۇنداق سىر ئاشكارىلىغۇچىلاردىن بولۇپ قالماسلىققا تىرىشىش زۆرۈردۇر.

شۇڭا «سىر ئاچقۇچى ئەۋرەت ئاچقۇچىدىن يامانراقتۇر» دېيىلگەن سۆز ناھايىتى جايىدا كەلتۈرۈلگەن ھېكمەتلەردىندۇر،

كىشىنىڭ: «مۇشۇ سۆزنى باشقىلارغا دېمىسىڭىز» دەپ ئۆتۈنگەن سۆزنى ئەلۋەتتە دېمەسلىك، سىرنى ساقلاش لازىمدۇر.

قېرىنداش ۋە دوستىنىڭ ئېيتقان سىرىنى ئىككىنچى بىر كىشىگە ئېيتىش ئامانەتكە خايانەت قىلغانلىق بولۇپ، بۇ، مۇناپىقلىقنىڭ ئالامىتىدۇر.

سىر - غەرەز - مۇددىئاسىنى، ئارزۇ - مەقسىتىنى ئاشكارىلىماي كۆڭلىدە پىنھان ساقلىماق دېمەكتۇر.

ئۈچ نەرسىنى سىر قىلىپ ساقلاش زۆرۈردۇر: بىرى، سەپەرنى. ماڭار كۈن ۋە يول - مۇساپە سىرىدىن باشقىلارنى خەۋەردار قىلماسلىق لازىم. چۈنكى دۈشمەننىڭ خەۋەر تاپسا پېيىڭگە چۈشۈشى مۇمكىن. يەنە بىرى، نىيەت - غەرىزىنى، ئارزۇ - مەقسىتىنى سىر تۇتۇش لازىم. ئەگەر بۇ دۈشمىنىڭگە بىلىنسە، ھەسەتخورلۇق قىلىپ ئىشىڭنى بۇزىدۇ. ئۈچىنچى بىرى، بايلىقىنى ئاشكارىلىماسلىق لازىم «مەن باي» دەپ خالىغانچە پۇل، مال - مۈلكىنى كىشىلەرگە ئاشكارىلاپ يايسا، باشقىلاردا تەبىئىي تەمە پەيدا قىلىپ قويىدۇ. بەلكى دۈشمەنلەر ئۇنى بايلىقتىن مەھرۇم قىلىش كويىغا چۈشىدۇ. تىلىدىپىي ئەلەم يەتسىمۇ سىر تۇتۇش كېرەك. بۇنىڭدا ئىككى ئىش بار: بىرى، ئاشكارا بولغان رىنجىك دوستلىرىڭنى مالال، نائۇمىد قىلىدۇ؛ يەنە بىرى، دۈشمەننىڭ پىتنە تىلىنى ئاچىدۇ. بىر كىشى ئاقىلغا: «مېنىڭ بىر سىرىم بار، كىمگە دەي» دېسە، ئاقىل: «سىر ئۆزۈڭنىڭ، ئۆزۈڭگە لازىمدۇر. بۇنى ئۆزۈڭ ساقلىمساڭ باشقا كىشىگە لازىمى بولمىغان نەرسىنى نېمىدەپ ساقلايدۇ» دېگەندىن كېيىن، سىرىنى دېمەي مۇرادىغا يەتكەنىكەن.

بىر ھېكايىدە مۇنداق رىۋايەت قىلىنغان: ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن سىرىنى يېقىنىغا دېدى. ئۇ ئاشكارىلىدى. ئىسكەندەر ئۇنى جازالىماقچى بولغاندا ئارستو: ئەي شاھىنشاھ، ئۆزۈڭگە كېرەكلىك سىرنى ئىچىڭگە سىغدۇرالىماي ئۇنىڭغا دەپسەن. ھالبۇكى، ئۆزۈڭ ساقلىيالمىغان سىرنى ئۇ قانداق ساقلىسۇن؟ ئۇنىڭدىن ئاغرىنما، قايت، دەپتۇ. ئىسكەندەر گۇناھىنىڭ ئۆزىدە ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ.

سىر ساقلىيالمىغان كىشى ھەممىگە دەردى - بالانى چىللاپ كەلتۈرگۈچىدۇر. شۇڭا ھەزرىتى ئەلىشىر نەۋائىي: «سىرىمنى دۈشمىنىم بىلمىسۇن دېسەڭ، دوستۇڭغىمۇ دېمە» دەپ ناھايىتى توغرا ئېيتقان.

## كىشىلەرنىڭ ئەيىبىنى ئاچماق ۋە غەيۋەت قىلىش

باشقىلارنىڭ يېتىشسىزلىكىنى ئالدىدا دېمەي، ئۆزگىلەر ئالدىدا ئۇنىڭ كەينىدىن سۆزلەش، ئارقىسىدا دېيىش غەيۋەت قىلىشتۇر. بۇمۇ بىر ناچار سۈپەت بولۇپ، ئاقىل ئادەملەرنىڭ ئىشى ئەمەس. بىر ئادەمنىڭ ئەيىبىنى ئۇنىڭ ئارقىسىدا سۆزلىسەڭ، ئۇ گەپ ئۆزىگە ئاڭلىنىپ قالسا، ئەلۋەتتە سېنى دۈشمەن كۆرىدۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇ كىشى ساڭا ئىناۋەت قىلمايدۇ.

ئەگەر بىر كىشىنىڭ غەيۋىتىنى ۋە ئەيىبىنى سۆزلىگەن چاغدا ئاڭلاپ تۇرغۇچى ئاقىل ئادەم بولغان بولسا پەملەيدۇكى، «بۇ ئادەم ھازىرغۇ ئۇنىڭ غەيۋىتىنى قىلدى، كېيىن بىر يەردە يەنە بىر كىشىگە جەزمەن مېنىڭ غەيۋىتىمنى قىلىدىغىنى ئېنىق» دەپ بۇ كىشىدىن قېچىدۇ، ھەزەر قىلىدۇ. خەقنىڭ غەيۋىتىنى قىلىپ ئادەتلەنگەن كىشىلەرگە خىتابەن دانا زاتلاردىن بىرى: «... بىر - بىرىڭىزنىڭ، بۇرادىرىڭىزنىڭ گۆشىنى يېمەڭىز!» دەپ ئاگاھلاندۇرغاندۇر. بۇ بولسا غەيۋەتنىڭ دۇرۇس بولمىغان بىر تەرىپىدۇر. ئەمدى يەنە بىر تەرىپى بولسا، جەمئىيەتتە بەزىبىر بەتقىلىق - رەزىل كىشىلەر باركى، قول ۋە تىلىنى يامانلىقتىن يىغماي ئەل - جامائەتكە ئاددىي ۋە مەنىۋى تەرەپلەردىن زىيان يەتكۈزىدۇ. ئەلۋەتتە مۇنداق كىشىلەرنىڭ يامان قىلىقلىرىنى خالايىققا تونۇشتۇرۇپ، ئادەملەرنى ئۇنىڭدىن ھوشيار بولۇشقا، زىياندىن ساقلىنىشقا ئاگاھلاندۇرۇش لازىم.

ئەھۋال شۇنداق ئىكەن، بۇ خىل تۈزەلمەس، ئەخلاقسىز كىشىلەرنىڭ يامان قىلىقلىرىنى جەمئىيەتتە جامائەتنى ئاگاھلاندۇرۇش نىيىتىدە پاش قىلىش غەيۋەت بولمايدۇ ۋە ئۇ غەيۋەت دائىرىسىگە كىرمەيدۇ. غەيۋەت قىلىشقا ئادەتلەنگۈچى ئەسلىدىن ئېيتقاندا، يالغانچى، بەرھەق مۇناپىقتۇر.

غەيۋەتخور ئادەم ھەر قانداق يامانلىقتىن يانمايدۇ. ئەڭ ياخشىسى بىرەر كىشىنىڭ غەيۋەتخورلۇقى بىلىنسە، ئۇنىڭ بىلەن شۇ مىنۇتتىن باشلاپ ھەمسۆھبەت بول-

ـلىشلىق لازىم.

## چىقىمچىلىق ۋە گەپ توشۇماق

بىر كىشىنىڭ ئىككىنچى بىر كىشى ھەققىدە قىلغان سۆزىنى شۇ كىشىگە يەتكۈزگەنلىك گەپ توشۇماقتۇر. بۇ بەكمۇ پەس سۈپەتتۇر. ھەر قانداق ئادەم مۇنداق شۇم ئىشتىن ئۆزىنى تارتىش لازىم. خۇسۇسەن بالىلىرىمىزنى بۇ ئىللەتتىن ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرمىقىمىز زۆرۈردۇر.

گەپ توشۇيدىغان مۇنداق ئادەمدىن ھەممە كىشى نېرى قاچىدۇ.

بۇ ھەقتە ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدە مۇنداق بىر رىۋايەت بار: «... قەدىمكى زاماندا بىر زەرگەر ئۆيىدە بىر بالا باققۇچى توختاتماقچى بولۇپ قوشنىسىغا ئۆزىنى توختاتقان ئايالدىن بىرنى تېپىپ بېرىشنى ئۆتۈنۈپتۇ. قوشنىسى ئۇ كىشىگە زىمخەئانا دېيىدىغان بىر ئايالنىڭ بارلىقىنى، ئۆزى پاكىز، ئىنزافەتلىك ئايال بولسىمۇ، ئەمما بىر ئەيىبى (گەپ توشۇيدۇ)غانلىقىنى، بۇنىڭدىن ئاگاھ بولۇش لازىملىقىنى جېكىلەپتۇ. زەرگەر زىمخەئانىنى قويۇپ تۇرۇپ بېلىشقىسىنى تېپىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، خوتۇنى: «ھېچ گەپ يوق، ئۆزىمىز دىققەت قىلارمىز» دەپ ئاخىر زىمخە ئانىنى ئەپكېلىپ، يەتتە يىللاپ ئۆيىدە توختىتىپتۇ. زىمخە ئانا تازا يەرلەشكەندىن كېيىن سۈت بىلە كىرگەن يامان خۇيىنى كۆرسەتمەك بولۇپتۇ - دە، خېنىمنىڭ بېشىنى بىقۇۋېتىپ: «خېنىكىم، قايسى كۈنى مەن ئۇستامنىڭ قېشىغا ئىش بىلەن بارغىنىمدا ئۇستامنىڭ بىر نازىنىننىڭ قولىغا بىلەيزۈك سېلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ قالدىم. قىياسىمچە، ئۇستامنىڭ نىيىتى ئالا ئوخشايدۇ، ئۇ كىشىدىن ھوشيارراق بولسىلا، يەنە سىلىنىڭ يۈزلىرىگە پۇت قويمىسۇن!» دەپ ئۇستامنىڭ ئاقكۆڭۈل خوتۇنىنىڭ دىلىغا غۇم، غەشلىك چۈشۈرۈپ قويۇپتۇ.

ئارىدىن بىرەر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن زىمخەئانا ئۇستامنىڭ ياخشى كۆرىدىغان غىزاسى شويلىنى ئوخشىتىپ ئېتىپ، زىرە - قارامۇچلارنى سېلىپ، ۋاقتىدىن ئۆتكۈزۈۋېرمەك دۇكانغا ئاپىرىپ بېگۈزۈپتۇ. ئۇستام كېچىكىش سەۋەبىنى سورۇشتە قىلغاندا: «ئېيتاي دېسەم بېشىمدىن قورقىمەن. سىلىگە بولغان ساداقىتىم ۋە ئىخلاسىمنى ئۆزلىرى چۈشىنىلا، دېمىسەم تېخى بولمايدۇ، تۇزكورلاردىن بولۇشنى خالىمايمەن» دەپتۇ. ئۇستام: «ئېيتىۋەرگىن، ھەر قانچە گۇناھ بولسىمۇ ئەپۇ قىلىمەن» دېگەندىن كېيىن، ئۇ مۇنداق بىر گەپنى توقۇپتۇ: «مەن شويلىنى خوجىرىغا ئۇسۇي دەپ تۇرسام ئۆيدە خېنىكىمنىڭ بىر كىشى بىلەن پىچىرلىشىۋاتقىنىنى ئاڭلاپ قالدىم. ئىشىنىڭ تۈۋىگە بېرىپ يوچۇقتىن قارىسام، بىر يىگىت بىلەن بولۇۋاتقان سۆھبەت ئىكەن، مەن چۆچۈپ كەتتىم. خېنىكىمنىڭ نىيىتى بۇزۇلغان ئوخشايدۇ. ھەر ھالدا پەخەس بولغايلا!» دەپ ئۇستامغا «ۋاپادارلىق» قىلغان بولۇپتۇ. ئۇستام ھەيران بولغىنىدىن دىلىغا شەك چۈشۈپ، ئۆزىمۇ نىھايەت بىئارام بولۇپ: «يەنە ئەھۋاللار بولسا مېنى خەۋەردار قىلىپ تۇرۇڭ» دەپ قايتىشقا ئىجازەت بېرىپتۇ.

بۇ قېرى تۈلكە ئۆيگە كېچىكىپرەك كەلگەچ ئۇستامنىڭ خوتۇنى ئۇنىڭدىن كېچىككىش سەۋەبىنى سورۇشتە قىلغاندا، ئۇ پېشانىسىگە بىرنى ئۇرۇپ: «مەن كېچىكمەيتتىم، ئەمما سىلىنى دەپلا كېچىكتىم. دۇكانغا بارسام ئۆزلىرىگە كېپىنى قىلغان، قولىغا ئۇستام بىلەيزۈك سېلىپ قويغان ھېلىقى ساھىبى رىنا بىلەن ئۇستام يەنە ئېچىلىپ - يېيىلىپ سۆزلىشىۋاتقانىكەن. شۇنى ئاڭلاپ سىلىگە يەتكۈزمەي دەپ كېچىكتىم. قارىغاندا، ئۇستام ئاشۇ چوكانغا ئىلىنىپ قالغاندەك تۇرىدۇ. سىلىگە ئىچىم ئاغرىۋاتىدۇ» دەپ سۆزلەپ كېتىپتۇ. ئۇستامنىڭ ئاقكۆڭۈل خوتۇنى: «قانداق قىلىمىز، بىر چارە قىلساڭ» دەپ ئۇنىڭدىن مەسلىھەت سوراپتۇ. ئۇ دەللە ئويلانغان بولۇپ: «بۇنىڭ چارىسى ئاسان، سىلى كېچىكتۈرمەي چارشەنبە ئاخشىمى ئۇستام ئۇخلاۋاتقاندا ئۇنىڭ بوغدىيىكدىكى ساقىلىدىن ئۈچ تالنى ماڭا ئېلىپ بەرسىلە، قالغان ئىشنى ئۆزۈم قىلىمەن» دەپتۇ. ساددا خېنىكىم شۇنىڭدىن كېيىن قانداق قىلىپ ئۇستامنىڭ ئۈچ تال ساقىلىنى قولغا كەلتۈرۈشنى ئويلايدىغان بولۇپتۇ.

ئىككى كۈندىن كېيىن زەرگەرنىڭ قېشىغا گۆشكە بارغان زىمخەئانا: «ۋاي ئۇستام، سىلى بەك ھوشيار بولۇپ، ياتقان - قوپقاندا دىققەت قىلمىسىلا بولمايدىغان بولدى. تۈنۈگۈن ئۆيگە خېنىكىمنىڭ ھېلىقى سىلىگە دېگەن ئاشىقى كېلىپ خېنىكىمگە بىر ئۇستىرىنى بېرىپ، چارشەنبە دېگەندەك قىلىپ پىچىرلىشىپ كەتتى. قىياسىمچە، چارشەنبە كۈنى ئۇ ئىككىسى سىلىنى ئۆلتۈرۈشنى پىلانلاشقان ئوخشايدۇ» دەپتۇ. بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇستامنىڭ ئەرۋاھى ئۇچۇپ: «ياق، ھەر قانچە بولسىمۇ ئۇنداق ئەمەستۇ» دەپ ئىشەنمەپتۇ. جادۇگەر زىمخە: «ئەزبىرايى خۇدا، شۇنداق. ئەگەر ئىشەنمىسىلىرى چارشەنبە ئاخشامدا ئورۇنلىرىدا ئۇخلىغان بولۇپ يېتىپ باقسىلا، ئاندىن كارامەتنى كۆرۈلا!» دەپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇ ھەر ئىككى سەمىمي ئەر - خوتۇننى بىر - بىرىگە قارشى قىلىپ تەييارلاپ بولۇپتۇ. دېگەن چارشەنبە كېلىپتۇ. دۇكاندا ئىش بىلەن ھارغان ئۇستام ئۆيگەن

كىرىشى بىلەن خوتۇنى ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويماپتۇ. ئۇ،
تەييارلانغان كەچلىك سىنچايىنىمۇ ئىچمەي ئۇخلىماقچى
بولۇپ يېشىنىپ يېتىپتۇ. بىر هازادىن كېيىن خورەك
تارتىپ قاتتىق ئۇيقۇغا كەتكەن بولۇپ يېتىۋاپتۇ. خوتۇنى
ئۇستامنى بىخىرامان ئۇخلاپ كەتتى، دەپ ئويلاپ يوتى-
نىڭ ئۇچىدا دەسسەپ ئاستا بېرىپ، كۆرپە ئاستىغا تىقىپ
قويغان ئۇستىرىنى ئاپتۇ ـ دە، ئېرىنىڭ يېنىدا بىر ئاز
ياتقاندىن كېيىن ئۇچ تال ساقىلىنى ئالىمەن دەپ ئېگىلى-
گە شۇنداقلا ئۇستۇرىنى ئەكېلىشكە، زەرگەر ئۇستام
خوتۇنۇمنىڭ مېنى ئۆلتۈرۈشى راستكەن، دەپ يۇگۇرۇپ
قوپۇپ ئۇنىڭ قولىدىن ئۇستىرىنى تارتىۋاپتۇ ۋە ئايالىنى
چېچىدىن تارتىپ ئۇگدىسىغا يېقىتىپ بوغۇزىغا ئۇستىرىنى
سۈركەپتۇ. خوتۇنىنىڭ بېشى تېنىدىن جۇدا بولۇپ، يوت-
قان ـ كۆرپە ۋە ئۇستىنىڭ ئۇستىبېشى قانغا بويۇلۇپتۇ.
شۇ ئەسنادا زىخە يېقىنلا يەردىكى زەرگەر ئۇستامنىڭ
خوتۇنىنىڭ ئاكىسى باقلارنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئەھۋالنى
بايان قىلىپتۇ. باقى يۇگۇرگەن پېتى سىڭلىسىنىڭ ئۆيىگە
كېلىپ، ھەدىسى قانغا بويالغان كىيىم ـ كېچەكلەرنى
يۇيۇۋاتقان زەرگەر ئۇستامغا ئېتىلىپتۇ. ئاڭغىچە زىخە
دەرھال زەرگەر ئۇستامنىڭ ئىنىسىنىڭ ۋە تۇغقانلىرىنىڭ
ئۆيىگە خەۋەر قىلىپتۇ. ئۇلار كېلىپ باقىنى ئۇرۇپ ئۆلتۈ-
رۈپتۇ. شۇ ئارىدا باقىنىڭ تۇغقانلىرى كېلىپ ئۇستىنىڭ
ئېنىسى ۋە ئۇنىڭ باللىرىدىن ئىككىنى ئۆلتۈرۈپتۇ. شۇن-
داق قىلىپ بىردەمنىڭ ئىچىدە ئىككى تەرەپتىن بىر
مۇنچە ئادەم ئۆلۈپتۇ. كېيىن بۇ ۋەقە شەھەر ھاكىمىغا
يەتكەندىن كېيىن تەپسىلىي تەكشۈرۈپ كۆرسە، ھەممە
ئىش زىخە دەللالنىڭ چېقىمچىلىقى، يوق ئىشنى توقۇپ
چېقىپ ئەر ـ خوتۇننى بىر ـ بىرىگە دۈشمەنلەشتۈر-
گەنلىكىدىن بولغانلىقى مەلۇم بوپتۇ. شۇنىڭدىن تارتىپ
جامائەت گەپ توشۇيدىغانلارنى ھەجۋى قىلىپ مۇنداق
قوشاق توقۇپتۇ:

ئاقنى كۆككە ئۆرىگەن زىخە دەللال،
كۆكنى ئاققا ئۆرىگەن زىخە دەللال.
ئىناق ـ ئامراق تۇغقان بىلەن ئەر ـ خوتۇننى
نىست ـ نابۇت ئەيلىگەن زىخە دەللال.»

## تەرى سۆرۈنلۈك

ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز «چىراي كۆرۈپ ھال سورا»
دېگەن سۆزنى ناھايىتى توغرا ئېيتقان.
ئىشىكىڭگە بىرەر كىشى كەلسە ۋە ھاجىتىنى يوت-
تۇرۇپ بېرىشنى ئۆتۈنسە ياكى سەن بىر ئادەمگە ھاجە-
تىنىڭ چۈشۈپ ئالدىغا بارغان چاغلاردا ئوچۇق چىراي
بولماق لازىم. تەرى سۆرۈن ئادەمدىن ھەممە كىشى
قاچىدۇ. شۇڭا ھەر قاچان ئادەم باشقىلارغا يولۇققاندا
ئوچۇق چىراي مۇئامىلە قىلىشى ۋە باللىرىغىمۇ بۇ ئادەت-
نى ئۆگىتىشى زۆرۈر.
خەلق ئارىسىدا مۇنداق بىر رىۋايەت بار: قەدىمكى
زاماندا قەشقەر سوزاقتا بىر كىشىگە تومۇزدا ئىسسىق
ئۆتۈپ كېتىپ، ئۇ چوڭ ئوغلىنى بەشكېرەمدىكى تۇغقان-
لىرىدىن بىرىنىڭ ئۆيىگە دورىلىق ئۈچۈن سىركە سوراپ
ئەۋەتىپتۇ. چوڭ ئوغلى تۇغقىنىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا بې-
رىپ، ئېشەكتىن چۈشمەي تۇرۇپ قولىدىكى تايىقى بىلەن
تۇغقىنىنىڭ ئىشىكىنى چېكىپ: «دادام سىركە بەرسۇن
دەيدۇ» دەپ توۋلاپتۇ. تۇغقىنى بوينىنى سوزۇپ قاراپ
بېقىپ: «سىركە يوق!» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. بۇ ئوغۇل
نائۇمىد قايتىپ كەلگىنىدە بالىسىنىڭ خۇيىنى بىلگەن
دادا: «سەن تاغاڭدىن سىركىنى قانداق سورىدىڭ؟»
دەپ سوراپتۇ. بالا: «مەن ئېشەكتە تۇرۇپ ئالدىراپلا
سىركە سورىغانىدىم، يوق دەپ بەرمىدى» دەپ جاۋاب
بېرىپتۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن دادا ئىككىنچى ئوغلىنى تاغى-
سىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئېشەكتىن چۈشۈپ، ئاۋۋال تاغىسى
ۋە ئۇنىڭ ئۆيىدىكىلەرگە: «ئەسسالامۇئەلەيكۇم» دەپ سا-
لام بېرىپ، ھال ـ ئەھۋال سوراپتۇ. ئاندىن ئۇلار قىلچىلا-
ۋاتقان مايسەن ئۆرۈكنى يۇگۇرۇپ بېرىپ سۆكەنگە تو-
شۇپ بەرگەندىن كېيىن تاغىسىنىڭ: «ئوغلۇم، بۇيان
كەپسەنغۇ!؟» دېگەن سوئالىغا جاۋابەن: «دادامغا بىر ـ
ئىككى كۈن بولدى ئوفا (ئاپتاپ) ئۆتۈپ كەتكەنىدى،
ئۆيىمىزدە سىركە تۈگەپ قالغانىكەن، دورىلىق ئۈچۈن
سىلىنىڭ قاشلىرىغا ئەۋەتكەنىدى، ماۋۇ پىلچەككە (قويند-
دىن پىلچەكنى چىقىرىپ، ناھايىتى ئوچۇق چىراي بە-
لەن) بىر تېمىم سىركە قويۇپ بېرەمدىكىن، دەپ كەلگە-
نىدىم» دەپ ئىنتايىن خۇشپېئىل تەلمۈرۈپ تۇرۇپتۇ. پىخ-
سىق، پۇلغا ئامراق تاغىسى بالىنىڭ ياخشى مۇئامىلىسىدىن
تەسىرلىنىپ: «بىر كۈپتىكى سىركىنى ئېلىپ كەتكىن»
دەپتۇ. بالا رەھمەت ئېيتىپ: «مەن ئېشەك بىلەن كەلدىم،
كۈپنى ئېلىپ كېتەلمەيمەن. ئازغىنە ـ بىر تېمىم بولسىلا
بولىدۇ، ھېچ بولمىغاندا مۇشۇ پىلچەككە لايىق قويۇپ
بەرسىلە كۇپايە» دەپ ئىنساپ بىلەن تەشەككۈر بىلدۈ-
رۈپ تۇرۇۋاپتۇ. تاغىسى: «ئۇنداق بولسا مۇنداق قىلايلى»
دەپ كۈپتىكى سىركىدىن چوڭ بىر قاپاقتا لىپمۇلىق
توشقۇزۇپ، ئوغۇلنى ئېشىكىگە مىندۈرۈپ ئالدىغا ئېلىپ
بېرىپتۇ ھەم جۇپ توقاچ تۇتۇپ ئۇزىتىپ قويۇپتۇ. ئوغۇل

سىركىنى ئۈزۈپ ئېلىپ كىرگەندىن كېيىن دادىسى مۇن-
چىۋالا يوغان قاپاقتىكى سىركىنى كۆرۈپ ھەيران بولۇپ،
بۇنىڭ سىرىنى سوراپتۇ. بالا: ئۆيگە ئۇچۇق چىراي
بىلەن كىرگەندىن باشلاپ، تاغىسىغا سالام - سەھەت
قىلىپ، تىنچلىق - ئامانلىقىنى سوراپ تاكى تاغىسى چوڭ
قاپاقتىكى سىركىنى بەرگىنىگە قەدەر ھەممە ئەھۋالنى سۆز-
لەپ بېرىپتۇ.

خۇلاسە شۇكى، قوپال سۆزلەيدىغان كىشى ھېچ-
قانداق ئادەمنى رازى قىلالمايدۇ. مۇنداق ئادەمگە ھېچقان-
داق ئادەم ھەتتا كىچىك بالىمۇ ئېتىبار قىلمايدۇ. ھەممە
كىشىنىڭ ئالدىدا سەت كۆرۈنىدۇ.

### نىكاھ، ۋەدە - قەسەمدۇر

نىكاھ - ئەر - خوتۇننىڭ بىر - بىرىگە ئۆمۈرلۈك
جۈپتى ھالاللىقى، ۋاپادار - ھەمراھلىقى، ھەمدەملىك -
ھامىيلىقى ئۈچۈن ئېلىنغان ۋەدە ۋە قاتتىق ھۆججەتلە-
شىشتىن ئىبارەتتۇر.

ئۇيغۇرلاردا قەدىمدىن تارتىپ داۋام قىلىپ كېلىۋات-
قان ئەخلاق - پەزىلەتلەردىن بىرى نىكاھ بولۇپ، ئۇ،
توي - مۇراسىم كۈنى خالايىق ئالدىدا بولىدىغان كۆچ-
لۈك ۋەدە - پەيمان (توختام)دىن باشلىنىدۇ.

ئۇيغۇرلار تارىختىن بۇيان، تويلىرى بولغاندىن
باشلاپ قىز - يىگىتنىڭ مىللىتى، ئائىلىسى ۋە ئۆزىنىڭ
نەسلى - نەسەبى، ئۆرپ - ئادەتلىرى، تىلى، ئىپپەت -
نومۇسىنى ساقلاش، بالىلىرىنى ياخشى بېقىش ۋە تەربىيە-
لەش، بالىلارنى ۋە ئائىلىرىنى تولۇق نەپىقىلەندۈرۈشنى
تەركىسىز مىللىي ئەخلاق، ئائىلە مىزانى، ئادەمىيلىك
بۇرچ، مەيلى قايسى تەرەپ بولمىسۇن ئىپپەت - نومۇس-
نى ساقلىماسلىق، تالاغا قاراشنى جۈپتى روزىگارى ئۈ-
چۈن، ئائىلىسى ئۈچۈن، بالىلىرى ئۈچۈن كەچۈرگۈسىز
خىيانەت ۋە جىنايەت دەپ قاراپ كەلگەن. قەدىمكى
ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەركەكلىرى ئۆز جۈپتى روزىگارى
بولغۇچى ئايالىنى «قاتىن» دەپ ئاتىغان. «قاتىن» سۆزى
دىلى (يۈرىكى) دىلىغا، ئېتى ئېتىگە، جېنى جېنىغا قېتىش-
قان، ئارىلاشقان، ئۇيۇشقان دېگەن سۆز بولۇپ، كېيىنكى
چاغلاردا «ق» ھەرپى ئورنىغا «خ» يورۇتۇلۇپ، «خا-
تىن» بولۇپ ئىشلىتىلگەنلىكى مەلۇم.

ئەجدادلىرىمىز بۇ ئەنئەنىۋى ئەخلاق - پەزىلەتلىرى-
نى ساقلاشتا ئۇلار قەدىمكى بوۋىلىرىنىڭ ئەدەپ - ئەخلا-
قى ۋە قائىدە - يوسۇنلىرىغا ھۆرمەت قىلىپ، ئۇنىڭغا
سادىق بولۇپ كەلگەنلىكتىن، ئۇيغۇرلار كۆچمەن چارۋى-
چىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرگەن چاغلىرىدىمۇ يايلاق

ۋە چېدىرلار ئالدىدىكى بۇلاق ۋە كۆللىرىدە ۋاپادارلىقنىڭ
سىمۋولى بولغان ئاققۇ ئۈچۈن ئاۋۋال ئورۇن ھازىرلىغان
ۋە ئورۇن بەرگەنىدى. بۇ ئادەتلەر ھازىرمۇ مانى دىيىدىكى
ئۇرۇقداشلار ئارىسىدا ساقلىنىپ كەلمەكتە. رىۋايەتلەرگە
قارىغاندا، مەرگەنلەر ئەگەر ئاققۇنىڭ ئەركىكىنى ئوۋلىغان
بوولسا، ئۇنىڭ ئوق تەككەن جەسىتى ئاسماندىن يەرگە
چۈشۈپ بولغۇچە چىشى ئاققۇ تېخىمۇ ئېگىز ھاۋا بوشلۇ-
قىغا قاڭقىپ، كۆتۈرۈلۈپ، سوگرە قانىتىنى جۈپلەپ يەر
تەرەپكە شۇڭغۇپ، ئاندىن كۆكسىنى قاتتىق زېمىنگە ئۇ-
رۇپ، ئۆزىنى ئۆلتۈرىدىكەن. ئەگەر چىشىنى ئوۋلانغان
بولسا، ئەركىكى خۇددى شۇل تەرىزدە ئۆزىنى ئۆلتۈرەر
ئىكەن، دېگەن تەمسىل بار. ھەتتا ۋاپادارلىق سىمۋولى
بولغان ئاققۇنى ئوۋلىغانلارنىڭ ئائىلىسىگە قۇتلۇق بولماي-
دۇ ۋە بەخت يولى ئېتىلىدۇ، دېيىلگەن ئېتماد (ئىشەنچ)
مۇ بار.

بىزنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىمىز ئۆز جۈپتى روزىگارلىرىغا
ۋاپادار بولۇشتا خۇددى پاك يۈرەك ئاققۇدەك بىر- بىرلىرى-
گە سادىق ۋە سەممىي ئىدى. شۇڭا، بۇ ئەنئەنىۋى
پەزىلەتنى ساقلىشىپ كەلگەن.

### سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ھۇزۇرىدا

سەئىدىيە خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى سۇلتان سەئىد-
خان (مىلادى 1514 - يىلى 7 - ئايدا سەئىدىيە خانلىقىنى
قۇرۇپ، مىلادى 1533 - يىلى 47 يېشىدا ۋاپات بولغان)
ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ سالاھىيەتلىك ئوغلى
ئابدۇرەشىدخان (مىلادى 1533 - يىلى بۇ خانلىقنىڭ I
خانى بولۇپ، 26 يىل خانلىق قىلغاندىن كېيىن مىلادى
19559 - يىلى ۋاپات ئەتتى) ئاتىسى ئورنىغا خان بولدى.
سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ئۆز ھاياتىدا سەئىدىيە خانلىقى-
نىڭ راۋاجى ۋە روناق تېپىشى ئۈچۈن زور سەئىي -
ئىجتىھاد قىلغان بۈيۈك سىياسىئوندۇر. سۇلتان ئابدۇرە-
شىدخان خانلىقنى ئەدلى - ئادالەت بىلەن ئىدارە قىلغان-
لىقتىن، شىمالدا يەتتىسۇ، توقماقلارغىچە، جەنۇبتا تىبەت،
كەشمىرغىچە، غەربتە تاشكەنت، شەرقتە كەڭسۇ (گەنسۇ)
، چىڭخەي (كۆكنۇر)غىچە بولغان كەڭ زېمىندىكى ئەھ-
لى پۇقرالارنى ھەقىقىي ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئەلنى ئەمىن
قىلغان. خانلىق ئاۋاتلىشىپ، ھەممە يەر مەمۇرچىلىققا
تولغانىدى.

سۇلتان ئابدۇرەشىدخان يىلىش ۋاقىتلىرىدا ھەربىي
يۈرۈشلەرگە قاتنىشىپ، ئۇرۇش - جەڭلەردە چىنىققان؛
بۈيۈك ئالىم - ئەللامىلاردىن ئىلىم ئۆگىنىپ، كامالەتكە
يەتكەن. شۇڭا ئۇ مەرىپەتپەرۋەر، ئىلىم ئەھلىگە ھامىي،

ھاكىمىيەت باشقۇرۇشقا قابىل، ھەر دائىم ئەل ئىچىگە
بېرىپ، خەلقنىڭ دەردى - ئەھۋالىنى ئاڭلاپ ھالىغا
يېتىدىغان، ھۆكۈمەت خادىملىرىنى ئۆزى بىۋاسىتە تەپ-
تىش قىلىدىغان، قوشنا مەملىكەت ۋە يات ئەللەر بىلەن
رابىتەلەرنى مۇۋاپىق قىلالايدىغان ۋە ئىناق ئۆتۈشنىمۇ
بىلىدىغان ئۇلۇغ زات ئىدى.

سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەنئە-
نىۋى ئەدەب - ئەخلاقىي پەزىلەتلىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ
«قاتىن»لەر ئىمتىيازى «ھوقۇقى»نى ھۆرمەتلەشنى ھە-
مىشە تەشەببۇس قىلغان. ئۇلارنىڭ پىرىم ئائىلىكىنى
ئېتىراپ قىلىپ، ئەمىر - يارلىقلىرىدا، سۆھبەت سورۇنلى-
رىدا خوتۇن - قىزلارنىڭ پەزىلەت، خىزمەتلىرىنى ئىن-
چىكىلەپ تونۇتۇپ، كۆرسىتىپ ئۆتكەن. ھەتتا نىكاھلى-
نىشتىكى تۆت شەرتنىڭ بىرىنچىسى بولغان «خوتۇنلار
ئاۋۋال ئۆزىنىڭ رىزالىقىنى بىلدۈرۈش» شەرتىنى قايتا -
قايتا تەكىتلىگەن.

كۆپلىگەن راست سۆزلۈك تارىخچىلار، ئەدىبلەر،
تەتقىقاتچىلار سەئىدىيىلەر دەۋرىدىكى ئەخلاقىي گۈللە-
نىش، سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ ئادىللىقى، ئۆزى مەش-
ھۇر خان بولسىمۇ، ئوردا ئەنئەنىسىدىن قورقماي دېھقان
قىزى ئامانىسىغا ئۆيلىنىشى، ئۇلارنىڭ بىر - بىرىگە
سادىق - ۋاپادارلىقى، ئۇيغۇر 12 مۇقامىنى توپلاپ، رەت-
لەپ، قېلىپلاشتۇرۇپ تارىختا ئۆچمەس تۆھپە قالدۇرغان-
لىقى ۋە ئامانىسالخاننىڭ «ئىشرەت ئەنگىز» مۇقامىنى
ئىجاد قىلغانلىقى، خوتۇن - قىزلارغا نەسىھەت قىلىش
مەزمۇنىدا «ئەخلاقىي جەمىلە» (گۈزەل ئەخلاق) ناملىق
بىر كىتاب يازغانلىقى ھەققىدە كۆپلىگەن ئىلمىي، تارى-
خىي، ئەدەبىي ئەسەرلەرنى يازغانلىقى ئۈچۈن ماقالىنىڭ
سەھىپە ئېھتىياجى بىلەن بۇ ھەقتىكى تەرىپلەرنى قايتا
تەكرارلىماي، ئوقۇرمەنلىرىمىزگە بۆزچى ھۇسەيىننىڭ ھې-
كايىتى بىلەن مۇقاملىشىپ، شائىرە، ئۆز دەۋرىنىڭ يېتۈك
ئەخلاقشۇناسى ئامانىسا خېنىمنىڭ ئۆلۈم ئالدىدىكى ۋە-
سىيىتىنى تەقدىم قىلماقچىمەن.

* * * * * * * *

ھەپتىدىن بۇيان، سېتىپ ئالغان يىپلىرىنى ئاقلاق
ئۆرۈش قىلىپ پاتلاپ تەييارلىغان بۆزچى ھۇسەيىن قىب-
لىغا ئۇدۇل تۈزۈلگەن دۇكانغا رەتلىك تارتىپ، سەھەردە
تۇرۇپ تاھارەت ئېلىپ، «بىسمىللا» بىلەن بىرىنچى مو-
كىنى ئاتقاندىن باشلاپ چارشەنبە كەچقۇرۇنغىچە 27 دانە
خامنى توقۇپ تەييارلاپ، قاتلاپ، پەيشەنبە كۈنى ئەتى-
گەندە يول چاۋىرىدا ئىسرىق سېلىپ، «شەش بازىرى»

غا ئاپىرىپ، تىلىگەنگە قاراپ سېتىپتۇ.

ئۇ، ماتالىرىنى سېتىپ بولغاندىن كېيىن يىپ بازى-
رىغا بېرىپ يەنە ھەپتىلىك تىرىكچىلىكى ئۈچۈن يىپ،
ئاشقان پۇلىغا ئاشلىق، سەۋزە، گۆش، تۇز، ياغ قاتارلىق
لازىمەتلىكلەرنى ئېلىپتۇ. بازاردىن قايتىپ ئۆيىگە كىرسە،
ئەھلى بەيتى (ئۆي ئىگىسى) بولغان زۇلەيخان بۈگۈندىن
بۇرۇنقى چاغلاردىكى خۇش چىرايى بىلەن ئۇنىڭ ئىستىق-
بالىغا چىقىپ قولىدىن بازارلىقلىرىنى خۇشال - خۇرام
ۋە ئىتتىك ئېلىشنىڭ ئورنىغا، ئېرىدىن بۈگۈنكى پۇلنىڭ
ھېسابىنى ئېلىپتۇ. دېمىسىمۇ زۇلەيخان ئاخىرقى تۇغۇتى-
دىن كېيىن چىرايى ئېچىلمايدىغان بولۇپ قالغانىكەن.
بۇنى ئاز دېگەندەك، بازاردىن ھېرىپ - ئېچىپ كەلگەن
ھۇسەيىن بۆزچىدىن ھەدېسلا پۇلنىڭ ھېسابىنى بىر -
بىرلەپ ئېلىپ، پۇلدا سەل - پەل ئېگىز - پەسلىك
كۆرۈلسىلا: «بۇ پۇل نەگە كەتتى» دەپ ئۇرۇشىدىكەن.
ئۇلار جېدەل ئۇلغىيىپ بولالمىغاندا مەھەللە ئىمامىغا،
ھەتتا مەھكىمە شەرئىيگە بارىدىغان بوپتۇ. بۈگۈنمۇ ھۇ-
سەيىن بۆزچى ھويلا ئىشىكىدىن كىرىشىگە ئەسەبلىرى
قوزغالغان زۇلەيخان ئېرىنىڭ ساتقان خام پۇلىدىن ھېساب
ئېلىپ كۆرسە، 16 پۇل كەم چىقىپتۇ. زۇلەيخان: «بۇ
پۇل نەگە كەتتى؟» دەپ ئېرى بىلەن جېدەللىشىپتۇ.
جېدەل ئەدەپتۇ. ھۇسەيىن بۆزچى ئەكەلگەن يىپ - تالق
ۋە گۆش - ياغلارنى تاشلاپلا ئالچىقىغا بەس كىيلەلمەي
خوتۇنىغا بىر كالچات سالپتۇ - دە، ئەرز قىلىش ئۈچۈن
سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ئوردىسىغا مېڭىپتۇ. ئەزەلدىن
خەلقنىڭ چوڭ - كىچىك ئەرز - دادلىرىنى ئۆزى ئاڭلاپ،
ئۆزى سوراپ ئادەتلەنگەن خان بۆزچى ھۇسەيىننىمۇ
قوبۇل قىلىپ ئەرز - دادىنى سورىغاندا، بۆزچى ھۇسەيىن
سۇلتان ئابدۇرەشىدخانغا: - ... خاتۇنۇم بىلەن ئارىمىزدا
مۇھەببەت قالمىدى. خانىمىزدا جېدەلدىن باشقا ئاراموۇدا
جىم ئولتۇرىدىغان دەقىقە يوق. ماڭا ھەدېسلا تاپا - تەنە،
دەككە قىلىدۇ. ھېساب ئالىدۇ. ئاجرىشىپ كېتىشكە نىيەت
قىلىپ ھوزۇرۇڭلىرىغا دادىمنى ئېيتىپ كەلدىم، - دەپتۇ.

سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ھۇسەيىن بۆزچىگە ئۆزى
يۆكىنىپ ئولتۇرغان گىلەم ئۈستىدە ئولتۇرۇشقا ئىشارەت
قىلىپ: «يېقىن ئولتۇرغىن» دەپ يېنىغا چاقىرىپتۇ. ئارى-
دىكى تارتىنىشلار تۈگەپ، خان بىلەن بۆزچى تىزنى
تىزغا تەگكۈزۈپ ئولتۇرۇپ پاراڭلىشىپتۇ. سۇلتان ئابدۇ-
رەشىدخان بۆزچى ھۇسەيىننىڭ ئەرز - دادىنى كۆڭۈل
قويۇپ ئاڭلاپ ئۇنىڭغا قاراپ دەپتۇ:

- خاتۇنلىرىمىز ھەمىشە بىزنىڭ دەككىمىز ۋە ئاچ-

چىقىمىزنى كۆتۈرسە، تاپا ـ تەنىلىرىمىزگە چىدىسا، خىلم كۆتۈرۈپ ئېلىپ كىرگەن يېمەكلىرىمىزنى پىشۇرۇپ، ئوبدىنىنى بىزلەرگە يېگۈزسە، خانىمىزنى ئىسسىتىپ، يورۇتسا، ئۇنى ساقلىسا، تەشنا كىرسەك بىزگە سۈت، شەربەت، چاي بەرسە، كىر ـ قاتلىرىمىزنى يۇيۇپ، ياقىلىرىمىزنى ئاقارتسا، يىرتىلغان كىيىم ـ كېچەك، يوتقان ـ تۆشەكلىرىمىزنى پاكىزلەپ ياماسا، ئارزۇلىرىمىزنى قاندۇرۇپ، پەرزەنتلىرىمىزنى توققۇز ئايلاپ بويىدا كۆتۈرسە، سۈتلىرىنى ئەمگۈزۈپ، ھۆللىرىنى قۇرۇتقاداپ، ئوت ـ سۇدىن ساقلاپ، ئاغرىقىدىن خەۋەر ئېلىپ چوڭايتسا، تاپقان ـ تەرگەنلىرىمىزنى بىر ـ بىرلەپ ئەكىرسەك جۇغلاپ ئائىلە خەزىنىسىدىن ئىبارەت چوڭ بايلىق جۇغلىسا، ئاتا ـ ئانا، بىر تۇغقان، خىش ـ ئەقرىبا، يارۇ ـ ئاشنا مېھمانلىرىمىزنى ئىستىقبال قىلىپ، ئۇلار ئالدىغا پايمال بولۇپ چىقىپ نېمەت داستىخانلىرىنى ياپسا، دەردىمىزگە دەرمان بولۇپ، كۈن ۋە تۈن بىزنىڭ مۇنىس (سىرداشقۇچى) مىز بولسا ... شۇنچە ھەسسىلەت (ياخشىلىق) لىرىنى ئالدىمىزغا كەلتۈرمەي، تېخى ئۈزۈلۈشۈپ كېتىش دېگەن سۆزنى ئاغزىمىزدىن چىقارماقچى بولامسىنا؟! خانلىقىمىز تەۋەسىدىكى ئەركىشى دېيىلگەن زاتلار ئۆز ئائىلىسىنىڭ ئاشۇنچىلىك يۈكىنى ئۈششىبىسىدە كۆتۈرۈپ كېتەلەمسىكەنۇ، كەمىنەنىڭ سەلتەنەتىمىزدىن ئىبارەت بۇ زور ئائىلىنىڭ ئەھدىسىدىن چىقىمىقى بەسىي مۇشكۈللەردىن بولسا كېرەك. كۆلبەڭ (ئۆيۈڭ)دە ئەھلى بەيتىڭنىڭ بىر كۈن يوق بولغان كۈنىنى سەن ئېسىڭگە ئېلىپ باق. روزىگارىڭدىن بوران، كەبى ھالىڭدىن ۋەيرانلىق ئەكس ئېتىدۇ. «تالاق» (ئۈزۈلۈشۈپ كېتىش) سۆزىنى دېمەك ئەھلى مەردىنىڭ ئىشى ئەمەس. ئۇ مەبغۇز (غەزىپلەنگەندە ئېيتىلغان) نەرسىدۇر. بۇ بىلازىم سۆزنى ئىشلەتمەك ئار ـ نومۇسسىز كىشىلەرگە ئاسان، ئەمما ئۇنىڭ ئاقىۋىتىدىن كېلىدىغان دىشۋارچىلىقنى ھەل قىلىش تولىمۇ تەس. سەن گەرچە جاھىللىقىڭغا ئېلىپ ھېچكىمنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمايمەن، دەپ قەسەمگە ئولتۇرغان بولساڭمۇ، لېكىن سەبىي باللىرىڭنىڭ: «دادا، ئانا» دېگەن پاك ۋە سەممىي، غەرەزسىز ساداسى، سالاسى ئالدىدا لەت بولۇپ، بوششىپ كېتىشىڭ ۋە قەھرى ـ غەزىپىڭدىن قايتىشىڭ مۇمكىن.

پەردە بىلەن ئايرىلغان ھەرەمخانىدا سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ سۆزىدىن ۋاقىپ بولغان خانىش ئامماننىسا خېنىم:

ـ باشقا خالايىقلارنىڭ ئۆيىگە مۇھەببەت تولدۇرۇپ قويۇشىنى يوق. ئەلۋەتتە ئەر ـ خاتۇن بولغۇچى زاتلار بىر ـ بىرلىرىگە رىئايە ۋە ھۆرمەت قىلىپ، مۇھەببەتنى ئىزدىنىپ تېپىشلىرى لازىم. شۇ چاغدا ئۆي ئىچىدە ھەممىسى بولۇپ، تۇرمۇشتا راھەت، خانىدا بەرىكەت بولىدۇ. سىز بىلىسىزكى، كېپەن دېيىلگەن ئۆلۈك كىيىمنى ئادەتتە ئۆلگەن ئادەملەر ئۈچۈن پىچىدۇ، ھاياتلارغا كېپەن پىچىلمايدۇ. بىز ئەھلى زايىپلار (خاتۇنلار) ھايات كىشىگە كېپەن پىچىلسا يىرگىنىپ قورقىنىمىزدەك «تالاق» دېيىلگەن سۆزنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ قېلىشىدىن شۇنداقلا يىرگىنىپ قورقىمىز. ئەركىشىنىڭ يوق ئىشلارغا ۋەسۋەسىلىپ يۈرمىگىنى ياخشى، ـ دەپ سۆز قوشۇپ خاننىڭ نەسىھىتىنى ئىزاھلاپتۇ.

خان ۋە خانىشنىڭ سۆزىدىن قاتتىق تەسىرلەنگەن بۆزچى ھۇسەيىن ئويلىغان يامان پىكرى ئۈچۈن پۇشايمان قىلىپ، چىپىلداپ تەرلەپ، خان ھۇزۇرىدىن ئەپۇ سوراپ، خىجالەتتە ئۆيىگە قايتىپتۇ. ھويلا ئىشىكىدىن ئەمدىلا بېشىنى تىققان بۆزچى ھۇسەيىننى كۆرۈپلا خوتۇنى يەنە بىگىدىن جېدەل باشلىماقچى بولۇپ: «... سەن مېنى ئۇرۇپ ـ سوقۇپ، ھاقارەتلىگىنىڭنى ئاز دەپ تېخى مېنى مەھەللە ـ كوي ئالدىدا مەھكىمە شەرئىيگە سۆرەپ ئاپىرىپ خالىغىنىڭنى قىلماقچىمىدىڭ؟ ئەمدى سېنىڭ ماڭا كۆرسىتىدىغان ھەر قانداق كاراماتىڭ بولسا كۆرىمەن» دەپ بىر قولى بىلەن ئېرىنىڭ ياقىسىغا، يەنە بىر قولى بىلەن ئۇنىڭ بەلبېغىغا ئېسىلىپ: «ئۇرە!» دەپ قورسىقىغا ئۇسكىلى تۇرۇپتۇ. تولا موكا ئېتىپ قولى بەكمۇ ئىتتىپ كەتكەن ھۇسەيىن بۆزچى بۇ قېتىمدا: «ئەستەغپۇرۇللا» دېگىنىچە ساقىلىنى تۇتاملاپ، تامدىكى شامدەك قېتىپلا تۇرۇپ قاپتۇ. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن قىزى زۇبەيدە دادىسىنىڭ پېشىغا ئېسىلىپ: «جېنىم دادا، بىزنىڭ يۈزىمىزنى قىل، ئاچچىقىڭغا ھاي بەرگىن. بۇ بىقىنىدىن بېرى كېسەلنىڭ دەستىدىن ئانامنىڭ ئېسىرى ئەدەپ كەتتى» دەپ يىغلاپ يالۋۇرۇۋاتسا، ئاكىسى ھەسەن ئانىسىنىڭ قول بىغىشىنى تۇتۇۋېلىپ: «مېھرىبان ئانا! دادامنىڭ ياقىسىنى قويۇپ بەر. سەن ھەمىشە بىزگە يېتىمچىلىكنىڭ، كېلىنلىكنىڭ دەردىنى قانچىلىك كۆپ تارتقانلىقىڭنى سۆزلەپ بېرىپ: ئىككى يېتىم كاككۇك ـ زېمىنەپنىڭ ئاران قۇرغان ئۇۋىمىز بۇ ئۆي دېيتتىڭ! ئەمدى شۇ ئاۋات بولغان ئۇۋاڭلارنى بۇزۇشقا قانداق چىدايسىلەر؟» دەپتۇ ۋە ئوغۇل ـ قىز ئىككىسى جۈپ پاك كۆزلىرىدىن ئاققان ئابى نىسان (باھاردا تۇنجى ياغقان يامغۇر سۈيى) ئاتا ـ ئانىنىڭ دىلىدىكى غەشنى ئېقىتىپ كېتىپتۇ، ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى ئاداۋەتنى يۇمشىتىشقا

مەلھەم، شۇنداقلا ئىككى دىلنىڭ بىر - بىرىگە بولغان مۇھەببىتىنى قايتا چېتىشتا يېڭى رىشتە بوپتۇ. پەرزەنتلىرىنىڭ كۆز ياشلىرىدىن تەسىرلەنگەن ھۆسەيىن بوزچى:

- باللىرىم، سىلەرنىڭ ئېيتقانلىرىڭلار بەرھەق. ئاتاڭلار بىلەن مەن بىر - بىرىمىزنى، سەرگۈزەشتىلىرىمىزنى، دەردۇ - ئەلەملىرىمىزنى ... ياتلارغا نىسبەتەن ئوبدان چۈشىنىپ، روزىگار قۇرۇپ سىلەرگە ئاتا - ئانا بولغاندۇرمىز. خۇدانىڭ ئىلتىپاتى بىلەن خانىمىز بەرىكەت تاپقاندى. ئەمما مەن بىۋاپا ئاتاڭلار ئۆزۈمنى، ئاناڭلارنىڭ قىلغان خىزمەت ۋە ئەقىدىسىنى، سىلەرنى ئۇنتۇپ، ئاچچىقىمنى باسالماي خان ھوزۇرىغا شىكايەتكە بارغىنىمدا ئۇلۇغ خانىمىز سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ئالىيلىرى ۋە خانىش ئامانىنساخان خېنىم: «تالاق سۆزىنى ئېغىزدىن چىقارماق ئار - نومۇسسىز كىشىلەرگە ئاسان، ئەمما ئاقىۋىتىدىن كېلىدىغان دىشۋارچىلىقى تولىمۇ تەس، ئەر - خوتۇن بولغۇچى زاتلار بىر - بىرىگە رىئايە ۋە ھۆرمەت قىلىشلىرى لازىم» دەپ پەند - نەسىھەت قىلدى. خان ئالىيلىرىنىڭ قىلغان سۆزى جېنىمدىن ئۆتۈپ يۈرىكىمگە تەگدى. ئۆي ئىچىدىكى ئىشلارنى مەھكىمىگە شىكايەت قىلىپ بېرىش قىلچاندا بولمىسۇن يۈز سۈيىنى تۆكۈشتىن، ئۆزىنى خارلىققا سېلىشتىن، ئائىلە چاۋىسىنى چىتقا يېيىشتىن باشقا نەرسە ئەمەسكەن، - دەپتۇ. ئاندىن زۇلەيخان:

- مەن ئۈچۈن ھەمىشە سۆيەت بولىدىغان، يىراقىمنى يېقىن قىلىدىغان، يوقنى ئەھيا قىلىدىغان، ھەممە ئېغىرچىلىقنى كۆتۈرىدىغان ھەتتا خانىمىزنىڭ قازىنى ئۈچۈن ئۆزى ئوتتۇن بولۇپ كۆيىدىغان، ئەلنى، يۇرتنى ۋە بىزلەرنى قوغدايمەن دەپ ياۋغىمۇ بارىدىغان ئاتاڭلارنى ئىشىكتىن كىرىشىگىلا زورلاپ زىنجىتكىنىمنىڭ خان ھوزۇرىغا بېرىپ يەتكىنىنى، يەنە ئۇ شاھلىرىمىزنىڭ پاراسەت بىلەن قىلغان نەسىھەتلىرىنى ئاڭلاپ خىجالەتتە قالدىم. مەن بىلمەپتىمەن، توۋا قىلدىم. ئاۋۋال ئۇلۇغ خانلىرىمىزدىن، ئاندىن ئۆزلىرىدىن ئۆزرە سورايمەن، - دەپ يىغلاپ كۆزىدىن ئىسسىق ياش تۆكۈپ، ئۇنى سارغۇچ بىلەن سۈرتۈشكە باشلاپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئائىلىدىكىلەر ئىناق، ئىمراق بولۇپ، ئائىلە بەرىكەت، رونەق تېپىپ نەۋرە، چەۋرە، ئەۋرىلەرنى قاتارغا قوشۇپتۇ.

## ئامانىنسا خېنىمنىڭ ۋەسىيىتى

خاتىرىلەردە، مىللىي ئەدەب - ئەخلاق مىسلىسىز گۈللەنگەن سۇلتان ئابدۇرەشىدخان زامانىسىدا پۈتۈن يۇرتتا ئەر - ئاياللاردىن «ئۇزۇلۇشىمىز» دەپ مەھكىمىلەرگە يۈگۈرگۈچىلەر ناھايىتى ئاز بولغان، دەپ رىۋايەت قىلىنىدۇ. چۈنكى خانىنىڭ «پىرىم ئالىم» بولغان خوتۇنلار مەسىلىسىدە ئىنساپ ۋە ئادالەتنى قايتا - قايتا تەكىتلىشى ۋە ئەمەلىي تەدبىرلىك ئىش يۈرگۈزۈشى بىر سەۋەب بولغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئەففە (پاك، ئۆز نەپسىنى ساقلىغۇچى) ئەھلى بەيتى خانىش ئامانىنسا خېنىمنىڭ ۋاپاتىدۇر. ئۇ، ئۆتكەن خانلارنىڭ خاتۇنلىرىدەك ئەۋلادلىرىغا ئالتۇن - كۈمۈش، زىبۇ - زىننەت قاتارلىق نەرسىلەرنى مىراس قالدۇرماي مۇنداق ۋەسىيەت قالدۇرغان:

«مەن يېقىن سائەتتە ئالەمدىن ئۆتىدىغاندەك تۇرىمەن. ھەزرىتلىرىدىن ئۆمىدىم: كەمىنە روزىگارلىرى پۈتۈن ھاياتىمدا ئەل مەرىپىتى ئۈچۈن تىرىشتىم، يازدىم. مېنىڭ زىخرە ئاخىرەت (ئاخىرەتكە سەرمايە) بولغۇدەك ياخشى خىسلەت، پەزىلىتىممۇ يوق. مالىك بولغان دۇنيالىقىم ھاجىتى ئەسلىدىن زىيادىمۇ ئەمەس. ئاشۇ كات ئۈستىدىكى يېڭى تاغاردىكى ئۆز قولۇم بىلەن توپلىغان قومۇش قەلەم قىرىندىسى مېنىڭ ھاياتىمدا يىغقان غەززانەمدۇر. مەن ھەر بىر خەت ئۈچۈن ئۇشلانغان قومۇش قەلەم قىرىندىسىنى جۇغلاپ قويغانىدىم. ئۇ مېنىڭ سىزغان قەلىمىم ئەجرى ۋە سەمەرىسى بولسۇن، باقىي ئالەمگە ئالغاچ كېتەي. شۇل قەلەم قىرىندىسى بىلىنە مېنى يۇيىدىغان تاھارەتىم سۈيى ئىسسىتىلىپ، بەدىنىم يۇيۇلسۇن.

مۆھتەرەمە ئالىم مەلىكە رازىيەنىڭ ياقۇتى خېتى بىلەن يېزىلغان «مەسىھەت شېرىف»نى تېخى كۆچۈرۈپ بولالمىغانىدىم، ئۇنى باكىرە قىزلاردىن بىرى ئاخىرىغا يەتكۈزۈپ، ھەممە يۇرتتىكىلەرگە تەقدىم ۋە تەلىم قىلغان بولغايلا. ئالىمە پاتىمە بىنتى ئەھمەد بىنتى مۇھەممەد سەمەرقەندىي قىزىنىڭ خەتتى قارىسى نۇسخىسىدە مەقبەرەم (قەبرە)گە خاتىرە يېزىلغاي ...»

ئۇ، شۇ سۆزلەرنى دەپ بولۇپلا كۆز يۇمىدۇ. بۇ ھال سۇلتان ئابدۇرەشىدخانغا قاتتىق تەسىر قىلىدۇ. ئۇ زات ئالىم، پازىلە - ئەففە ئامانىنسا خېنىمنىڭ پاك مۇھەببىتى، ھۆرمىتى خاتىرىسى ئۈچۈن ئۇنىڭ تاھارىتى بىلەن ئەركەك ئاققۇدەك دۇنيادىن ئۆتىدۇ. بۇلارنىڭ راستلىق، ئىنساپلىق، ۋاپادارلىق ئەخلاقىي پەزىلەتلىرىنى كۆرگەن، ئاڭلىغان ئەل تېخىمۇ بىر - بىرلىرىنىڭ قەدرىگە يېتىدىغان ۋە كۆيۈنىدىغان بولۇپ، ئۆز يولى ۋە ئەقىدە - ئېتىقادلىرىدا مۇستەھكەم تۇرۇش، ئەنئەنىۋى ئەخلاقىي پەزىلەتلىرىنى قوغداش ئارقىلىق، تارىختا ئەۋلادلارغا يىقىلماس ئەخلاق ئابىدىسىنى تىكلىگەنىدى.

كاشغەر شەھىرى، 1982 - يىل 30 - ئىيۇل

# ئىدىيىۋى - ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنىڭ ئۈنۈمى توغرىسىدا

سۇلايمان نىياز

ئىدىيىۋى - ئەخلاق قۇرۇلۇشى - سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ، پۈتكۈل مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ خاراكتېرى ۋە يۆنىلىشىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ ھەم جەمئىيەتنىڭ سىياسىي - ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ تېز سۈرئەت بىلەن ئىلگىرى سۈرۈلۈشىگە تۈرتكە بولىدۇ. شۇڭا، ئاممىۋى خاراكتېرلىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇپ كۈچەيتىش ئۈچۈن ئىدىيىۋى - ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ئەڭ ئۈنۈملۈك ۋاستە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

1. ئاممىۋى خاراكتېرلىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا ئاكتىپ قاتنىشىش بىلەن ئەخلاق قۇرۇلۇشى نىشانىنىڭ بىرلىكى.

خەلق ئاممىسى - مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بېرىشنىڭ بىۋاستە، ئەڭ جانلىق، ئەڭ ئىلغار ۋە ئەڭ ئاكتىپ سۇبيېكتى بولىدۇ. ھالبۇكى، ئىقتىسادىي ئىگىلىكنىڭ تەرەققىي قىلىشى، خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ كىشىلەرنىڭ ماددىي تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىلىشى ئۈزلۈكسىز ئۆسۈپ بېرىپلا قالماستىن، مەنىۋى تۇرمۇش سۈپىتىنىڭ ئۆسۈشىگە بولغان ئىنتىلىشىمۇ كۈچىيىپ بارىدۇ. شۇڭا، پارتىيىمىز - دۆلىتىمىزنى باي، قۇدرەتلىك، دېموكراتىك، مەدەنىيەتلىك، زامانىۋىلاشقان سوتسىيالىستىك دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىشتا بىر قولدا ماددىي مەدەنىيەتنى يەنە بىر قولدا مەنىۋى مەدەنىيەتنى تۇتۇشتىن ئىبارەت ئىككى قولدا چىڭ تۇتۇش فاڭجېنىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ خەلق ئاممىسىنىڭ تۈپ مەنپەئەت ئېھتىياجىنىڭ ئەكس ئەتتۈرۈلۈشى، پارتىيىنىڭ ئاممىۋى لۇشيەنىنىڭ تۈپ نىگىزىدۇر؛ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى پائالىيىتى جەريانىدا، چوقۇم ئاممىۋى لۇشيەندە مېڭىپ ۋە ئاممىۋى لۇشيەندە چىڭ تۇرۇپ، «ئاممىغا ئىشىنىش»، «ئاممىغا تايىنىش»، «ئاممىدىن ئېلىپ»، «ئاممىغا قايتۇرۇش» كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا ئىدىيىۋى - ئەخلاق قۇرۇلۇشىنىڭ نىشانىغا يەتكىلى بولىدۇ. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجى ۋە نۆۋەتتىكى ئەمەلىيىتى توغرىسىدا پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ھەر قايسى شەھەر خەلقىگە مەدەنىيەتلىك شەھەر قۇرۇش پائالىيىتىنى كەڭ تۈردە قانات يايدۇرۇپ گۈزەل مۇھىت بەرپا قىلىش، ئەلا تەرتىپ يېتىلدۈرۈش، ئەلا مۇلازىمەت قىلىش ۋە ساغلام بولغان مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى بەرپا قىلىشنى مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى دەپ ئوتتۇرىغا قويدى. نەچچە يىلدىن بۇيان كەڭ شەھەر ئاھالىسى زور كۈچ بىلەن تىرىشىپ ئۆز شەھەرلىرىنىڭ تۇرمۇش مۇھىتىنى ياخشىلاش ئۈچۈن سالغان مەبلىغىنىڭ ھەممىسىنى مۇھىتنى ياخشىلاشقا ئىشلىتىپ خەلق ئاممىسىنى ئەمەلىي نەپكە ئېرىشتۈردى. بۇ ئىش كەڭ ئاممىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا بىر كىشىلىك ھەسسىسىنى قوشۇش جەھەتتە ئاكتىپچانلىقىنى زور دەرىجىدە قوزغىدى. نۆۋەتتە ھەممە ئادەم مەدەنىيەتلىك شەھەر قۇرۇشتىن ئىبارەت يۈكسەك نىشانغا ئاتلىنىپ، چىن دىلىدىن بۇ خىل ياخشى كەيپىياتنى قوللاپ قۇۋۋەتلەپ ھىمايە قىلماقتا. ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىمەسلىكنى، ئەخلاقلىق بولماسلىقنى ۋە مەدەنىيەتلىك بولماسلىقنى كەڭ ئامما قوبۇل قىلمايلا قالماستىن، بەلكى ئۇنى چەكلەيدىغان ھەم ئۈزۈل-كېسىل تەنقىد قىلىدىغان ۋەزىيەت شەكىللەندى. نەتىجىدە ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار ئاممىنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى جەريانىدا ھەم تەشۋىقاتچى ھەم تەشكىللىگۈچى ھەم تەربىيىلىگۈچى ھەم قاتناشقۇچىلاردىن بولۇپ قالدى.

2. ئاممىۋى خاراكتېرلىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى جەريانىدىكى ئىجادچانلىقنىڭ سۇبيېكتى بىلەن ئەخلاق قۇرۇلۇش سىستېمىسى مۇرەككەپ بىرلىكتىن ئىبارەت. كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئاكتىپچانلىقىنىڭ بارلىققا كېلىشى ئەڭ زور ئىجادىيەت ۋە بايلىق. چۈنكى بۇ خىل ئىجادچانلىق دەل رېئال ئىدىيىۋى - ئەخلاق قۇرۇلۇشىدىكى بىر خىل سىستېما قۇرۇلۇشىنىڭ زور ئېھتىياجى. بىرىنچى، يېڭى دەۋردىكى ئىدىيىۋى - ئەخلاق قۇرۇلۇشىنىڭ مۇقەررەر بولۇشى، مىللەتنىڭ تارىخى مەدەنىيىتىنىڭ مەھسۇلى، شۇنىڭدەك، ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىدىكى ئەخلاق قۇرۇلۇشىنىڭ مەركەزلىك

گەۋدىلىنىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. جۇڭگودا مىللەتلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى ئەخلاقىغا تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىشتا مېغىزى بىلەن شاكىلىنى پەرقلەندۈرۈش، خاتاسىنى، ۋاقتى ئۆتكەننى چىقىرىۋېتىپ، توغرىسىنى، دەۋرگە ماس كېلىدىغىنىنى تاللاش كېرەك. ئاممىۋى لۇشيەندە مېڭىپ، قايسىسى ساختا، قايسىسى ھەقىقىي، قايسىسى يىرگىنىشلىك، قايسىسى گۈزەل، قايسىسى خۇنۇك قايسىسى ياخشى بولارنى ئەستايىدىل پەرقلەندۈرۈش بىلەن بىرگە، چەت ئەلنىڭ نەرسىلىرىدىن تەنقىدىي يۈكسەكلىكتە تۇرۇپ تاللاپ جۇڭگونىڭ رېئالىي ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدىغانلىرىنى قوبۇل قىلىش ۋە ئەينەك قىلىش بىلەن جۇڭگونىڭ مەدەنىيەت غەزىنىسىنى بېيىتىشىمىز لازىم. ئىككىنچى، ھازىر بىر قىسىم ئەخلاق دائىرىسىگە زىت بولغان پۇلپەرەسلىك، شەخسىيەتچىلىك ۋە راھەت پاراغەتكە بېرىلىشتەك ناچار ئىللەتلەر ئەدەپ قالدى. شۇڭا، ھازىرقى ھالەتتە ئىدىيىۋى - ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ھەم مۇھىم ھەم تەخىرسىز تېمىغا ئايلىنىپ قالدى. پارتىيىنىڭ 14 - نۆۋەتلىك مەركىزى كومىتېت 6 - ئومۇمىي يىغىنىدا ئوتتۇرىغا قويغان قارارىدا، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، بولۇپمۇ ئاممىغا ئىشىنىش، ئاممىغا تايىنىش ئارقىلىق خەلق ئاممىسىنىڭ ئىجادچانلىق روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىدىيىۋى - ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش لازىم دەپ ئوتتۇرىغا قويدى. ئۈچىنچى، نۆۋەتتىكى ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنىڭ ئالمىشىشىغا ئەگىشىپ ئىدىيىۋى - ئەخلاق قۇرۇلۇشىدا ئىنتايىن مۇرەككەپ، چىگىش ئەھۋاللار بارلىققا كېلىپ، تېزدىن ھەل قىلمىسا بولمايدىغان تەخىرسىز جىددىي مەسىلىلەر پەيدابولۇپ قالدى. دەرۋەقە؛ ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىۋىزىملىق ۋە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتنى گەۋدىلەندۈرىدىغان مەزمۇن، شەكىل ۋە ئۇسۇل جەھەتتە ئوخشاش بولمىغان ئىلىستا ئىسلاھاتلار ئېلىپ بېرىلدى، شەكىلۋازلىق ۋە بىر تەرەپلىمە ھالدا ئاددىيلاشتۇرۇشنى بېكىتىپ «ساختا، چوڭ ۋە قۇرۇق» ھالەتكە قارشى تۇرۇلۇپ، مەلۇم نەتىجىلەر قولغا كەلدى، لېكىن بۇلار دەۋرنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئوبيېكتىپ ئېھتىياجىنىڭ تەلىپىدىن خېلىلا يىراق. كەڭ شەھەر خەلقى بىلەن رەھبەرلىكنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات بىلەن ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ، ئىجتىمائىي ئىگىلىك بىلەن جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجى بويىچە ئۆز ئارا زىچ بىرىكىشى ۋە ماسلىشىشى جەھەتلەردە يەنىلا بەزى مەسىلىلەر مەۋجۇت. شۇڭا، ئىقتىسادىي تەرەققىيات بىلەن ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ، ئىجتىمائىي ئىگىلىك بىلەن جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئۆز ئارا ماسلىشىپ راۋاجلىنىشى ھەم تەرەققىي قىلىشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان، ئاممىنىڭ كۆڭلىگە ياقىدىغان ئاما ئاسان قوبۇل قىلالايدىغانلىرىنى تاللاپ ئىشلىتىش لازىم.

3. ئاممىۋى خارەكتېرلىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى سوبيېكتىنىڭ كەڭلىكى بىلەن ئەخلاق قۇرۇلۇشى ئومۇملىشىنىڭ بىرلىكى. ئىدىيىۋى - ئەخلاق قۇرۇلۇشى بىر خىل ئىجتىمائىي كاتېگورىيە بولۇپ، ئۈستقۇرۇلمىغا مەنسۇپ. شۇڭا ئۇ، ئىقتىسادىي بازىسقا ئەكس تەسىر پەيدا قىلىپ، ئىقتىسادىي بازىسنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. قانۇن - كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئىرادىسىنىڭ ئىنكاسى ھەم پارتىيىنىڭ مەمۇرى سىياسىتى بولۇپ، بولار بىر - بىرىنى تولۇقلايدۇ ھەم بىر - بىرىنى شەرت قىلىپ ئورتاق ھالدا جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاپ، ئىجتىمائىي تەرتىپنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشىغا تۈرتكە بولۇپ جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئاممىۋى خارەكتېرلىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى كىشىلەرنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى ئۆزىگە يادرولۇق مەزمۇن قىلغان بولىدۇ. بۇ خىل پائالىيەتكە يېتەكچىلىك قىلغان ھەر بىر شەخسى ئېسىل ئەخلاق ئىستىلىنى تىكلىگەن بولۇشى، ئىلغار ئىدىيىنى ئۆزىگە يېتەكچى قىلغان بولۇشى، تەربىيىلەشكە ماھىر بولۇشىلازىم. شۇنداق بولغاندا، ئۆزگىنى تەربىيىلەش جەھەتتىمۇ مەلۇم ئۈنۈم ھاسىل قىلالايدۇ. شەھەرنىڭ تازىلىقىنى سۆيۈپ، شەھەرنىڭ پاكىز، گۈزەل مۇھىتىنى قوغداپ، ئومۇمنىڭ مال - مۈلكىنى بۇزۇپ چاچماسلىق، چوڭ يوللاردا قالايمىقان يول يۈرمەسلىكتىن ئىبارەت «يەنى قىلماسلىق» ئۆلچىمىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ بۇنى كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغۇزۇپ، يۈكسەك ئىلمىيلىككە، گۈزەل مەدەنىيەتكە ئىگە ساغلام تۇرمۇش كەيپىياتىنى شەكىللەندۈرەلەيدۇ. قىسقىسى، ئىدىيىۋى ئەخلاق قۇرۇلىشىنى كۈچەيتىش ئاممىنىڭ ئۆز - ئۆزىنى تەربىيىلەش پائالىيىتى بولۇپ، بۇ پائالىيەتنىڭ ئۈنۈمىنى خەلق ئاممىسىنىڭ قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغۇزۇش تولىمۇ ئەھمىيەتلىكتۇر. بولۇپ، بۇ ئىشنى ياخشى قىلماي ۋە ئۇنىڭ ئۈنۈمىنى قولغا كەلتۈرمەي تۇرۇپ، ماددىي مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولىدىغان مول مەنىۋى شەرت - شارائىت ھازىرلاش، جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي، سىياسى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش مۇمكىن ئەمەس.

# قانداق قىلغاندا بازار سىستېمىسىنى يېتىلدۈرۈش ۋە قۇرۇپ چىقىشنى تېزلەتكىلى بولىدۇ

مىنەۋەر قاسىم

بازار سىستېمىسى - بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى ئاساسىي رامكىسىنىڭ مۇھىم ھالقىلىرىدىن بىرى، بازار مېخانىزمىنىڭ بايلىق تەقسىملەش جەمئىيەتتىكى ئاساسلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، بازار سىستېمىسىنى يېتىلدۈرۈش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك.

بازار-تاۋار ئالماشتۇرىدىغان سورۇننى كۆرسىتىدۇ. بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشتا، يالغۇز تاۋار ئالماشتۇرىدىغان سورۇننىڭ بولۇشىلا كۇپايە قىلمايدۇ. بازارنىڭمۇ بىر - بىرىگە باغلىنىشلىق قانۇنىيەتلىرى بولىدۇ. ئەگەر بۇ قانۇنىيەتلىك باغلىنىشلارنى تېپىپ چىقىپ، ھەر قايسى ھالقىلارنى ئوخشاش تەرەققىي قىلدۇرمايدىغان بولساق، بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش قۇرۇق گەپ بولۇپ قالىدۇ. ئۇنداق بولسا بازار سىستېمىسى دېگەن نېمە؟

بازار ئالماشتۇرۇش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ يىغىندىسى ئىكەن، قەيەردە ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتى ۋە تاۋار ئىشلەپچىقىرىشى بولىدىكەن، شۇ يەردە بازار بولىدۇ. يالغۇز تاۋار بازىرىلا بولۇپ قالماستىن، يەنە پۇل مۇئامىلە بازىرى، ئەمگەك كۈچلىرى بازىرى، ئۆي - زېمىن بازىرى، تېخنىكا بازىرى، ئۇچۇر بازىرى قاتارلىقلار بولىدۇ، مانا مۇشۇنداق تۈرلۈك بازارلار بىرىكىپ، ئورگانىك بىر پۈتۈن گەۋدە بولۇپ شەكىللىنىدۇ. مانا بۇ بازار سىستېمىسى دەپ ئاتىلىدۇ. مۇشۇنداق بازار سىستېمىسىنى يېتىلدۈرۈش ۋە قۇرۇش ئوبيېكتىپ مۇقەررەرلىككە ئىگە.

بىزگە مەلۇم، بازار تاۋار ئالماشتۇرۇش پائالىيىتى ئارقىسىدا پەيدا بولغان، تاۋار ئالماشتۇرۇش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ راۋاجلانغان. دېمەك تاۋار بازىرى بازار سىستېمىسىدا ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ. باشقا بازارلار بولسا مەلۇم دەرىجىدە تاۋار بازارلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. ئومۇمەن ئېيتقاندا: تاۋار بازىرى، كاپىتال بازىرى (پۇل مۇئامىلە بازىرى) ۋە ئەمگەك كۈچى بازىرى بازارنىڭ ئەڭ ئاساسىي مەزمۇنى بولۇپ، بۇلار بازار سىستېمىسىنىڭ ئۈچ چوڭ تۈۋرۈكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بازار سىستېمىسىدىكى ھەر خىل بازارلار بىر-بىرىگە بېقىنىش، بىر-بىرىنى شەرت قىلىش، بىر-بىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش ھالىتىدە تۇرىدۇ. بۇلار بىر-بىرىدىن ئايرىلىپ قالسا ياكى ئۇلارنىڭ بىرى ھازىرلانمىسا، باشقا بازارلارنىڭ يېتىلىشىگە ۋە رول ئويىنىشىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇنداقلا بازار سىستېمىسىنىڭ ئومۇمىي ئۈنۈمى تەسىرگە ئۇچرايدۇ.

لېكىن، ئىلگىرى ئەنئەنىۋى پىلانلىق ئىگىلىك كارخانا بىلەن بازارنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈپ قويۇپ، كارخانىلارنى دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ بېقىندىسىغا ئايلاندۇرۇپ قويغانىدى، كارخانىلار ئىگىلىك باشقۇرۇشتا ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرەلمەيتتى. پايدا - زىيانغىمۇ ئۆزى ئىگە بولالمايتتى. ئەمدى مۇكەممەل ۋە ياخشى بازار سىستېمىسى كارخانىلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى يەڭگۈشلەشتە كەم بولسا بولمايدىغان شەرت بولۇپ قالدى. شۇڭا كارخانىلار ئىگىلىك باشقۇرۇشتا ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرەلەيدىغان بولۇشى، پايدا-زىيانغا ئۆزى مەسئۇل بولۇشى لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن ① بازاردىن ئۇچۇرغا ئېرىشىشى، ② ئىشلەپچىقىرىش، ئىگىلىك باشقۇرۇش تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ چىقىشى، ③ بازار ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرىغا ئىگە بولۇشى شەرت. مۇشۇنداق قىلغاندىلا، مەھسۇلاتلىرى بازاردا سېتىلىدۇ، رېئال ئىشلەپچىقىرىش ئېلىپ بارالايدۇ. مەھسۇلاتلىرى بازاردا سېتىلغاندىلا، مەھسۇلاتلىرىنىڭ قىممىتىنى ئىشقا ئاشۇرالايدۇ. بۇ يەنە مۇكەممەل، ياخشى بازار سىستېمىسىنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇنداق بازار سىستېمىسىنىڭ قۇرۇلۇشى كارخانىلارنى ئىگىلىك باشقۇرۇشتا دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ بېقىندىسى بولۇشتىن ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرەلەيدىغان تاۋار ئىشلەپچىقارغۇچىلارغا ئايلاندۇرىدۇ.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، سوتسىيالىستىك بازار سىستېمىسىنى يېتىلدۈرۈشتە ۋە قۇرۇشتا تاۋار بازىرىنى يەنىمۇ

راۋاجلاندۇرۇش، ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرى بازىرىنى نۇقتىلىق يېتىلدۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇش، بازار پائالىيىتىنى قېلىپلاشتۇرۇش، رايونلار، تارماقلار ئارا بۆلۈنۈپ كېتىدىغان ۋە بىر-بىرىنى قامال قىلىدىغان ھالەتنى بۇزۇپ تاشلاپ، نورمال بولمىغان رىقابەتكە قارشى تۇرۇپ، باراۋەرلىك ئاساسىدىكى رىقابەت مۇھىتىنى يارىتىپ، بىرلىككە كەلگەن، ئېچىۋېتىلگەن، رىقابەتلىشىدىغان، تەرتىپلىك چوڭ بازارنى شەكىللەندۈرۈش لازىم.

كۆپ سانلىق كىشىلەردە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى دېگەن بۇ ئۇقۇمغا بولغان چۈشەنچە ناھايىتى تار ئىدى. تاۋار ئالماشتۇرىدىغان بىر بازار بولسىلا، ھەممە ئىش يۈرۈشۈپ كېتىدۇ، بازار ئىگىلىكى دېگەن شۇ ئوخشايدۇ، دېگەن تونۇش بار ئىدى.

نوقۇل تاۋار بازىرىغىلا ئەھمىيەت بېرىلىپ، پۇل مۇئامىلە بازىرى راۋاجلاندۇرۇلمىسا، ئەمگەك كۈچلىرى بازىرىنى يېتىلدۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىلمىسە، ئۆي-زېمىن بازىرى، تېخنىكا، ئۇچۇر بازىرى قاتارلىقلار راۋاجلاندۇرۇلمىسا، بازار ئىگىلىكىنى ھەقىقىي راۋاجلاندۇرغىلى بولمايدۇ. بازار ئىگىلىكىنى جانلاندۇرۇپ ئىقتىسادنى گۈللەندۈرگىلى بولمايدۇ.

جەنۇبىي جۇڭگودىكى بەزى ئۆلكىلەرنىڭ قىسقىغىنە 15 يىل ئىچىدە ئىلاسىي جەھەتتىن بېيىش يولغا قاراپ ماڭالىشىدىكى ئاساسىي سەۋەبتىن بىرى، ئۇلار سوتسىيالىستىك بازار سىستېمىسىنى يېتىلدۈرۈش ۋە قۇرۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. سوتسىيالىستىك بازار سىستېمىسىنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى، بۇ سىستېمىنى تەشكىل قىلغان ھەرقايسى بازارلارنىڭ بىرلىك مۇناسىۋىتىنى تونۇپ يېتىپ، ئەشۇ قانۇنىيەتكە ئاساسەن، ئالدى بىلەن بازار سىستېمىسىنى قۇرۇپ چىقىپ، كارخانىلارنى دۆلەتكە بېقىندى ھالەتتىن ئازات قىلىپ، ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرىدىغان، پايدا-زىيانىغا ئۆزى مەسئۇل بولۇپ، رېئال تاۋار ئىشلەپچىقىرىش ئېلىپ بارالايدىغان ئىمكانىيەتكە ئىگە قىلغان.

ئىككىنچى جەھەتتە، مۇكەممەل بازار سىستېمىسىنى بازار مېخانىزمىنىڭ بايلىقنى تەقسىملەشتىكى ماددىي ئاساس قىلغان. بازاردىكى تەمىنلەش-تەلەپ، باھا-رىقابەت مېخانىزمى بايلىق تەقسىملەشنى تەڭشەيدۇ. بازار سىستېمىسى يالغۇز بىر پۈتۈن بولۇشنى تەلەپ قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئوچۇق بولۇشنى، دۆلەت ئىچىگىلا ئەمەس، دۆلەت سىرتىغىمۇ ئوچۇق بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ، شۇڭا ئېچىۋېتىشقا بولىدىغان ئېغىز بولسىلا، سىرتقا ئېچىۋېتكەن.

ئۈچىنچى جەھەتتە، ئەمگەك كۈچلىرى بازىرى، ئۆي-زېمىن بازىرى، تېخنىكا-ئۇچۇر بازارلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئەمگەك كۈچلىرىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش يوللىرىنى كەڭ ئېچىپ، زاۋۇت-كارخانىلارغا يىلدا ئىشچىلارنى كۆپلەپ قوبۇل قىلىپ، ئادەم ئىشلىتىدىغان ئورۇن بىلەن ئەمگەكچىلەرنىڭ بىر-بىرىنى تاللىشىنى ئىشقا ئاشۇرغان ھەمدە خادىملارنىڭ ئەركىن يۆتكىلىپ تۇرۇش تەلىپىگىمۇ يول قويغان. ئىش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، كادىرلار ۋە ئىشچىلار خىزمەت ئورۇنلىرىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن قورقىدىغان، ياشلار خىزمەت ئورنى يوق، ئېقىپ يۈرۈيدىغان ھالەتكە خاتىمە بېرىش ئۈچۈن، كادىرلار تۈزۈمى، مائاش، ئىجتىمائىي كاپالەت تۈزۈمى ئىسلاھ قىلىنىپ، قېرىلارنىڭ تۇرمۇشى كاپالەتكە ئېرىشتۈرۈلگەن. پېنسىيەگە چىققان، ياشانغانلارنىڭ تۇرمۇشى كاپالەتكە ئېرىشتۈرۈلگەن، قېرىلار ساناتورىيىلىرى، تۈرلۈك مەدەنىي پائالىيەت ئۆيلىرى قۇرۇلۇپ، ئۇلارنىڭ ئاخىرقى ئۆمرىنى بەختلىك، خۇشال خۇرام ئۆتكۈزۈشكە ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىلگەن. ياشلارنىڭ بىكار تەلەپلىك، ھورۇنلۇق، قالاق، پىسسىپ پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ جەمئىيەتتىكى خەتەرلىك ئۇنسۇرلارغا ئايلىنىپ قېلىش ھالەتلىرى ئاساسىي جەھەتتىن تۈگىتىلگەن.

تۆتىنچى جەھەتتە، ئۆي-زېمىن بازارلىرىنى قېلىپلاشتۇرۇش ۋە راۋاجلاندۇرۇشتا، ھەر بىر جاينىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، شەھەر ۋە بازارلاردىكى 1-دەرىجىلىك يەرلەر دۆلەت تەرىپىدىن كونترول قىلىنغاندىن تاشقىرى، ئۆي-زېمىن، يەر ئىشلىتىش ھوقۇقى يەرلىككە ئۆتۈنۈپ بېرىلگەن. خېرىدار چاقىرىپ يەر سېتىش ياكى ئۆي-سېلىپ ئىجارىگە بېرىش، ئۇسۇللىرىنى قوللىنىپ بېيىش يولغا ماڭغان.

بەشىنچى جەھەتتە، تېخنىكا ئۇچۇر بازارلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، شەھەر ۋە ناھىيىلەردە ھەر دەرىجىلىك تېخنىكا بازارلىرىنى، تېخنىكا ھەمكارلىق تورلىرىنى قۇرۇپ، تېخنىكا مەھسۇلاتلىرىنى تاۋارلاشتۇرۇپ، پەن تەتقىقات ئورۇنلىرىنى كۆپلەپ قۇرغان. بۇنىڭ بىلەن تولۇق، مەخسۇس كۇرۇس ۋە تېخنىكومنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى جەلپ قىلىپ،

تېخنىك خادىملارنىڭ ئېقىپ كېتىشىنى توسقان، ئۈچ خىل يەتكۈزۈپ بېرىش سىستېمىلىرىنى قۇرغان. دېمەك بۇ ئارقىلىق جەنۇپتىكى جايلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى كىشىنى ھەيران قالدۇرارلىق دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرۈلگەن.

نۆۋەتتە شىنجاڭ رايونىدىمۇ مۇشۇنداق سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن، رىقابەتلىك، تەرتىپلىك بازار سىستېمىسىنى بەرپا قىلىشتا، بەزى توسالغۇلار مەۋجۇت. بۇ توسالغۇلار تۆۋەندىكىدەك بىر نەچچە جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ.

(1) ھەر خىل بازارلارنىڭ يېتىلىشى تەكشى ئەمەس. ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرى بازارلىرىنىڭ يېتىلىشى ناھايىتىمۇ ئارقىدا قالغان. يېڭى تۈزۈلمە بىلەن كونا تۈزۈلمىنىڭ ئالمىشىشى مەزگىلىدە تۇرىۋاتقانلىقى، ھەر ساھەدىكى ئىسلاھاتلار يۈرۈشلەشمىگەنلىكى تۈپەيلىدىن، بازار تەرەققىياتى تەكشى بولمىدى. بولۇپمۇ پۇل مۇئامىلە بازىرى ۋە ئەمگەك كۈچى بازىرى قۇرۇلۇشىنىڭ ئارقىدا قېلىش ھالىتىنى تۈگەتكەندىلا، بازارنىڭ بايلىقنى تەقسىم قىلىش جەھەتتىكى ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ. شىنجاڭدا ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تەقسىماتىنى بازارغا يۈزلەندۈرگەندە، ئىشلىتىدىغان ئورۇن بىلەن ئەمگەكچىلەرنىڭ بىر-بىرىنى تاللاش مەزگىلىدە، ئىدارىلارنىڭ سىياسىي تۈزۈلمىسى ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسىدىكى بەزى نائوغرا ئۇسۇللارنىڭ تېخى رەتكە چۈشمىگەنلىكى ئارقىسىدا، بۇ خىل تاللاشتا بەزى مەسىلىلەر يۈز بەردى. ئوچۇغراق قىلىپ ئېيتقاندا، ئادەم ئالىدىغان ئورۇنلارنىڭ پىلىسىپ پوزىتسىيىسى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاكتىپچانلىقىغا زەربە بېرىدىغان ئەھۋال كېلىپ چىقتى. بۇنىڭ بىلەن ئىنتىپاقلىقا ۋە ئۆگىنىش ئاكتىپلىقىغا تەسىر يەتتى.

(2) تارماقلار ۋە جايلارنىڭ بازارلارنى بۆلۈۋېلىشى ۋە قامال قىلىۋېلىشى بىر قەدەر ئېغىر، قىسمەن ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرگە مەمۇرىي جەھەتتىن ئارىلىشىش مەۋجۇت، جايلاردا شەھەر بىلەن يېزىلار ئايرىم تۇرىدىغان، پايدا ۋە بېجى كۆپ مەھسۇلاتلارنى تالىشىدىغان بازار تۈزۈلۈشىنى پەيدا قىلدى.

(3) بازار ئېھتىياجىغا مۇناسىپ كېلىدىغان باھا شەكىللەندۈرۈش مېخانىزمى تېخى بەرپا قىلىنمىدى، نامۇۋاپىق باھا شەكىللەندۈرۈش مېخانىزمى ۋە باھا باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى قانۇننىڭ تەلىپى بويىچە داۋاملىق ئىسلاھ قىلىش لازىم. بولۇپمۇ شىنجاڭ بازارلىرىنىڭ باھا شەكىللەندۈرۈشى شىنجاڭ خەلقىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىدىن ھالقىپ كېتىدىغان، ھەتتا مەملىكەت بويىچە ئالدىغا چىقىپ كەتكەن ئەھۋال مەۋجۇت بۇ ئەھۋالنى قەتئىي رەتكە سېلىش لازىم.

(4) تۇرلۇك كارخانىلار (بولۇپمۇ پۇل مۇئامىلە كارخانىلىرى)دا مەمۇرىيەت بىلەن كارخانىنى ئايرىش، كارخانىلار ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك باشقۇرۇش، پايدا-زىيانغا ئۆزى ئىگە بولۇش ھەققى ئىشقا ئاشۇرۇلمىدى. بولۇپمۇ مەكتەپلەرنىڭ شىركەتلىرىدە بۇ خىل ئەھۋال ناھايىتى ئېغىر. ئۇلار يەنىلا مەمۇرىيەتنىڭ قول ئاستىدا بولۇپ، زىيان تارتسا مەمۇرىيەتكە ھېساب بولىدىغانلىقى ئۈچۈن، زىيان تارتىپ، سالغان مەبلەغنىمۇ يىغىۋالالماسلىق ئەھۋاللىرى مەۋجۇت.

(5) بازارغا دائىر قانۇن-نىزام قۇرۇلۇشلىرى ئارقىدا قالدى. شۇڭا بازار تەرتىپى قالايمىقانلىشىپ، سودا خىراجىتى بەك كۆپىيىپ كەتتى. مۇناسىۋەتلىك قانۇن-نىزاملار ئۆز ۋاقتىدا ئېلان قىلىنمىغانلىقى سەۋەبىدىن، ئۇنىڭ ئورنىغا يەرلىك خاراكتېردىكى مەمۇرىي قائىدە-نىزاملار دەسسىتىلگەنلىكى ئۈچۈن، بازاردا يۈز بەرگەن ھەر خىل قالايمىقانچىلىق، ئەتكەسچىلىك ئەھۋاللىرىغا قاتتىق زەربە بېرىش يېتەرلىك بولمىدى. ئۇنىڭ بىلەن بىرلىككە كەلتۈرۈپ، قېلىپلاشتۇرۇپ باشقۇرۇشقا تەسىر يەتتى. رايونىمىزدا قانۇن-نىزام قۇرۇلۇشى ئارقىدا قالغانلىقى ئۈچۈن، يەرلىك مەمۇرىي خاراكتېردىكى قانۇن-تۈزۈملەر خالىغانچە ئىشلىتىلىپ، بازارنىڭ تەرەققىياتىنى بوغۇپ قويىدى.

دېمەك، بازار ئىگىلىكىنى يېتىلدۈرۈش ۋە قۇرۇشقا توسالغۇ بولۇۋاتقان يۇقىرىقىدەك ناچار ئامىللارنى تۈگىتىپ، تاۋار بازىرىنى يەنىمۇ راۋاجلاندۇرۇش، ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرى بازىرىنى نۇقتىلىق يېتىلدۈرۈش، بازار ھەرىكىتىنى قېلىپلاشتۇرۇش، باراۋەرلىك ئاساسىدىكى رىقابەت مۇھىتىنى يارىتىپ، تەرتىپلىك چوڭ بازارلارنى شەكىللەندۈرۈش بەكمۇ مۇھىم.

# ئاسىيا دۆلەتلىرى ئاساسىي قانۇنلىرىنىڭ ئىقتىسادىي فۇنكسىيىسىنىڭ يېڭى يۈزلىنىشى توغرىسىدا

تۇرسۇننىياز ساۋۇر

ئاساسىي قانۇننىڭ ئىقتىسادىي فۇنكسىيىسى ئاساسىي قانۇن فۇنكسىيىسىنىڭ مۇھىم مەزمۇنىدىن بىرى، ئاساسىي قانۇننىڭ فۇنكسىيىسى ئاساسىي قانۇننىڭ كەم بولسا بولمايدىغان مەزمۇنلىرىدىن بىرى بولۇپ، مۇئەييەن فۇنكسىيىسى بولمىغان ئاساسىي قانۇننىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئاساسىي قانۇننىڭ فۇنكسىيىسىنى ئادەتتە ئىجتىمائىي فۇنكسىيە، سىياسىي فۇنكسىيە، ئىقتىسادىي فۇنكسىيە ۋە مەدەنىيەت فۇنكسىيىسى قاتارلىق ئوخشىمىغان تۈرلەرگە ئايرىشقا بولىدۇ. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشى ھەم سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىنىڭ ئاخىرلىشىشى — دۇنيا ۋەزىيىتىدە يېڭى تەرەققىيات يۈزلىنىشى شەكىللەندۈردى. بولۇپمۇ شەرقىي ئاسىيا، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋەزىيىتى يېڭى بىر تەرەققىيات نۇقتىسىغا قەدەم قويدى؛ يېقىنقى بىر قانچە يىلدىن بۇيان بۇ رايوندىكى دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا ، مىلىي ھالدا قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىمۇ ناھايىتى تېز جانلاندى؛ بەس-بەستە ئاساسىي قانۇنلىرىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈپ ياكى يېڭىدىن ئاساسىي قانۇن تۈزۈپ، ئۆزىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى قانۇن-قائىدە تۈزۈلمىسىنى تەدرىجىي ھالدا خەلقئارا ۋەزىيەتكە ماسلاشتۇرۇپ، تەدرىجىي ھالدا ئىقتىسادىي جەھەتتە ئېچىۋېتىش يولىغا مېڭىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئاساسىي قانۇنلىرىنىڭ ئىقتىسادىي فۇنكتسىيىسىنى تېخىمۇ گەۋدىلىك ئورۇنغا قويماقتا.

## 1-ئومۇمىي تەرەققىيات ئالاھىدىلىكى

ئوتتۇرا-شەرقىي ئاسىيادىكى دۆلەتلەرنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى ئاساسىي قانۇن قائىدىلىرى، ئاساسىي قانۇن تۈزۈلمىسى جەھەتلەردىكى گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى - ئاساسىي قانۇننىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى، ئىگىلىك مېخانىزمىنىڭ ئالمىشىشىنى ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسىنىڭ ئىسلاھ قىلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە ئۇنى كاپالەتلەندۈرۈش جەھەتتىكى رولىغا تولۇق ئەھمىيەت بېرىش ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت. بۇ خىل ئالاھىدىلىك مۇنداق ئۈچ تەرەپتە ئىپادىلىنىدۇ:

بىرىنچى، ئاساسىي قانۇننىڭ بىر دۆلەت ئىقتىسادىنىڭ يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا كۆتۈرۈلۈشىدىكى يېتەكچىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش.

شەرقىي ئاسىيا، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى كورېيە، سىنگاپور، تايلاند، مالايشىيا، ھىندونېزىيە قاتارلىق دۆلەتلەر يېقىنقى يىللاردىن بۇيان دۇنيادىكى ئىگىلىك تەرەققىياتى ئەڭ تېز دۆلەتلەردىن بولۇپ قالدى. ئۇلار نۆۋەتتە تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەرنىڭ ياكى يېڭىدىن گۈللەنگەن سانائەت دۆلەتلىرىنىڭ سەۋىيىسىنى نىشان قىلىپ، ئىگىلىك سەۋىيىسى جەھەتتە يېڭى بىر بۆسۈش ھاسىل قىلىشقا تىرىشماقتا؛ شۇڭا ئۇلار بەس-بەس بىلەن يېڭىدىن ئاساسىي قانۇن تۈزۈشۈپ ياكى ئاساسىي قانۇنلىرىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈشۈپ، ئاساسىي قانۇننىڭ ئىگىلىك تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە ئۇنى كاپالەتلەندۈرۈش جەھەتتىكى رولىدىن تولۇق پايدىلانماقتا.

پەقەت كورېيەنى ئالىدىغان بولساق، ئۇ 70-يىللارنىڭ باشلىرىدىلا ئىقتىسادىنىڭ تېز سۈرئەتلىك تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، ئومۇمىي پۇقرالارنىڭ ئاۋاز بېرىشى ئارقىلىق، 1962-يىلدىكى ئاساسىي قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزۈپ، ئىجتىمائىي ئىقتىساتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئاساسىي قانۇننىڭ ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىسى قىلىپ بېكىتتى.

70-يىللارنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە كورىيەنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي ۋەزىيىتىدىكى يېڭى تەرەققىياتلارغا ئاساسەن 1980-يىلدىكى ئاساسىي قانۇننى تۈزۈپ، دېموكراتىيىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، جەمئىيەتنىڭ ئادىللىقى ۋە پۇتكۇل پۇقرالارنىڭ پاراۋانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىشنى ئۆزىنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى قىلدى. ئارىدىن يەتتە يىل ئۆتۈپلا يەنى 1987-يىلى كورىيە يەنە يېڭىدىن ئاساسىي قانۇن تۈزۈپ، مەخسۇس بىر باپ ئارقىلىق دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈمنى بەلگىلەپ «ئىگىلىكنى گۈللەندۈرۈش» تىن ئىبارەت بىلش ۋەزىپىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ ئاساسىي قانۇنغا ئاساسەن كورىيە 1992-يىلىدىن 1996-يىلغىچە بولغان 7-بەش يىللىق ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي تەرەققىيات پىلانىدا ئىجتىمائىي-ئىقتىسادىي تەرەققىيات قەدىمىنى يەنىمۇ تېزلىتىپ، 21-ئەسىردە ۋەتەننىڭ بىرلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن مۇستەھكەم ماددىي ئاساس يارىتىشنى دۆلەتنىڭ ئاساسىي نىشانلىرىدىن بىرى قىلىپ بەلگىلىدى. ناۋادا بۇ پىلان ئىشقا ئاشسا، كورىيە دۇنيادىكى 15-ئىقتىسادىي چوڭ دۆلەتكە ئايلىنىپ قالىدۇ.

ئىككىنچى، ئاساسىي قانۇن ئارقىلىق بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى ئېتىراپ قىلىپ، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى تۈپ قانۇنىي كاپالەتكە ئىگە قىلىپ، نىلمراتلىقتىن، قالاقلىقتىن قۇتۇلۇشقا تىرىشىش.

شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى ۋېيتنام، لائوس، كامبودژا، بىرما قاتارلىق دۆلەتلەر ئاساسىي قانۇننىڭ ئىقتىسادىي فۇنكتسىيىسىدىن تولۇق پايدىلىنىشقا تىرىشۋاتقان ھەم ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان يەنە بىر تىپ. بۇ تۆت دۆلەتنىڭ ھەممىسى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى تەرىپىدىن «ئەڭ تەرەققىي قىلمىغان دۆلەت» لەر قاتارىغا قويۇلغان دۆلەتلەردۇر. بىراق يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئۇلارمۇ ئارقا-ئارقىدىن ئاساسىي قانۇن تۈزۈپ، ئاساسىي قانۇن پرىنسىپلىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئىسلاھات يولىغا قەدەم قويدى. ۋېيتنام 1945-يىلى مۇستەقىل بولغاندىن كېيىنكى 4-قېتىملىق ئاساسىي قانۇنى يەنى 1992-يىلى 4-ئايدىكى ئاساسىي قانۇننىڭ 2-بابىدا مەخسۇس ئىقتىسادىي تۈزۈم توغرىسىدا بەلگىلىمە چىقاردى. ئۇنىڭ 15-ماددىسىدا: «دۆلەت بازار مېخانىزمىغا ئاساسەن، دۆلەتنىڭ ئىدارە قىلىشى ۋە سوتسىيالىزم يۆنىلىشىگە كاپالەتلىك قىلىش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، كۆپ خىل شەكىلدىكى تاۋار ئىگىلىكى فۇنكسىيىسىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.» دەپ بەلگىلىدى، لائوس 1991-يىلى 8-ئايدا تۇنجى ئاساسىي قانۇننى تۈزۈپ، ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش، يۇقىرى دەرىجىدە مەركەزلەشتۈرۈلگەن باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، ئىگىلىك باشقۇرۇش ھېساباتى تۈزۈمىنى يولغا قويۇش، كۆپ خىل مۇلۇكچىلىك شەكىللىرىنىڭ بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا يول قويۇش، چەت ئەل مەبلىغىنى كىرگۈزۈش قاتارلىقلارنى بەلگىلىدى. 1993-يىلى بىرمىنىڭ ھەربىيلەر كونتروللۇقىدىكى ھۆكۈمىتى يېڭى ئاساسىي قانۇن پىرىنسىپلىرىنى بەلگىلەپ، سىياسىينىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا دېموكراتىيىلىشىشىگە كاپالەتلىك قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بازار ئىگىلىكىگە ئۆتۈش قەدىمىنى كۆرۈنەرلىك ھالدا تېزلەتتى. كامبودژا 1991-يىلى تىنچلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرگەندىن كېيىن، 1993-يىلى 21-سىنتەبىردە يېڭى ئاساسىي قانۇن ماقۇللاپ «كامبودژا پادىشاھلىقى دۆلىتى بازار ئىگىلىكنى يولغا قويىدۇ» دەپ ئېنىق بەلگىلىدى.

ئۈچىنچى، ئاساسىي قانۇن ئارقىلىق ئەركىن كاپىتالىزمنىڭ ئاساسىي ئىقتىسادىي تۈزۈمنى ئېتىراپ قىلىپ، ئومۇميۈزلۈك خۇسۇسىيلاشتۇرۇشنى يولغا قويۇپ، تەرەققىيات ئۇسۇلى ۋە ئىگىلىك قۇرۇلمىسى جەھەتتىكى بۇرۇلۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش.

مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمە گەۋدىسىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى، موڭغۇلىيە شۇنداقلا روسىيە مۇشۇ تۈرگە مەنسۇپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ يېڭى ئاساسىي قانۇنلىرىدا بەلگىلەنگەن «ئىقتىسادىي تۈزۈم» لەر تېخىمۇ مۇرەككەپ، ئىقتىسادىي جەھەتتە بۇرۇلۇش ياساشمۇ ناھايىتى قىيىن بولماقتا، ئۇلار باشقا ئاسىيا دۆلەتلىرىگە ئوخشاش بىر قەدەر ئاددىي يول ئارقىلىقلا بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىگە بۇرالماستىن، بەلكى ئاساسىي سىياسىي ئىقتىسادىي تۈزۈم جەھەتتە سوتسىيالىزمدىن كاپىتالىزمغا بۇرۇلۇش، پىلانلىق ئىگىلىكتىن بازار ئىگىلىكىگە بۇرۇلۇش؛ يىرىك تىپتىكى ئىگىلىك باشقۇرۇشتىن ئۇنۇمدارلىقنى ئاساس قىلغان ئىگىلىك باشقۇرۇشقا بۇرۇلۇش، بىنورمال بولغان سانائەت قۇرۇلمىسىدىن ئەقىلغا مۇۋاپىق كېلىدىغان ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي قۇرۇلمىغا بۇرۇلۇشتىن ئىبارەت مۇرەككەپ بۇرۇلۇش مەسىلىسىگە دۇچ كەلمەكتە. بولۇپمۇ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى مەزگىلىدە ئۆزئۆزىدىن بېرى شەكىللىنىپ قالغان، كىشىلەرنىڭ

ئالاھىدە سىزىمىغا چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەن يۇقىرى دەرىجىدە مەركەزلەشتۈرۈلگەن پىلانلىق ئىگىلىك شەكلىدىن ۋە يىرىك سانائەت قۇرۇلمىسىدىن ھالقىپ ئۆتۈش ئۇلارنىڭ ئالدىغا قويۇلغان مەركىزىي مەسىلە بولۇپ قالدى. شۇڭا بۇ دۆلەتلەر ئۆزلىرىنىڭ ئاساسىي قانۇنلىرىنى يېڭىدىن تۈزگەندە ئادەتتىكى ھالدا پىلانلىق ئىگىلىكنى بىكار قىلىپ، بازار ئىگىلىكىنى يولغا قويىدىغانلىقىنى جاكارلاپلا قالماستىن، بەلكى «ئەركىن» ئىگىلىك شەكلىنى قوللىنىدىغانلىقىنى بەلگىلىدى. بۇلاردىن پەقەت قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىلا مىسالغا ئالىدىغان بولساق، 1993-يىلى 1-ئاينىڭ 28-كۈنى ماقۇللانغان ئاساسىي قانۇننىڭ 8-بابى «مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى ۋە ئىگىلىك باشقۇرۇش پائالىيەتلىرى»دە ئېنىق قىلىپ: «قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىگىلىكى كۆپ خىل شەكىلدىكى مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىنى ئاساس قىلىدۇ.»، «خۇسۇسىي مۈلۈك مۇقەددەس-دەخلىسىزدۇر.»، «دۆلەت خۇسۇسىيلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش پائالىيىتى ئەركىنلىكىنى كاپالەتلەندۈرىدۇ، ئۇنىڭغا قارىتا ئاسراش ۋە قوللاش ئۇسۇلىنى قوللىنىشقا كاپالەتلىك قىلىدۇ» دەپ بەلگىلىدى. ئىقتىسادشۇناسلارنىڭ قارىشىچە، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىگىلىك قۇرۇلمىسىدا ساقلانغان ئاساسلىق مەسىلە ئىگىلىكنىڭ تەرەققىي قىلمىغانلىقى ئەمەس، بەلكى تەرەققىي قىلىشتىكى ئۇسۇلنىڭ مۇۋاپىق بولمىغانلىقىدا ئىدى. شۇڭا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى باشقا دۆلەتلەرمۇ بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئاساسىي قانۇنلىرىنىڭ ئىقتىسادىي فۇنكتسىيىسىنى جارىي قىلدۇرۇشقا يۇقىرى دەرىجىدە ئەھمىيەت بەرمەكتە.

## 2-ئاساسىي قانۇن قۇرۇلمىسىدىكى يېڭى ئۆزگىرىشنىڭ پۈتكۈل قانۇنچىلىق سىستېمىسىغا كۆرسەتكەن تەسىرى

يۇقىرىدىكى دۆلەتلەرنىڭ ئاساسىي قانۇن ئارقىلىق بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى ئومۇميۈزلۈك ئېتىراپ قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئۇلارنىڭ قانۇن-تۈزۈملىرىدىمۇ چوڭقۇر ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. بازار ئىگىلىكىگە ماسلاشتۇرۇلغان قانۇنچىلىق سىستېمىسىمۇ تەدرىجىي ھالدا شەكىللىنىشكە ياكى مۇكەممەللىشىشكە باشلىدى. بۇ دۆلەتلەرنىڭ ئاساسىي قانۇن قۇرۇلمىسىدىكى يېڭى ئۆزگىرىشلەرنىڭ ئۇلارنىڭ پۈتكۈل قانۇنچىلىق سىستېمىسىغا كۆرسەتكەن تەسىرى بولۇپمۇ مۇنداق ئىككى تەرەپتە گەۋدىلىك بولماقتا: بىرى، «مەبلەغ سېلىش قانۇنى» سىستېمىسى ئىنتايىن تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلدى. يەنە بىرى، ئىقتىسادىي قانۇنچىلىقنىڭ سەۋىيىسى، دەرىجىسى جەھەتتە بۆسۈش خارەكتېرلىك ئۆزگىرىشلەر بولۇپ، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈردى.

يەنىلا ۋەتىنىمنى ئالىدىغان بولساق، 1992-يىلدىكى يېڭى ئاساسىي قانۇن بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى ئېتىراپ قىلغاندىن كېيىن، پۈتكۈل ئىقتىسادىي قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى يېڭى بىر تەرەققىيات باسقۇچىغا كۆتۈرۈلدى. ئالدى بىلەن يېڭى ئاساسىي قانۇننى مەركەز قىلغان مەبلەغ سېلىش قانۇن سىستېمىسى شەكىللەندى. ۋەتىنىم دۇنيادا ئاز كۆرۈلىدىغان بىۋاستە ئاساسىي قانۇن ئارقىلىق مەبلەغ سېلىش مەسىلىسىنى بەلگىلىگەن دۆلەتلەرنىڭ بىرى. ئۇنىڭ يېڭى ئاساسىي قانۇنىدا: «دۆلەت چەت ئەل تەشكىلاتلىرى ياكى شەخسلىرىنىڭ ۋەتىنىمىنىڭ قانۇنلىرىغا، خەلقئارا قانۇن ۋە خەلقئارا قائىدە-يوسۇنلارغا ئۇيغۇن كەلگەن ئاساستا ۋەتىنىمغا كېلىپ مەبلەغ سېلىشىغا ۋە ھۈنەر-سەنئەت بىلەن شۇغۇللىنىشىغا ئىلھام بېرىدۇ؛ دۆلەت چەت ئەل تەشكىلاتلىرى ياكى شەخسلىرىنىڭ قانۇنلۇق مال-مۈلۈككە بولغان ئىگىدارلىق ھوقۇقى ۋە باشقا ھوقۇقلىرىنى كاپالەندۈرىدۇ. چەت ئەللەر مەبلەغ سالغان كارخانىلارنىڭ دۆلەت ئىختىيارىغا ئۆتكۈزۈۋېلىنىشىنىڭ دەخلىسىگە ئۇچرىماسلىقىنى كاپالەتلەندۈرىدۇ» دەپ ئېنىق بەلگىلەنگەن. چەت ئەللىكلەرنى مەبلەغ سېلىشقا جەلپ قىلىش جەھەتتە ۋەتىنىم ھەر يىلى دېگۈدەك يېڭى بىر قانۇن ياكى تەدبىرنى ئوتتۇرىغا چىقاردى. ئىلگىرى كېيىن بولۇپ «چەت ئەللەرنىڭ ۋەتىنىمغا مەبلەغ سېلىش قانۇنى»، «چەت ئەللەرنىڭ ۋەتىنىمغا تېخنىكا ئۆتكۈزۈپ بېرىش قانۇنى»، «مەبلەغ سېلىش قانۇنىنىڭ تۈزۈتۈپ تولۇقلانغان ماددىلىرى»، «مەبلەغ سېلىش قانۇنىنى يولغا قويۇش تەپسىلىي قائىدىسى»، «چەت ئەللىك مەبلەغ سالغۇچىلارنى ئالدىن ئېتىبار بىلەن تەمىنلەش نىزامى» ۋە «دۆلەت ئىچىدىكىلەرنىڭ مەبلەغ سېلىش قانۇنى» قاتارلىقلارنى تۈزۈپ يولغا قويدى. «يەر قانۇنى» ۋە «كىرىدىت قانۇنى»غا تۈزىتىش كىرگۈزۈپ،

چەت ئەل شىركەتلىرىگە ۋېتنامنىڭ مال-مۈلۈك، كاپىتاللىرىنى رەنىگە قويۇشقا يول قويدى. ئاندىن قالسا، ۋېتنامنىڭ باشقا ئىقتىسادىي قانۇنلىرىمۇ يېڭى ئاساسىي قانۇندىن كېيىن ئارقا-ئارقىدىن تۈزۈلۈپ چىقىلدى. «كېسىم قىلىش قائىدىسى» ، «دۆلەتنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش قانۇنى» ، «دۆلەت خلم چوت قانۇنى» ، «ئەمگەك قانۇنى» ، «مۇھەت ئاسراش قانۇنى» ، «ھەق تەلەپ قانۇنى» ، «سودا قانۇنى» ، «يەرلەرنى رويخەتكە ئېلىش قانۇنى» ۋە «ۋەيران بولۇش قانۇنى» ئارقا-ئارقىدىن تۈزۈلۈپ يولغا قويۇلدى، سوت ئورگانلىرىدا يېڭىدىن ئىقتىسادىي سوت تارماقلىرىنى تەسىس قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئىسلاھاتنى كۈچلۈك كاپالەتكە ئىگە قىلىپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ يۇقىرى سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىشنى ئىشقا ئاشۇردى.

لائوسمۇ مەبلەغ سېلىش مەسىلىسىنى بىۋاستە ئاساسىي قانۇن ئارقىلىق بەلگىلىگەن دۆلەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، 1991-يىلىدىكى يېڭى ئاساسىي قانۇندا دۆلەت ئىچى-سىرتىدىكى مەبلەغ سالغۇچىلارنى قارشى ئالىدىغانلىقى ۋە ئۇلارغا ئېتىبار بېرىدىغانلىقىنى ئېنىق بەلگىلىگەن ئىدى. 80-يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدىلا «چەت ئەللىكلەرنىڭ لائوستا مەبلەغ سېلىش قانۇنى» ۋە ئۇنىڭ تەپسىلىي قائىدىسىنى تۈزۈپ يولغا قويغانىدى. 1994-يىلى 14-مارتتا كەلگەندە ئۇنىڭغا يەنە تۈزىتىش كىرگۈزۈپ، چەت ئەللىك مەبلەغ سالغۇچىلارغا ئەسلىدە بەلگىلەنگەن 15 يىللىق ۋاقىت چېكىنى بىكار قىلدى ۋە چەت ئەللىكلەر مەبلەغ سالغان قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش جەريانىنى ئاددىيلاشتۇردى.

تايلاند، مالايشىيا، ھىندونېزىيە، سىنگاپور قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىدىمۇ يېڭى ئۆلگىرىلەشلەر مەيدانغا كەلدى. ئۇلارنىڭ چەت ئەل مەبلىغىنى جەلپ قىلىش جەھەتتە كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىمۇ دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ. 1991-يىل يېڭى ئاساسىي قانۇن ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، تايلاند 21-ئەسىردە يېڭى تىپتىكى سانائەت دۆلىتى قىياپىتى بىلەن ئاسىيادىكى 5-«كىچىك نوچى»غا ئايلىنىش ئىرادىسىگە كەلدى. يېڭى ئاساسىي قانۇنمۇ تايلاند ئىقتىسادىنىڭ مۇقىم، ئىزچىل تەرەققىي قىلىشىدا زور تۈرتكىلىك رول ئوينىدى. تايلاند 1972-يىلىلا «چەت ئەللىكلەر سودا قانۇنى»نى يولغا قويغان ئىدى، 1977-يىلى يېڭىدىن «مەبلەغ سالغۇچىلارنى رىغبەتلەندۈرۈش قانۇنى»نى تۈزگەن، 1978-يىلى 67 ئايماقنى «مەبلەغ سېلىشقا رىغبەتلەندۈرۈلىدىغان رايون» قىلىپ بەلگىلىدى، 1988-يىلى جەنۇبتىكى شائۇن ئايمىقىنى ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايون قىلىپ بەلگىلەپ، تىنچ ئوكيان رايونىنى تۇتاشتۇرىدىغان سودا-ترانسپورت مەركىزى قىلىپ، چەت ئەل مەبلىغىنى جەلپ قىلدى. 90-يىللاردىن بۇيان «ئىجتىمائىي ستراخوۋانىيە قانۇنى» ، «تۆلەم فوندى قانۇنى» قاتارلىق ئىقتىسادىي قانۇن-قائىدىلەرنى ئېلان قىلىپ يولغا قويۇپ، كارخانىلارنىڭ ئىشچى ياللاش ھەرىكىتىنى قېلىپلاشتۇرۇپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ سەۋىيىسىنى يەنە بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ھازىرقى دۇنيادىكى يىللىق تەرەققىيات سەۋىيىسى ئەڭ يۇقىرى دۆلەتلەردىن بولۇپ قالدى. نۆۋەتتە تايلاندنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان خەلق ئىگىلىكى كىرىمى 2500 ئامېرىكا دوللىرىغا يەتكەن بولۇپ، دۇنيا بانكىسى 1995-يىلىدىن باشلاپ تايلاندنى «تۆۋەن كىرىملىك» دۆلەتتىن «ئوتتۇراھال كىرىملىك دۆلەت» دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ مۇئامىلە قىلىدىغان بولدى.

ئىسلاھات سۈرئىتى نىسبەتەن ئاستا بولۇۋاتقان موڭغۇلىيىمۇ 1992-يىلىدىكى ئاساسىي قانۇن كۈچكە ئىگە بولغاندىن كېيىن، پۈتكۈل ئىقتىسادىي ساھەدە ئەركىن بازار تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، خۇسۇسىيلاشتۇرۇش قەدىمىنى ۋە بازار ئىگىلىكىنىڭ بەرپا قىلىنىشىنى تېزلەتتى. موڭغۇلىيە 1990-يىلىلا «چەت ئەل سودىگەرلىرىنىڭ مەبلەغ سېلىش قانۇنى»نى يولغا قويغان ئىدى. 1994-يىلى ۋە 1995-يىلى يەنە ئارقا-ئارقىدىن: «ئىمپورت-ئېكسپورت تاۋارلىرىنىڭ سوۋېت نىزامى» ۋە «ئىقتىسادىي ئەركىن رايون تەسىس قىلىش پىلانى»نى تۈزۈپ يولغا قويۇپ، باج تۈزۈمى جەھەتتە ئېتىۋار بېرىشنى بەلگىلەپ، چەت ئەل مەبلىغىنى جەلپ قىلىشقا تىرىشتى. چاۋشيەن 1992-يىلى 4-ئايدا ئاساسىي قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزۈپ، سوتسىيالىزمدا چىڭ تۇرۇشنى جاكارلاش بىلەن بىر ۋاقىتتا، «سىرتقا قارىتا ئېچىۋېتىش»نى يولغا قويۇپ، «دۆلەت ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرىدىغانلىقى، چەت ئەللەرنىڭ مەبلەغ سېلىشىغا رۇخسەت قىلىدىغانلىقىنى بەلگىلىدى. ئارىدىن ئالتە ئاي ئۆتۈپلا «چەت ئەللىكلەرنىڭ مەبلەغ سېلىش قانۇنى» ، «چەت ئەللىكلەر مۇستەقىل مەبلەغ سالغان كارخانىلار قانۇنى» ، «ھەمكارلىق قانۇنى» ، «ئەركىن ئىقتىساد-سودا رايونى قانۇنى» قاتارلىق ئىقتىسادىي

قانۇنلارنى ئېلان قىلىپ، «لوجىن - شېيەنفىڭ ئەركىن ئىقتىسات-سودا رايونى»نى تەسىس قىلدى.

ئاسىيادىكى بۇ دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي ئىسلاھاتلىرىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى ۋە ئۈنۈم دەرىجىسى ئوخشاش بولمىسىمۇ، لېكىن 90-يىللارغا قەدەم قويغاندىن كېيىنلا بىس-بەس بىلەن ئاساسىي قانۇن تۈزۈش ياكى ئۇنىڭغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش ئارقىلىق، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئىقتىسادىي قانۇن-قائىدىلەرنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەدرىجى مۇكەممەللىشىشىگە تۈرتكە بولۇش-ئۇلارنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكىدۇر.

## 3- ئاساسىي قانۇن قۇرۇلمىسىدىكى يېڭى ئۆزگىرىشنىڭ تاشقى تەسىرى ۋە سەۋەبلىرى

ئاسىيادىكى يۇقىرىدىكى دۆلەتلەرنىڭ ئاساسىي قانۇن قۇرۇلمىسىدا كۆرۈلگەن ئىقتىسادىي فۇنكسىيىسىنى ئۆزلۈكسىز كۈچەيتىشتىن ئىبارەت بۇنداق تەرەققىيات يۈزلىنىشى ئەمەلىيەتتە مۇئەييەن دائىرىدىن ئالغاندا دۇنيا خاراكتېرلىك ئىسلاھات دولقۇنىنىڭ ئىنكاسىدىن ئىبارەت. نۆۋەتتە ئاساسىي قانۇننىڭ ئىقتىسادىي فۇنكسىيىسىنى كۈچەيتىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش - ھەر قايسى ئەللەر ئاساسىي قانۇنلىرى تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي يۈزلىنىشى ۋە ئالاھىدىلىكى بولۇپ قالدى. بۇنى توغرا، ئىلمىي ھالدا تەھلىل قىلىش، ئۇنىڭ ئەنئەنىۋى ئاساسىي قانۇنشۇناسلىق نەزەرىيىسىگە ۋە تەتقىقات ئۇسۇلىغا كۆرسەتكەن تەسىرى، بۇ خىل يۈزلىنىش شەكىللىنىشتىكى سەۋەب قاتارلىقلارنى چۈشىنىشتە نوقۇل ھالدا قانۇنشۇناسلىق، سىياسىيشۇناسلىق ياكى ئىقتىساتشۇناسلىقتىن ئىبارەت بىرلا پەنگە ئېسىلىۋېلىشقا بولمايدۇ؛ ئۇنى پەقەت يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان كۆپلىگەن پەنلەرنى بىرلەشتۈرۈپ تەھلىل قىلىش ئۇسۇلى ئاساسىدا، سىياسىي، ئىقتىسادىي، پەن - تېخنىكا، مەدەنىيەت شۇنداقلا خەلقئارا ۋە دۆلەت ئىچىدىكى ھەر قايسى تەرەپلەر بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تەھلىل قىلىش لازىم.

بىرىنچى، ئاساسىي قانۇن قۇرۇلمىسىدىكى بۇنداق ئۆزگىرىش ئەنئەنىۋى ئاساسىي قانۇنشۇناسلىق نەزەرىيىسىگە ۋە تەتقىقات ئۇسۇلىغا جەڭ ئېلان قىلىپ، ئاساسىي قانۇنشۇناسلىق نەزەرىيىسىدە چوڭقۇر بولغان بىر مەيدان ئىسلاھاتقا تۈرتكە بولىدۇ.

بىز بۇ يەردە كۆزدە تۇتقان ئەنئەنىۋى ئاساسىي قانۇنشۇناسلىق نەزەرىيىسى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا ھوقۇق يۇكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشتۈرۈلگەن سىياسىي تۈزۈلمە ئاستىدا بارلىققا كەلگەن ھەم دەرسلىك قوللانمىسى سۈپىتىدە بىزگە يېتىپ كەلگەن سوتسىيالىستىك ئاساسىي قانۇنشۇناسلىق نەزەرىيىسىنىمۇ، غەربنىڭ لىبېرئالىزملىق بازار ئىگىلىكى نەزەرىيىسى ئاساسىدا ۋۇجۇدقا كەلگەن، ئاساسىي قانۇننىڭ ئۆزىدە «ئىقتىسادىي» مەزمۇنلار بەلگىلەنمەسلىكى ياكى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئاز بەلگىلىنىشى كېرەك، دەپ قارايدىغان كاپىتالىستىك ئەنئەنىۋى ئاساسىي قانۇنشۇناسلىق نەزەرىيىسىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئەنئەنىۋى سوتسىيالىستىك ئاساسىي قانۇنشۇناسلىق نەزەرىيىسىنىڭ قارىشىچە، بىر دۆلەتنىڭ ئاساسىي قانۇنلۇق سىياسىي تۈزۈمىنىڭ ئۆزگىرىشىنى ئاساسلىقى «سىياسىي» سەۋەبلەر كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، ئۇ بىر دۆلەتتىكى «سىنىپلار كۈچ سېلىشتۇرمىسى مۇناسىۋىتى»نىڭ ئۆزگىرىشىنىڭ ئەكس ئېتىشىدىن ئىبارەت. بۇنداق نەزەرىيىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئاساسىي قانۇننىڭ ئۆزگىرىشى ياكى تەرەققىي قىلىشىدىكى ئىقتىسادىي سەۋەب ئۈستىدە تەھلىل - تەتقىقات ناھايىتى ئاز بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئازاد بولۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشىنىڭ ئاساسىي قانۇنلۇق سىياسىي تۈزۈلمىگە كۆرسەتكەن تەسىرىگە سەل قارىلىدۇ. بۇنداق ئاڭ فورماتسىيىسىدىن ئاڭ فوماسىيىسىگە كۆچۈپ بارىدىغان باش- ئايىغى يوق تەھلىل قىلىش ئۇسۇلى ئاساسىي قانۇن چىقىرىشتىكى «نوقۇل ھالدىكى ئىرادىچىلىك»نى كەلتۈرۈپ چىقىرىپلا قالماستىن، بەلكى ئاساسىي قانۇنشۇناسلىقنىڭ تەتقىقات دائىرىسىنى تولىمۇ تارايتىپ، زورمۇ زور تېڭىلىپ، ئەمەلىيەتتىن ئېغىر ھالدا يىراقلاپ كېتىش ئەھۋاللىرىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

ئەنئەنىۋى كاپىتالىستىك ئاساسىي قانۇنشۇناسلىق نەزەرىيىسىنىڭ قارىشىچە، ئاساسىي قانۇننىڭ ئۆزىدە «ئىقتىسادىي»

مەزمۇنلار بەلگىلەنمەسلىكى ياكى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئاز بەلگىلىنىشى كېرەك، چۈنكى ئىقتىسادىي تۈزۈمدە دۆلەت ھاكىمىيىتىنىڭ زورلۇق كۈچىنىڭ تەسىرى ساقلانماسلىقى ياكى ئاز ساقلىنىشى كېرەك؛ بۇنداق بولمىغاندا بازار سۇبيېكتلىرىنىڭ ئورنىنىڭ باراۋەر بولۇشىغا ۋە ئىرادىسىنى ئەركىن ئىپادىلىيەلىشىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايدۇ-دە، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ. شۇڭا غەربنىڭ ئاساسىي قانۇنشۇناسلىرى، ئىقتىساتشۇناسلىرى بىردەك بازار ئىگىلىكى دۆلەت ھاكىمىيىتىنى چەتكە قاقىدۇ، دۆلەتنىڭ ئارىلىشىشىغا قارشى تۇرىدۇ، دەپ قارايدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئاساسىي قانۇننىڭ ئىقتىسادىي فۇنكسىيىسىنى كۈچەيتىش ھەم ئۇنىڭ رولىدىن تولۇق پايدىلىنىشنى تەكىتلەش ـ ئەنئەنىۋى سوتسىيالىستىك ئاساسىي قانۇنشۇناسلىق نەزەرىيىسىدىن زور دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ، غەربنىڭ ئەنئەنىۋى ئاساسىي قانۇنشۇناسلىق نەزەرىيىسى بىلەنمۇ ئوخشىمايدۇ. ئوتتۇرا ـ شەرقىي ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ ئاساسىي قانۇنلۇق سىياسىي تۈزۈمىدىكى بۇنداق ئۆزگىرىش سىياسىنىڭ نوپۇزىنى ئىقتىسادىي مېخانىزم ساھەسىگە سۆرەپ كىرىپ، ئاساسىي قانۇنلۇق سىياسىي تەرتىپنى بازار تەرتىپىگە سىغداپ كىرگۈزۈپ، ئۆز ئارا سىغىشالمايدىغان ئىككى كاتېگورىيىنى ملس ھالدا بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق، دۇنيانىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈمى ۋە ئاساسىي قانۇنلۇق سىياسىي تۈزۈمىدىكى بىر مەيدان ئىسلاھاتنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئەنئەنىۋى ئاساسىي قانۇنشۇناسلىق نەزەرىيىسىگە جەڭ ئېلان قىلىپ، نەزەرىيە ساھەسىدىكى زور ئىلگىرىلەشنى ئىشقا ئاشۇردى. بۇنداق ئاساسىي قانۇنلۇق سىياسىي بىلەن ئىقتىسات ئۆز ئارا بىر ـ بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان، بىر ـ بىرىگە سىڭىشىپ كېتىدىغان ۋەزىيەت ئاستىدا، ئاساسىي قانۇن دۆلەتنىڭ توپ چوڭ قانۇنى بولۇش سۈپىتى بىلەن، گەرچە ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ كونكرېت مەزمۇنلىرىنى بىۋاسىتە بەلگىلىمىسىمۇ لېكىن بىر دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ستراتېگىيىسى ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسىگە قارىتا ئومۇمىي يېتەكچى پرىنسىپلارنى بەلگىلەپ، مىللىي ئىگىلىكنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن نىشاننى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىشى لازىم. ئاسىيادىكى يۇقىرىدىكى دۆلەتلەردە بۇ جەھەتتە ئاساسىي قانۇن ئۆزىنىڭ تېگىشلىك رولىنى جارى قىلدۇرماقتا.

ئىككىنچى، ئاساسىي قانۇننىڭ ئىقتىسادىي فۇنكسىيىسىنى كۈچەيتىش سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئوتتۇرا ـ شەرقىي ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ كۈنسايىن كۈچىيىۋاتقان ئىقتىسادىي رىقابەتلەرگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن قوللانغان جىددىي تەدبىرى بولۇپ، ھازىرقى زامان ئەللىرىنىڭ دۆلەت خىزمىتىنىڭ مەركىزىي نۇقتىسىنىڭ جىددىي بۇرىلىۋاتقانلىقىنى ئەكس ئەتتۈردى.

ئەنئەنىۋى ئاساسىي قانۇنشۇناسلىق نەزەرىيىسى بويىچە، ئاساسىي قانۇننىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىگە بولغان ئەكس تەسىرى ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ، بەلكى بىۋاسىتە ھالدا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىگە تەسىر كۆرسەتمەيدۇ؛ شۇڭا پەقەت ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنى ئۆزگەرتكەن، ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئىلغارلىقى، ئىلگىرى سۈرەرلىكىنى يۇقىرى كۆتۈرگەندىلا، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ. بۇنداق ئەنئەنىۋى نەزەرىيە مەسىلىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋەتكەن بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى بىر خىل پاسسىپ، كىشىلەرنىڭ سۇبيېكتىپ ئىرادىسىگە ئاساسەن ئىدارە قىلغىلى بولىدىغان نەرسىگە ئايلاندۇرۇپ قويۇپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتى جەريانىدا باشتىن ـ ئاخىرقى ئەڭ جانلىق، ئەڭ ئاكتىپ، تەشەببۇسكار ئامىل ئىكەنلىكىگە سەل قارىغان. ئوتتۇرا ـ شەرقىي ئاسىيا ئەللىرىدىكى ھازىرقى رېئال ئەمەلىيەت ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ دەل تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئاساسىي قانۇنلۇق سىياسىي بەرپا قىلىۋاتقانلىقىنى، بەلكى پاسسىپ ھالدىكى ئاساسىي قانۇن تەرىپىدىن خالىغانچە بەلگىلىنىدىغان نەرسە ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلاپ بەردى؛ نۆۋەتتىكى ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئالدىدا ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ ئاساسىي قانۇن تۈزۈش شەكلى ئارقىلىق كۈچلۈك بولغان «تاقابىل تۇرۇش تەدبىرلىرى»نى قوللانمىسا بولمايدىغانلىقىنى، بولمىسا ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ رەھىمسىز ئاقىۋەتلەرنى ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈردى. ۋېتنام قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ئاساسىي قانۇن ۋە ئىقتىسادىي قانۇنلىرىنى ئارقىمۇ ـ ئارقا تۈزىتىشى ياكى تۈزىشىدىن، كامبودژىنىڭ ئۇرۇش مۇھىتىدىن قۇتۇلۇپلا ئاساسىي قانۇن تۈزۈپ، بازار ئىگىلىكىنى يولغا قويۇشىنى

جاكالىشىدىن ھەر قايسى ئەللەرنىڭ بۇ مەسىلىنى تولۇق تونۇپ يېتەلمىگەنلىكىنى ئېنىق ھالدا كۆرۈپ ئالالايمىز.

ئۈچىنچى، ئاساسىي قانۇننىڭ ئىقتىسادىي فۇنكسىيىسىنىڭ كۈچەيتىلىشى دۇنيا ئىقتىسادىنى قېلىپلاشتۇرۇش دولقۇنىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى بولۇپ، بۇ دۇنيا ئىقتىسادىنى بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرۇش، رايون ئىقتىسادىنى گورۇھلاشتۇرۇش يۈزلىنىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

ئەنئەنىۋى ئاساسىي قانۇنشۇناسلىق نەزەرىيىسىدە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتى جەريانىدىكى ھەل قىلغۇچ رولىغا سەل قارىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنى پەقەت بىرەر دۆلەت، بىرەر رايون ياكى بىرەر مىللەت دائىرىسىدە تەھلىل قىلىش بىلەنلا چەكلىنىپ قېلىپ، ئۇنى ئېغىر دەرىجىدىكى بىر تەرەپلىمىلىك ۋە چەكلىمىلىككە ئىگە نەرسىگە ئايلاندۇرۇپ قويغان بولغاچقا، ھازىرقى دەۋردىكى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي ھالىتىنى چۈشۈنۈش ۋە ئىگىلەپ بېرىش مۇمكىن بولمىغان. نەتىجىدە تەدبىر بەلگىلەش ۋە تۈرلۈك مۇرەككەپ ھادىسىلەرنى تەھلىل قىلغىنىمىزدا ئىلمىي بولغان ستراتېگىيىلىك كۆز قاراش كەمچىل بولغان. ئاساسىي قانۇننىڭ ئىقتىسادىي فۇنكسىيىسىنى كۈچەيتىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشقا ئەھمىيەت بېرىشتىن ئىبارەت بۇنداق تەرەققىيات يۈزلىنىشى بىزگە ھازىرقى زامان ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىياتىنىڭ ھەم تېز سۈرئەتلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ھەم دۇنياۋى خارەكتېرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى تولۇق ئىسپاتلاپ بەردى. ھازىرقى رېئال دۇنياۋى ۋەزىيەتكە نەزەر سالىدىغان بولساق، سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، دۇنيا ۋەزىيىتىنىڭ ئۆزگىرىشى دۆلەتلەر بىلەن دۆلەتلەر، رايونلار بىلەن رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىقنى بارغانسېرى تارايتىپ، ئۆز ئارا ئالاقىنى ۋە بىر ـ بىرىگە تايىنىش ھالىتىنى كۈچەيتتى؛ گەرچە ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ ئاساسىي قانۇنلىرىدا تەبىئىي ھالدا ئۆز دۆلىتىگە خاس ئىدېئولوگىيە ھالەتلىرى يەنىلا مەۋجۇت بولسىمۇ لېكىن دۇنيا ئىقتىسادىنى تەدرىجىي بىر گەۋدىلەشتۈرۈش، رايون ئىقتىسادىنى گورۇھلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت تارىخىي تەرەققىيات يۈزلىنىشىنىڭ ھەر قايسى ئەللەر ئاساسىي قانۇنلىرىدىكى ئەكس ئېتىش دەرىجىسى بارغانسېرى گەۋدىلىك بولماقتا. ھەر قايسى دۆلەتلەر ئىشىكنى ئاچقۇزۇپ، ئۆزىنىڭ ھەر قايسى تەرەپلەردىكى ئىدېئولوگىيىسىنى ئۈلۈك ھالەتتە ساقلاپ قېلىشقا تىرىشىدىغان كونا ئەنئەنىنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئۆزىنىڭ ئىقتىسات ـ مەدەنىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا پايدىلىق بولغان شارائىتتىن تولۇق پايدىلىنىشقا ئەھمىيەت بەرمەكتە. بۇنداق يېڭى تەرەققىيات ستراتېگىيىسىنى بولغا قويۇش داۋامىدا بىر دۆلەتنىڭ قانۇن ـ قائىدىلىرى يەنە بىر دۆلەتنىڭ قانۇن ـ قائىدىلىرى بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدىغان، ئۆز ـ ئارا قوبۇل قىلىنىدىغان يېڭى ۋەزىيەت مەيدانغا كەلمەكتە، ئۆز ئارا خوشنا بولغان، دۆلەت ئەھۋالى ئوخشىشىپ كېتىدىغان دۆلەتلەرنىڭ ئاساسىي قانۇنلىرىدا ھەممىسە «بازار مېخانىزمى» ، «بازارئىگىلىكى» ، «ئىقتىسادىي ئىسلاھات» ، «سىرتقا قارىتا ئېچىۋېتىش» ، «ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايون» ۋە «ئەركىن سودا» دېگەنلەرگە ئوخشاش بەلگىلىمىلەردىكىدەك ئورتاق بەلگىلىنىدىغان بولدى.

شۇنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇكى، ئوتتۇرا ـ شەرقىي ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ ئىقتىسادىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش يۈزلىنىشىنىڭ ئەسىرگە ئۇچراش ھەم شۇ ئاساستا ئاساسىي قانۇننىڭ ئىقتىسادىي فۇنكسىيىسىنى كۈچەيتىش ھەم ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشقا ئەھمىيەت بېرىش ئەھۋالى يەنىمۇ گەۋدىلىك ھالدا تەرەققىي قىلىدۇ. ئاسىيا ـ تىنچ ئوكيان دۆلەتلىرى ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ «بېيتېنزورگ خىتابنامىسى» ۋە «ئوساكا خىتابنامىسى» دە ئاسىيا ـ تىنچ ئوكيان رايونىدىكى 18 دۆلەت ۋە رايون رايون سودىسى ۋە مەبلەغ سېلىشنى ئەركىنلەشتۈرۈش توغرىسىدا ۋاقىت، باسقۇچ قاتارلىقلار توغرىسىدا ۋەدە بېرىشتى، بۇ تەبىئىي ھالدا بۇ رايوندىكى دۆلەتلەر ئۈچۈن «خەلقئارالىق چەكلەش كۈچى» گە ئىگە بولىدۇ. بۇنداق نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ھەر قايسى ئەزا دۆلەتلەر ئىچكى قانۇنلىرى بىلەن خەلقئارا قانۇن ـ قائىدىلەرنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئۆز ـ ئارا ماسلاشتۇرۇپ بارىدۇ، نەتىجىدە ئاساسىي قانۇننىڭ ئىقتىسادىي فۇنكسىيىسىنى كۈچەيتىش ۋە دۆلەتلەر ئارا ئاساسىي قانۇننىڭ مەزمۇنلىرى يېقىنلىشىپ بېرىشتەك ۋەزىيەت تېخىمۇ گەۋدىلىنىپ بارىدۇ.

# قانۇن-تۈزۈمنىڭ بازار ئىگىلىكىدىكى رولى توغرىسىدا

ئابدىغېنى ئوبۇلھەسەن

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرى ئۇلۇغ تارىخىي خاراكتېرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىغا غەلىبىلىك قەدەم تاشلىدى. ج ك پ نىڭ مەملىكەتلىك 14 - قۇرۇلتىيى 5 - ئومۇمىي يىغىنىدا «بۇنىڭدىن كېيىنكى 15 يىل - ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، كېيىنكىلەرگە يول ئاچىدىغان مۇھىم مەزگىل، بىز بۇ مەزگىل ئىچىدە بىر قەدەر مۇكەممەل بولغان سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىمىز.» دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشتا شۇنىڭغا ماس كېلىدىغان مۈلۈكچىلىك قۇرۇلمىسى، زامانىۋى كارخانا تۈزۈمى، ئىگىلىكنى ماكرولۇق تەڭشەش سىستېمىسى ۋە بىرلىككە كەلگەن ئېچىۋېتىش، تەرتىپلىك رىقابەتلىشىشتىن ئىبارەت - بازار سىستېمىسى ھەممىدە خەلقئارا ئادەتلىرىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان خەلقئارا رىقابەت ۋە سىرتقا قارىتا ئېچىۋېتىش تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش زۆرۈر. بۇلارنىڭ ھەممىسى قانۇننىڭ كاپالىتى ۋە قانۇن - تۈزۈمنىڭ تەڭ قەدەملىك تەرەققىياتىغا موھتاج. پارتىيە مەركىزىي كومىتېت 11 - نۆۋەتلىك 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، ئاساسىي قانۇن ۋە ئاساسىي قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش لايىھىسىدىن باشقا، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 120 نەچچىدىن ئارتۇق قانۇن، قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدىكى 10 نەچچە قارار ھەمدە قانۇنغا ئائىت بولغان 70 نەچچە قارارنى ئېلان قىلدى. بۇ قانۇن ۋە قائىدە - نىزاملار ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىش جەريانىدا، ئاساسىي ھەرىكەت قائىدىلەرنى تۇرغۇزۇپ بېرىپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشى ئۈچۈن يول ئېچىپ بەردى. قانۇننىڭ قېلىپلاشتۇرۇشىدىن ئايرىلغان بازار ئىگىلىكىنىڭ ساغلام ۋە ئۈنۈملۈك تەرەققىياتقا ئېرىشىشى مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى ئۇ قانۇننىڭ قېلىپلاشتۇرۇشىدىن ئايرىلىدىكەن، بازار ئىگىلىكىنىڭ ئەسلىي ئالاھىدىلىكىدىن ئايرىلغان بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇكەممەل بازار ئىگىلىكى قانۇن سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى ئوڭۇشلۇق بەرپا قىلىش ۋە ساغلام راۋاجلاندۇرۇشتا، ئېلىمىز ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈش ۋە جەمئىيەتنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە مۇناسىۋەتلىك.

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، قانۇن - تۈزۈم ئىگىلىكىدۇر. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى قانۇن ئارقىلىق يېتەكلىنىشى، قېلىپلاشتۇرۇلۇشى، كاپالەتلەندۈرۈلۈشى ۋە تىزگىنلىنىشى كېرەك. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى قانۇن سىستېمىسى - سوتسىيالىستىك قانۇن سىستېمىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى تۆۋەندىكى بىر قانچە تەرەپتىن تەشكىل تاپىدۇ: بىرىنچى، بازار سۇبيېكتى قانۇنى، يەنى بازار سۇبيېكتىنىڭ تەشكىلىي شەكلى ۋە ئورنى توغرىسىدىكى قانۇن ئۆلچەملەر. ئۇ شىركەت قانۇنى، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىدىكى سانائەت كارخانىلىرى قانۇنى، شېرىكلىشىش قانۇنى، خۇسۇسىي كارخانىلار قانۇنى، ۋەيران بولۇش قانۇنى، چەت ئەللىك سودىگەرلەر مەبلەغ سېلىش قانۇنى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يەنە بىرى، بازار سۇبيېكتىنىڭ ھەرىكەت مىزانى قانۇنى. يەنى بازار سۇبيېكتىنىڭ سودا - ئالماشتۇرۇش ھەرىكىتى توغرىسىدىكى قانۇن - ئۆلچەملەر، ئۇ ماددىي ھوقۇق قانۇنى، تۆلىتىۋېلىش ھوقۇقى قانۇنى، چېك قانۇنى، قىممەتكە ئىگە بېلەتلەرنى ئالماشتۇرۇش قانۇنى، سۇغۇرتا قانۇنى، دېڭىز سودىسى قانۇنى، پاتېنت قانۇنى، سودا ماركىسى قانۇنى، ئەسەر ھوقۇقى قانۇنى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۈچىنچى، بازار تەرتىپى قانۇنى، يەنى بازاردا باراۋەر رىقابەتلىشىشنىڭ شەرتلىرىدىن قېلىپلاشتۇرىدىغان، ئادىل رىقابەتلىشىش تەرتىپىنى قوغدايدىغان قانۇن - ئۆلچەملەر. ئۇ ناتوغرا رىقابەتكە قارشى تۇرۇش قانۇنى، مونوپول قىلىۋېلىشقا قارشى تۇرۇش قانۇنى، ئىستېمالچىلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش قانۇنى ۋە مەھسۇلات سۈپىتى قانۇنى، پايدىخورلۇققا قارشى تۇرۇش قانۇنى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تۆتىنچىسى، بازار ئاساسىي ئامىللىرى قانۇنى، يەنى ئوخشاش بولمىغان بازارنىڭ ئاساسىي ئامىللىرىنى ئېتىراپ قىلىش، ئوخشاش بولمىغان بازارنىڭ مىزانى بەلگىلەنگەن قانۇن - ئۆلچەملەر. ئۇ ئىستېمال مەھسۇلاتلىرى بازىرى، ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى بازىرى، پۇل - مۇئامىلە بازىرى، ئەمگەك كۈچلىرى بازىرى، تېخنىكا بازىرى، ئۇچۇر بازىرى، يەر - ئۆي مۈلۈك بازىرى،

بىناكارلىق قۇرۇلۇش بازىرى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مۇشۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك قانۇنلار مال ئېلىپ سېتىش قانۇنى، قەرەللىك مال ئالماشتۇرۇش قانۇنى، ئامانەت قەرز قانۇنى، ئەمگەك كۈچلىرى بازىرىنى باشقۇرۇش قانۇنى، تېخنىكا ئالماشتۇرۇش قانۇنى، ئۇچۇر قانۇنى ، بىناكارلىق قۇرۇلۇشقا خېرىدار چاقىرىش، مەبلەغ سالغۇچىلارنى چاقىرىش قانۇنى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ گ بەشىنچىسى، بازارنى ماكرولۇق تەڭشەش تىزگىنلەش قانۇنى، يەنى ھۆكۈمەتنىڭ بازارنى ماكرولۇق تەڭشەش تىزگىنلەشنى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى قانۇن - نىزاملار، بۇ ئاساسلىقى خام چوت قانۇنى، بانكا قانۇنى، مال باھاسى قانۇنى، باج قانۇنى، مەبلەغ سېلىش قانۇنى، كەسىپ سىياسىتى قانۇنى، پىلان قانۇنى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئالتىنچى، ئىجتىمائىي كاپالەت قانۇنى، يەنى ئەمگەكچىلەرنى ئىجتىمائىي كاپالەت بىلەن تەمىن ئېتىش توغرىسىدىكى قانۇن - نىزاملار، بۇ ئاساسلىقى ئەمگەك قانۇنى، ئىجتىمائىي سۇغۇرتا قانۇنى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

خۇددى «ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشقا دائىر بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدىكى قارارى»دا «سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش قەدەمكىلار قىلىپ باقمىغان ئىجادىي ئىش بولۇپ، ئىنتايىن مۇرەككەپ نۇرغۇن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.» دەپ كۆرسىتىلگەندەك سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ بەرپا قىلىنىشى ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي بازىس ۋە ئۈستقۇرۇلمىسىدىكى نۇرغۇن ساھەلەرگە تاقىلىدۇ. ئۇ بىر قاتار تۈزۈلمىلەرنى ئىسلاھ قىلىش ۋە سىياسەتلەرنى تەڭشەشكە مۇھتاج، شۇنداقلا ئۇ تەرەققىي قىلىپ مۇكەممەللىشىدىغان جەريان بولۇشى كېرەك. شۇنىڭغا ئوخشاشلا، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى قانۇن سىستېمىسىنىڭ بەرپا قىلىنىشىمۇ قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا تاماملىنىدىغان ئىش بولماستىن، بەلكى نىھايىتى مۇرەككەپ ئىجتىمائىي سىستېما قۇرۇلۇشى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قانۇن سىستېمىسى ئاساسەن پىلانلىق ئىگىلىكنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن شەكىللەندۈرۈلگەن بولۇپ، بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىيات تەلىپىگە ماسلىشالمايۋاتىدۇ، لېكىن بىز بۇنىڭلىق بىلەن سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى قانۇن سىستېمىسى بەرپا قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن، بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشىمىز لازىم دەپ كۈتۈپ تۇرماسلىقىمىز، بەلكى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش بىلەن قانۇن - تۈزۈم قۇرۇلۇشىنىڭ بىردەكلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، تەدبىر بەلگىلەشنى ئىسلاھ قىلىش، تەدبىر بەلگىلەشنى راۋاجلاندۇرۇش بىلەن قانۇن تۈزۈش، تەدبىر بەلگىلەشنى زىنچ بىرلەشتۈرۈپ، بوشلۇقلارنى تېزدىن تولدۇرۇپ، قانۇن ئارقىلىق يېتەكلەپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىشنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز ۋە كاپالەتلەندۈرۈشىمىز لازىم. نۆۋەتتە بىز تېخى مۇكەممەل بازار ئىگىلىكى قانۇن سىستېمىسىنى بەرپا قىلالمىغان بولساقمۇ، لېكىن ھازىرقى بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ملىس كېلىدىغان قانۇن - قائىدىلەردىن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ، قانۇننىڭ فۇنكسىيىلىك رولى خېلىلا كۆزگە كۆرۈنەرلىك بولۇۋاتىدۇ، بۇ ئاساسلىقى تۆۋەندىكى بىر قانچە جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ:

1 - سوتسىيالىستىك قانۇن - تۈزۈم بازار ئىگىلىكىدە سىياسىنى مۇقىملاشتۇرۇش ۋە ئىجتىمائىي مۇھىتنى مۇقىملاشتۇرۇش رولىنى ئوينىماقتا. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ «سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشقا دائىر بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدىكى قارارى» دا «سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشكە مۇكەممەل قانۇن ئارقىلىق كاپالەتلىك قىلىش ۋە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى مۇكەممەل قانۇن - تۈزۈم ئارقىلىق قىلىپلاشتۇرۇش كېرەك» دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان. سوتسىيالىزم جەمئىيىتىدە، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلار بىر سىنىپ سۈپىتىدە يوقىتىلدى، لېكىن سىنىپىي كۈرەش تېخى ئاياغلاشقىنى يوق. دۈشمەن كۈچلەر ھەمدە جەمئىيەت ئامانلىقىغا ئېغىر دەرىجىدە زىيان يەتكۈزىدىغان جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرى ۋە ئىقتىسادىي جىنايەتچىلەر ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە يەنىلا مەۋجۇت. بولۇپمۇ نۆۋەتتە ئىقتىسادىي تۈزۈلمىدە بۆرۈلۈش بولۇۋاتقان مەزگىلدە، ھەر قايسى مەنپەئەت مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى بىر قەدەر زور بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ئىدىيىۋى نۇقتىئىنەزەردە ئۆزگىرىشكە بىر جەريان كېرەك بولىدۇ، تۈرلۈك زىددىيەتلەر بىر قەدەر زور بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ «سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشقا دائىر بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدىكى قارارى»دا كۆرسىتىلگىنىدەك: «قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشقا يۇكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىش، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش بىلەن قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، قانۇن ۋاستىسى ئارقىلىق ئىگىلىك باشقۇرۇشنى ئۆگىنىۋېلىش كېرەك» سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ قانۇن سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش، قانۇن ئارقىلىق دۈشمەن كۈچلەرگە دىكتاتۇرا يۈرگۈزۈش ۋە باستۇرۇش رولىنى كۈچەيتىش، مۇقىم، ئىتتىپاق

بولغان سىياسىي ۋەزىيەتنى مۇستەھكەملەش، ياخشى ئىجتىمائىي تەرتىپنى ساقلاش ۋە ئورنىتىش بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن شەرت - شارائىت يارىتىشنى مەقسەت قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ھەق تەلەپ قانۇنى، ئىقتىسادىي قانۇن قاتارلىق قانۇنلارمۇ كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتىنى قېلىپلاشتۇرۇش، كىشىلەرنىڭ ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيىتىنى بەلگىلەش، جەمئىيەت تەرتىپىنى مۇقىملاشتۇرۇشتا مۇھىم رولىلارنى ئوينىماقتا.

2 - قانۇن - تۈزۈم بازار ئىگىلىكىنى يېتەكلەش رولىنى ئوينايدۇ. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ «سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشقا دائىر بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدىكى قارارى»دا «قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ نىشانى: ئاساسىي قانۇندا بەلگىلەنگەن پرىنسىپلارغا ئەمەل قىلىپ، ئىقتىسادىي قانۇن چىقىرىشنى تېزلىتىپ، ھەق تەلەپ قانۇنى، سودا قانۇنى، جىنايى ئىشلار قانۇنى، دۆلەت ئاپپاراتلىرى ۋە مەمۇرىي باشقۇرۇش جەھەتتىكى ئالاقىدار قانۇنلارنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى ۋە ماس كېلىدىغان قانۇن سىستېمىسىنى دەسلەپكى قەدەمدە بەرپا قىلىش؛ ئەدلىيە تۈزۈمى ۋە مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش مېخانىزمىنى ئىسلاھ قىلىپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئەدلىيە ۋە مەمۇرى قانۇننى ئىجرا قىلىش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش؛ قانۇننى ئىجرا قىلىش، نازارەت قىلىش مېخانىزمىنى ئورنىتىپ ۋە قانۇن مۇلازىمەت ئاپپاراتلىرىنى قۇرۇپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، قانۇنچىلىق تەربىيىسىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ قانۇن ئېڭىنى ۋە قانۇنچىلىق قارشىنى ئۆستۈرۈشتىن ئىبارەت» دەپ كۆرسىتىلدى. دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنى ۋە بىر قاتار ئىقتىسادىي قانۇنلىرى پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى ۋە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى فاڭجېن سىياسەتلىرىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشتە يېتەكچىلىك قىلىش رولىنى ئوينىماقتا. مەسىلەن، «ئاساسىي قانۇن» دىكى ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك تۈزۈمىنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان كۆپ خىل ئىگىلىك تەركىبلىرى ئۆزئارا بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان مۈلۈكچىلىك قۇرۇلمىسى، دۆلەت ئىگىلىكى - خەلق ئىگىلىكىدىكى يېتەكچى كۈچ، دۆلەت يولغا قويغان سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى، يېزىلاردىكى مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ئائىلىلەرگىچە ھۆددىگە بېرىشنى ئاساس قىلغان مەسئۇلىيەت تۈزۈلمىسى، ئەمگەكچىلەر ئاممىسىنىڭ كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكى قاتارلىقلار توغرىسىدىكى بەلگىلىمىسى ئاساسىي قانۇن شەكلىدە ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدىكى بىر تۈرلۈك ئاساسىي پرىنسىپى ئىكەنلىكى ئېتىراپ قىلىنىپ، ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى ساغلام يۆنىلىشكە قاراپ تەرەققىي قىلىشقا يېتەكلىدى. يەنە دۆلىتىمىزنىڭ ماكرولۇق تەڭشەش - تىزگىنلەش توغرىسىدىكى قانۇنلىرى، ئالايلۇق، خىلم چوت قانۇنى، بانكا قانۇنى، مال باھا قانۇنى قاتارلىقلار ھۆكۈمەتنىڭ ئىگىلىكنى باشقۇرۇش دائىرىسى ۋە ماكرولۇق تەڭشەش - تىزگىنلەشنىڭ قانۇنىي شەكلىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئېنىق بەلگىلەش، ھۆكۈمەتنىڭ بازار ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى ئورنى ۋە رولىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش، ھۆكۈمەتنىڭ فۇنكىتسىيىسىنى ئۆزگەرتىش ۋە كارخانىلارغا سىرتتىن ئۇنۇملۇك باشقۇرۇشنى يولغا قويۇش قاتارلىق جەھەتلەردە ئاكتىپ، مۇھىم يېتەكلەش رولىنى ئوينىدى.

3- قانۇن - تۈزۈم بازار ئىگىلىكىدە قېلىپلاشتۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ. قانۇن پەيدا بولغاندىن بۇيان، قېلىپلاشتۇرۇش رولىنى ئويناپ كەلدى. قانۇن كىشىلەرنىڭ ھەرىكەت مىزانى بولۇش سۈپىتى بىلەن، كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتىنى تەڭشەيدۇ ۋە قېلىپلاشتۇرىدۇ. شۇڭا نۆۋەتتە، تەجرىبىلەرنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، تۈرلۈك سىياسەت، قانۇن - تۈزۈملەرنى ئورنىتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، قانداق ھەرىكەتلەرنىڭ قانۇنلۇق ئىكەنلىكى قانۇن تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن ئىكەن ئۇ ئىجرا قىلىنىشى زۆرۈر. قانداق ھەرىكەتلەرنىڭ قانۇنسىز ئىكەنلىكى قانۇن - تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن ئىكەن ئۇ چەكلىنىشى زۆرۈر. مەسىلەن، «ناتوغرا رىقابەتكە قارشى تۇرۇش قانۇنى»دا ئادىل رىقابەتلىشىشنى قوغداش، ئالدامچىلىق خارەكتېرىدىكى ئالماشتۇرۇش، سودا مەخپىيەتلىكىگە تاجاۋۇز قىلىش، ساختا ئېلان ياساش قاتارلىق ناتوغرا رىقابەت قىلمىشلىرىغا قارشى تۇرۇش كېرەكلىكى بەلگىلەنگەن. «توختام قانۇنى»دا قانۇنلۇق توختامنى قوغداش، قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش، ئالدامچىلىق قىلىش، لەۋزىدە تۇرماسلىق، سەمىمىي بولماسلىق قاتارلىق ئىناۋەتسىز توختاملارغا قارشى تۇرۇش، بازار تەرتىپىنى قوغداش، ھەر قانداق تەشكىلات ۋە شەخسنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىك تەرتىپىنى قالايمىقانلاشتۇرۇشنى چەكلەش كېرەكلىكى بەلگىلەنگەن. قانۇنلاردا يەنە بىرلىككە كەلگەن، ئېچىۋېتىلگەن بازار سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش، تارماقلارنى بۆلۈۋېتىش، رايونلارنى قامال قىلىۋېلىش، ھوقۇق سودىسى ۋە مونوپوللىيىلىك تىجارەتكە قارشى تۇرۇش؛ مەھسۇلات سۈپىتىنىڭ ئۆلچەمگە يېتىش ھەمدە كەسىپ ئۆلچىمى، دۆلەت ئۆلچىمى ۋە خەلقئارالىق ئۆلچەمدىن ئېشىپ كېتىشكە ئىلھام بېرىش، ساختا، يالغان، ناچار مەھسۇلاتلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشى ۋە سېتىلىشىنى چەكلەش، شۇ ئارقىلىق

بازار ئىگىلىكىنى ساغلام يۆنىلىشكە قاراپ تەرەققىي قىلدۇرۇشنى قېلىپلاشتۇرۇش لازىملىقى بەلگىلەنگەن. مانا بۇلار سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى بەرپا قىلىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشتە ناھايىتى زور روللارنى ئوينىماقتا.

4 ـ قانۇن ـ تۈزۈم بازار ئىگىلىكى تەرتىپىنىڭ ئىچكى تەلىپى ۋە ئورگانىك تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ئۇ بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشتا ئىلگىرى سۈرۈش ۋە كاپالەتلىك قىلىش رولىنى ئوينايدۇ. بازار ئىگىلىكى تەرتىپى دېگىنىمىز بارلىق ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرنىڭ ۋە ئىقتىسادىي باشقۇرۇشنىڭ قېلىپلىشىشىنى، تۈزۈملىشىشى ۋە قانۇنلىشىشىنى كۆرسىتىدۇ. بازار ئىگىلىكىدە ھەر قايسى ئىقتىسادىي پائالىيەتلەر سۇبيېكتلىرىنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئەتى ۋە ئورنى چوقۇم قانۇن تەرتىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىشى ۋە قوغدىلىشى، بازار تەرتىپى قانۇن ئارقىلىق قېلىپلىشىشى ۋە قانۇن بىلەن باغلىنىپ تۇرۇشى كېرەك. «قانۇن دۆلەت تەرىپىدىن تۈزۈلگەن ياكى ئېتىراپ قىلىنغان، ھۆكۈمران سىنىپنىڭ ئىرادىسىنى ئىپادىلەيدىغان، ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى دۆلەتنىڭ زورلۇق كۈچى بىلەن كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان ھەرىكەت قائىدىسىنىڭ يىغىندىسى» بولۇپ، قانۇننىڭ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىگە بولغان ئىلگىرى سۈرۈش رولى ئاساسلىقى تۆۋەندىكى ئىككى جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ: بىرى، بىۋاسىتە ئىلگىرى سۈرۈش رولى. بۇ ئاساسلىقى بازار ئىگىلىكىنى بىۋاسىتە تەڭشەيدىغان قانۇنلارنى كۆرسىتىدۇ، مەسىلەن، ھەق تەلەپ قانۇنى، ئىقتىسادىي قانۇن، ئەمگەك قانۇنى، بىلىم ئىگىدارلىق ھوقۇقى قانۇنى قاتارلىقلار، بۇلار بازار ئىگىلىكىنىڭ قانۇن ئېتىراپ قىلغان پرىنسىپ بويىچە چوڭقۇر تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى بازارنىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ياخشىلىنىشى ئۈچۈن توسالغۇلارنى تازىلايدۇ. يەنە بىرى، ۋاسىتىلىق ئىلگىرى سۈرۈش رولى، بۇ سىياسىي مۇناسىۋەت، باشقۇرۇش مۇناسىۋىتى، ئائىلە مۇناسىۋىتى قاتارلىقلارنى ئاساس قىلغان قانۇنلارنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، جىنايى ئىشلار قانۇنى، نىكاھ قانۇنى، مىراسخورلۇق قانۇنى، ئەرزىيەت قانۇنى قاتارلىقلار، بۇ قانۇنلار تۈرلۈك زىددىيەت ۋە ماجىرالارنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، كىشىلەرنىڭ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىشتىكى ئاكتىپچانلىقىنى قوزغاشتا ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ. قانۇننىڭ كاپالەتلىك قىلىش رولىمۇ تۆۋەندىكى ئىككى تەرەپتە ئىپادىلىنىدۇ. بىرى، مەنپەئەتكە كاپالەتلىك قىلىش. بازار ئىگىلىكى مۇناسىۋەتلىرىدىكى تۈرلۈك ھەرىكەتلەرنىڭ كۆپ قىسمى مۈلۈكىيەت ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ھەمدە مۈلۈكىيەت ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى گەۋدىلەندۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ. قانۇن دۆلەتنىڭ، كوللېكتىپنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ مەنپەئەتىگە دەخلى تەرۇز يەتكۈزگەن قانۇنغا خىلاپ جىنايى ھەرىكەتلەرنى ئۆز ۋاقتىدا چەكلەش ۋە جازالاش ئارقىلىق بازار ئىگىلىكىنىڭ بەرپا قىلىنىشى ۋە مۇكەممەللىشىشكە كاپالەتلىك قىلىدۇ. يەنە بىرى، تەرتىپكە كاپالەتلىك قىلىش، بازار ھەرىكىتى ياخشى، مۇقىم تەرتىپ ئىچىدە ئېلىپ بېرىلغاندىلا، ئالدىن مۆلچەرلەنگەن مەقسەتكە يېتەلەيدۇ. تەرتىپ بولمىسا، ساغلام بولغان سوتسىيالىستىك بازارنى بەرپا قىلىش مۇمكىن ئەمەس، تاۋار ئالماشتۇرۇشنى ئېلىپ بېرىش تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس. شۇنى بىلىش كېرەككى، ھەقىقىي بازار ئىگىلىكى ئەركىن ئىگىلىك ئەمەس، بەلكى يۈكسەك تەرتىپ ئاساسىدىكى ئىگىلىك. بۇ خىل تەرتىپ ئاساسلىقى دۆلەتنىڭ بىر يۈرۈش قانۇن ـ نىزاملىرىغا تايىنىدۇ. مەسىلەن، «ھەق تەلەپ قانۇنى» بازار ئىگىلىكىنى تەرتىپكە سېلىش رولىنى ئوينايدۇ. ئۇنىڭ مۇھىم بىر رولى بازار ئىگىلىكى پائالىيىتىنىڭ ساغلام تەرتىپلىك ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا، «ھەق تەلەپ قانۇنى» تولۇق مەنپەئەت توقۇنۇشلىرىنى ماسلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت «تەڭشىگۈچ» لۈك رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ. ئۇ كۈچلۈكلەرنىڭ ئاجىزلارنى يۇتۇۋېلىش، ھىيلىگەرلىك بىلەن بۇلاپ تالاش، كىشىلەرگە زىيانكەشلىك قىلىش، بايلىق ئۈچۈن ئىنساپىنى يوقىتىش قاتارلىقلارغا يول قويمايدۇ. ئىجتىمائىي ئادىللىق ۋە ھەققانىيەتنى قوغداپ، كارخانا، شەخس، دۆلەت، جەمئىيەت ۋە باشقىلارنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزمەسلىك ئالدىنقى شەرت ئاستىدا، ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلەشنى قوغدايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، كىشىلەرنىڭ قەدىر ـ قىممىتى ۋە ئىززەت ھۆرمىتىگە كاپالەتلىك قىلىپ، بازار ئىگىلىكىنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا «بىلىم ئىگىدارلىق ھوقۇقى قانۇنى» كەڭ زىيالىيلارنىڭ يېڭى ـ تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى قوغداپلا قالماستىن، بەلكى يېڭى ـ تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ تېزلىكتە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىگە، ماددىي بايلىققا ئايلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولىدۇ.

5 ـ قانۇن ـ تۈزۈم ئۆلچەمسىز بازار ھەرىكىتىنى چەكلەش رولىنىمۇ ئوينايدۇ. بازار ئىگىلىكى، ماھىيەت جەھەتتىن، بىر خىل رىقابەت تىپىدىكى ئىگىلىك، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىدىمۇ ئوخشاشلا رىقابەت مەۋجۇت بولۇپ، ئۇ ئۆزىگە

(ئاخىرى 61-بەتتە)

# ئالىي مەكتەپ كۇتۇپخانىلىرىدا ئۇچۇر مۇلازىمىتىنى يولغا قويۇش توغرىسىدا دەسلەپكى ئىزدىنىش

دىلبەر كېرىموپ

ئىنسانلار جەمئىيىتى 20 - ئەسىرنىڭ 97 - يىللىرىغا قەدەم قويىۋاتقان بۈگۈندە، ئىلىم - پەننىڭ تەرەققىي قىلىش سۈرئىتى كىشىلەرنىڭ تەسەۋۋۇرىدىن ھالقىپ كەتتى. بولۇپمۇ يېقىنقى ئىككى يىلدىن بۇيان مەركىزىي كومىتېت ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ قەدىمىنى تېزلىتىش ئۈچۈن ئەسلىدىكى پىلانلىق ئىگىلىكنى بازار ئىگىلىكىگە يۆتكەشنى قارار قىلغاندىن كېيىن، تاۋار ئىگىلىكى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلۈپ، جەمئىيەتنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىگە شىددەتلىك زەرب بولۇپ ئۇرۇلۇشقا باشلىدى. جۈملىدىن «غايىۋى جەننەت»دە ئىشلەۋاتقان كۇتۇپخانا خادىملىرىنىڭ كۆز قارىشىدىمۇ روشەن ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلىپ، دەسلەپكى قەدەمدىكى كۇتۇپخانا خىزمىتىگە بولغان بازار كۆز قارىشى، قىممەت كۆز قارىشى، رىقابەت كۆز قارىشى، پايدا كۆز قارىشىنى شەكىللەندۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، كۇتۇپخانا فۇنكسىيىسىدىمۇ چوڭ ئۆزگىرىشلەرنى بارلىققا كەلتۈردى. يەنى كۇتۇپخانىلار پەقەت ئىنسانلارنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىنى ساقلاش، ئىجتىمائىي مەدەنىيەت - ماتېرىيالنى ئېلىپ بېرىش ھەمدە ھۆججەت ئۇچۇرلىرىنى يەتكۈزۈش فۇنكسىيىسىنى ساقلاپ قېلىش بىلەنلا چەكلەنمەستىن، كۇتۇپخانىنىڭ ئەڭ مۇھىم فۇنكسىيىسى بولغان جەمئىيەتنىڭ ئۆزگىرىش ئېھتىياجىغا ماسلىشىپ، ھۆججەت ئۇچۇرلىرىنى ئېچىش فۇنكسىيىسى، ئۆز نۆۋىتىدە، بۈگۈنكى كۇتۇپخانىشۇناسلىق نەزەرىيە تەتقىقاتىدىكى قىزىق نۇقتىلارنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

ئۇچۇر جەمئىيىتىدە بىر دۆلەتنىڭ ئۇچۇرلىشىش دەرىجىسى مۇشۇ دۆلەتنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتىنى بەلگىلەيدۇ. كىمكى ئۇچۇرنى دەل ۋاقتىدا، توغرا ئىگىلەپ تۇرالىسا، شۇ پەن - تېخنىكا پائالىيەتلىرىنىڭ تەشەببۇسكارلىقىنى قولدا تۇتۇپ تۇرالايدۇ. شۇنىڭ پەن - تەتقىقاتىدىكى باشلىنىش نۇقتىسىمۇ يۇقىرى بولىدۇ. ئالايلى، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا يېڭىلگەن دۆلەت ياپونىيە تېزلىك بىلەن قەددىنى رۇسلاپ ئىقتىسادىي جەھەتتە كۈچلۈك دۆلەتلەر قاتارىغا ئۆتتى. بۇنىڭدىكى ئاساسىي سەۋەبلەرنىڭ بىرى ياپونىيە ئۇچۇرغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەن. ئۇلار ئۇچۇرنى كۆرۈنمەيدىغان يوشۇرۇن بايلىق دەپ قاراپ، ئەزەلدىن ھەر قانداق بىر كېرەكلىك ئۇچۇرنى قولدىن بەرمىگەن. مەيلى ئۇ بىرەر پارچە رەسىم ياكى خەۋەر بولسۇن، ئۇنى ئەستايىدىل تەھلىل قىلىپ، قىممەتلىك ئۇچۇرغا ئېرىشكەن. 60 - يىللارنىڭ بېشىدا ياپونىيىلىكلەر «خەلق گېزىتى»دا ئېلان قىلىنغان «بېيجىڭنىڭ ئاممىۋى ئاپتوبۇسلىرى ئەمدى كۆمۈر گازى بوغچىسى ئىشلەتمەيدۇ» دېگەن رەسىمدىن جۇڭگونىڭ چوڭ نېفىتلىك تاپقانلىقىنى تەھلىل قىلىپ چىققان. ئۇزۇن ئۆتمەي يەنە «خەلق گېزىتى»دا ئېلان قىلىنغان تۆمۈر ئادەم ۋاڭ جىنشىنىڭ بۇرغىلاش ئۈسكۈنىلىرىنى ئارتىپ قار - شىۋىرغاندا كېتىۋاتقان رەسىمى ۋە ئۇنىڭدىكى نا ئېنىق غۇۋا پويىز ئىستانسىسىدىن چوڭ نېفىتلىكنىڭ ئادەم كەم ئاياق باسىدىغان دۆڭبېي سوۋۇق نېن تۈزلەڭلىكىدە ئىكەنلىكىنى تەخمىنەن قىلىپ تېپىپ چىققان. ياپونلۇقلار مانا بۇ ئۇچۇرلارغا ئاساسەن تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىگىز ھەم سوغاق رايون داچىڭدا خام نېفىتنى يۆتكەشنىڭ قىيىن بولىدىغانلىقى، ئۆز ئورنىدا چەككىلەش مۇمكىنچىلىكىنىڭ چوڭ ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلغان ھەمدە ئۇنداق بولغاندا جۇڭگونىڭ چوقۇم يۈرۈشلەشكەن ماي چەككىلەش ئۈسكۈنىلىرىنى ئىمپورت قىلىشقا توغرا كېلىدىغانلىقىنى مۆلچەرلەپ چىققان. شۇنىڭ بىلەن ياپونلۇقلار ئۇن - تىن چىقارماي ئىگىز، سوغاق رايونغا ماس كېلىدىغان ماي ئاجرىتىش ئۈسكۈنىلىرىنى ياساش خىزمىتىنى باشلىۋەتكەن. تۆت يىلدىن كېيىن دۆلىتىمىز ماي ئاجرىتىش ئۈسكۈنىلىرىنى كۆتۈرگە ئېلىش ۋە سېتىۋېلىش شەرتلىرىنى خەلقئارادا ئېلان قىلغاندا، چەت ئەلدىكى نۇرغۇنلىغان ماي ئاجرىتىش ئۈسكۈنىلىرىنى ياساش زاۋۇتلىرى قىلچىمۇ تەييارلىقسىز تۇرغان ئەھۋال ئاستىدا، ياپونىيەدىكى بىر شىركەت ئاسانلا بۇ سودىنى تارتىۋېلىپ، رىقابەتچىلىرىنى تاڭ قالدۇرغان. بۇ تىپىك مىسال ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتا ئۇچۇرنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى

چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ياپونىيە «ئۇچۇر مۇلازىمىتىگە دائىر ئاق تاشلىق كىتاب» دېگەن ماتېرىيالدا ستاتىستىكا قىلىنىشىچە، 1989 - يىلىنىڭ ئاخىرى پۈتۈن دۇنيا ئۇچۇر مۇلازىمىتى سودا ئوبوروتى 18000 مىليون ئامېرىكا دوللىرىدىن ئېشىپ كەتكەن. شۇنداقلا 80-يىلدىن بۇيانقى ئۇچۇر مۇلازىمىتى سودا ئوبوروتى كومپيۇتورنىڭ سېتىلىش مىقدارىدىن ئېشىپ كەتكەن. يەنى 1989 - يىلى ئامېرىكىدا كومپيۇتورنىڭ سېتىلىش سوممىسى 526 مىليون، ئەمما ئۇچۇر مۇلازىمىتى سودا ئوبوروتى 920 مىليونغا يەتكەن. روشەنكى، ئۇچۇر مۇلازىمىتىنىڭ ئۇچۇر سانائىتى ئىچىدىكى نىسبىتىنىڭ بارغانسېرى يۇقىرىلاپ بېرىشى جەمئىيەتنىڭ ئۇچۇر بايلىقىنى ئېچىشقا بولغان ئوبيېكتىپ ئېھتىياجىنى ئىنكاس قىلىپلا قالماستىن، ئۇچۇر مۇلازىمىتىنىڭ گۈزەل ئىستىقبالىنىمۇ كۆرسىتىپ بەرگەن.

ئۇچۇر مۇلازىمىتى - ئۇچۇر سانائىتىنىڭ مۇھىم تەشكىلىي قىسمى. ئۇ ئۇچۇرلارنى بىر تەرەپ قىلىش، ئۇچۇر بىلەن تەمىنلەش، يۇمشاق دېتال ئېچىش ۋە ئۇنىڭ مۇلازىمىتى، سىستېمىلىق توپ زەنجىرلىك مۇلازىمەت، مەسلىھەتچىلىك قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، بىلىم، تېخنىكا، ئەقىل، پاراسەت زىچ توپلانغان كەسىپتۇر.

تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەردە ئۇچۇر كەسپى دۆلەتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش تەرەققىياتىدىكى ستراتېگىيىلىك ئورۇنغا قويۇلغان بولۇپ، سانائەت قۇرۇلمىسىنىڭ تەرتىپكە سېلىنىشىغا ئەگىشىپ، يېقىندىن بۇيان تايقان كەسپلەرنىڭ تەرەققىياتى بىر قەدەر تېز بولۇپ، ئۈچىنچى كەسىپ بارلىق كەسپلەر ئىچىدە %50 نى ئىگىلىگەن. بۇنىڭ ئىچىدە ئۇچۇر سانائىتىنىڭ تەرەققىياتى ئەڭ تېز بولغان.

ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇچۇرنىڭ قىممىتىگە بولغان كۆز قاراش دۆلىتىمىزدە تېخى ھەقىقىي تىكلەنگىنى يوق. بەزى كارخانىلار نەچچە ئون مىڭ يۈەنگە مېھمان چاقىرىپ، نەچچە يۈز مىڭ يۈەنلەپ پۇلنى ناخشا چولپانلىرىنىڭ ئويۇن قويۇشىغا ئىئانە قىلسىمۇ، ئەمما نەچچە يۈز سوم چىقىرىپ ئۇچۇر تورىغا قاتنىشىشقا كۆزى قىيمايدۇ. ئازراق پۇل خەجلەپ بازارنى تەكشۈرۈش، ئىشەنچلىك دەرىجىسى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا ئۇنىمايدۇ.

مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار جياڭسۇ، شاڭخەي قاتارلىق رايونلاردا 700 دىن ئارتۇق كارخانا ئۈستىدىن تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندا %75.9 كارخانا ئۆز كارخانىسى ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتلارنىڭ سىرتتىكى سېتىلىش ئەھۋالىنى بىلمەيدىكەن. %90.4 كارخانا خەلقئارادىكى ئوخشاش تۈردىكى مەھسۇلاتلارنىڭ باھاسىنى بىلمەيدىكەن. %90.6 كارخانا خەلقئارادىكى ئوخشاش تۈردىكى مەھسۇلاتنى ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانىلارنىڭ سانىنى بىلمەيدىكەن. %87.6 كارخانا خەلقئارا بازار ئېھتىياجىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى بىلمەيدىكەن، بۇ بىر قاتار بىلمەسلىكلەر بىزنىڭ خەلقئارا بازار بىلەن تونۇشمايدىغانلىقىمىز ۋە قارىغۇلۇقىمىزنى ئاشكارىلاش بىلەن، بىزنىڭ ئۇچۇر ئېڭىمىزنىڭ قانچىلىك ئۇزە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ستاتىستىكا قىلىنىشىچە، دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىدا ئۇچۇردىن ۋاقتىدا خەۋەر تاپالماي خاتا سىياسەت بەلگىلەشتىن كېلىپ چىققان ئىقتىسادىي زىيان ئەڭ ئاز دېگەندىمۇ 13000 مىليون يۈەندىن كۆپ ئىكەن. بولۇپمۇ ھۆججەت ئۇچۇرلىرىدىن پايدىلىنىش نىسبىتى تېخىمۇ تۆۋەن بولۇپ، ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، مەملىكىتىمىزنىڭ ھەر بىر پەن - تېخنىكا خادىمىنىڭ بىر يىل ئىچىدە ئۇچۇردىن پايدىلىنىش نىسبىتى 0.2 قېتىمكەن. تەخمىنەن ھەر تۆت كارخانا بىر يىلدا بىر پارچە چەت ئەل مەھسۇلات ئەۋرىشكىسىدىن پايدىلىنىدىكەن.

يۇقىرىدىكى پاكىتلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مەملىكىتىمىزنىڭ ئۇچۇر سانائىتىنى تېزلىتىپ، ئۇچۇر بايلىقىنى ئىلمىي ئۇسۇلدا ئېچىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش نۆۋەتتە دۆلىتىمىز جىددىي ئورۇنلاشقا تېگىشلىك ۋەزىپىلەرنىڭ بىرى بولۇپ تۇرماقتا.

ئالىي مەكتەپ كۇتۇپخانىلىرى ئالىي مەكتەپ ھۆججەت بايلىقلىرىنى ساقلايدىغان ۋە تارقىتىدىغان يەر. قىممەتلىك پەن - تېخنىكا غەزىنىسى. بۇ يەردە ئىنتايىن مول ھۆججەت ماتېرىياللار ھەمدە زور كۆلەمدىكى كۆمۈلۈپ ياتقان پەن - تېخنىكا بىلىملىرى ۋە ئۇچۇرلىرى بولۇپ، دۆلىتىمىز ئۇچۇر سىستېمىسىنىڭ مۇھىم تەشكىلىي قىسمى ۋە بايلىق مەنبەسى. شۇڭا ئالىي مەكتەپ كۇتۇپخانىلىرى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت بۇ پايدىلىق پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئۆزىمىزنىڭ ھۆججەت، ماتېرىيال مەنبەسىنىڭ كەڭ، جۇغلانما سۈپىتىنىڭ يۇقىرى، كەسپىي خاراكتېرىنىڭ

كۆچلۈك، يەن تۈرلىرىنىڭ تولۇق بولۇشتەك ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ، ئىدارە - جەمئىيەت كارخانىلارنىڭ ئۇچۇر مەسلىھەت بازىرىغا كىرىپ، ئۇلارنىڭ يېڭى مەھسۇلاتلارنى ئېچىشى، ئەڭ مۇھىمى تاۋار ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشى، يەن - تېخنىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشى ئۈچۈن ئەڭ يېڭى، ئەڭ توغرا، قىممىتى ئەڭ يۇقىرى بولغان ئۇچۇر مۇلازىمىتى بىلەن ئۇلارنى تەمىنلەش دۆلىتىمىز بازار ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسىنى تۇرغۇزىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە يول باشلىغۇچلۇق ۋە كۆۋرۈكلۈك رولىنى ئوينايدۇ.

دەرۋەقە، يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەردە كۇتۇپخانىلارنىڭ ئۇچۇر كەسپى شۇ دۆلەتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش تەرەققىياتىدىكى ستراتېگىيىلىك ئورۇنغا قويۇلغان بولۇپ، ئامېرىكا كۇتۇپخانىسى ئامېرىكا بەش چوڭ ئاخبارات سىستېمىسىنىڭ بىرى قىلىنغان. ياپونىيىدىكى ئاساسلىق داشۆ كۇتۇپخانىلىرى ياپونىيە مەملىكەتلىك ئۇچۇر تورى مەركىزى قىلىنغان. روشەنكى نۆۋەتتە كۇتۇپخانىلاردىكى ئۇچۇر بايلىقلىرىنى زور كۈچ بىلەن ئېچىش ۋە كۇتۇپخانا ئۇچۇر مۇلازىمىتىنى كەسپىلەشتۈرۈش يولىدا مېڭىش كۇتۇپخانىلار ئۆزىنىڭ مۇقەررەر تەرەققىياتى بولۇپلا قالماستىن، دۆلىتىمىز ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچى تەرەققىياتىنىڭمۇ مۇقەررەر ئېھتىياجى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. شۇڭا مەن بۇ ماقالىمدە كۇتۇپخانا جۇغلانمىسىدىكى ھۆججەت ئۇچۇرلىرىنى زور كۈچ بىلەن ئېچىپ، مۇۋاپىق ھەقلىق ئۇچۇر مۇلازىمىتىنى يولغا قويۇش ئارقىلىق جەمئىيەتتە رىقابەتلىشىپ، ئۆزىمىزنىڭ كۈچى ۋە ئورنىمىزنى كۈچەيتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، كۇتۇپخانىنىڭ راسخود مەسىلىسىنى تەدرىجى ھەل قىلىپ، خىزمەت ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش، خىزمەت مەزمۇنى، خىزمەت ئۇسۇلى، خىزمەت قىلىش ئىدىيىسى جەھەتتىن بۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش ھەققىدىكى ئىزدىنىشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويماقچىمەن.

جەمئىيەتتىكى ھەر قايسى كەسپلەر ئىچىدە، كۇتۇپخانا كەسپى مۇلازىمەت كەسپى ئىچىگە كىرىدۇ. ئىقتىسادشۇناسلىق نۇقتىسىدىن قارىغاندا، مۇلازىمەت كەسپى ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ. بىر خىلى، جامائەت پاراۋانلىق خاراكتېرىدىكى مۇلازىمەت. يەنە بىر خىلى، سودا خاراكتېرىدىكى مۇلازىمەت، دۆلىتىمىز كۇتۇپخانىلىرى ئەزەلدىن ھۆكۈمەت مەبلەغ سېلىپ يولغا قويىۋاتقان جامائەت پاراۋانلىق خاراكتېرىدىكى كەسىپتۇر. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ھۆكۈمەت كۇتۇپخانىلارغا سالىدىغان مەبلەغنى يىلدىن - يىلغا كۆپەيتىۋاتقان بولسىمۇ، نەشىر بۇيۇملىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز تېز كۆپىيىشى بىلەن بىر ۋاقىتتا، كىتاب - ژۇرنال باھاسىنىڭ ئۆچقاندەك ئۆسۈشى، مەمۇرىي چىقىملارنىڭ ئېشىپ بېرىشى سەۋەبىدىن كۇتۇپخانىلارنىڭ ھۆججەت ماتېرىياللارنى سېتىۋېلىش سانى توز سىزىق بويىچە چۈشۈپ بارماقتا. شۇڭا بەزى كۇتۇپخانىلار ھەر خىل ئۇسۇل بىلەن ھۆكۈمەت ئاجراتقان راسخوددىن باشقا ئىقتىسادىي كىرىملار ئارقىلىق راسخودنىڭ يېتىشمەسلىكىنى تولۇقلاۋاتىدۇ. يەنى بىر تەرەپتىن، ئۆز كەسپى دائىرىسىدىكى ھەقلىق ئۇچۇر مۇلازىمىتى خىزمىتىنى ئىشلىسە، بىر تەرەپتىن، ئۆز كەسپى دائىرىسىدىن چىقىپ كەتكەن سودا - سېتىق خاراكتېرىدىكى پائالىيەتلەر يەنى كۇتۇپخانا قىرائەتخانىلىرىدا يەرمەنكە ئېچىش، قىرائەتخانا كىتاب ئىسكىلاتلىرىنى شىركەتلەرگە ئىجارىگە بېرىش، ئاشخانا، بىلياتخانا ئېچىشتەك كەسپلەر بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ. بۇ خىل ئۇسۇل جەمئىيەتتە يامان تەسىر پەيدا قىلىپلا قالماستىن، كۇتۇپخانىنىڭ ئوبرازىنى خۇنۇكلەشتۈرۈپ، ئابرويىنى تۆكمەۋاتىدۇ. ئۇزاق كەلگۈسىگە نەزەر سالغاندىمۇ بۇ خىل ھالەت كۇتۇپخانىلار كەسپىي خىزمىتىنىڭ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ۋە ساغلام تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئىنتايىن پايدىسىز. مېنىڭ قارىشىمچە، نۆۋەتتىن قارىغاندا، گەپ كۇتۇپخانىلارنىڭ پۇل تېپىشقا بولۇش بولماسلىق مەسىلىسى بولماستىن، قانداق پۇل تېپىش مەسىلىسىدە، چۈنكى كۇتۇپخانىلارنىڭ راسخود قىيىنچىلىقى يىلدىن - يىلغا ئېغىرلىشىپ، ھەتتا كۇتۇپخانىلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىمۇ قاتتىق سىناققا دۇچ كېلىۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا، كۇتۇپخانىلارنى پۇل تېپىشقا يول قويماسلىق تازا رىياللىق ئەمەس. كۇتۇپخانىلارنىڭ ھازىرقى پۇل تېپىشتىكى مەقسىتىمۇ كىتاب - ژۇرنال سېتىۋېلىشتىكى راسخود قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش ئۈچۈندۇر. ئەمما مەيلى قانداق چۈشەندۈرەيلى، جەمئىيەتنىڭ خىزمەت تەقسىماتى ھەممە ھەرقايسى ساھەلەرنىڭ ئۆزىنىڭ خىزمەت فۇنكسىيىسى بولىدۇ. دۆلەت مەبلەغ سېلىپ يولغا قويۇۋاتقان كۇتۇپخانىلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئىنسانلارنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىنى ساقلاش، ئىجتىمائىي مەدەنىيەت، ماتارىپ ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىش، ئىلىم - پەن ھۆججەت ئۇچۇرلىرىنى يەتكۈزۈش ۋە ئېچىشتەك ئاساسىي فۇنكسىيىسى

جامائەت پاراۋانلىقى خىزمىتىنىڭ مەجبۇرىيىتىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان بولۇپ، بۇ كەسپتىكىلەرنىڭ بۇرچى. ئەمما كۇتۇپخانا باشقا مەھسۇلات ئورگانلىرىغا ئوخشىمايدۇ. ئۇنىڭدا ئىككى خىل مەھسۇلات بولۇپ، بىر خىلى تۈرلۈك بىلىم قاتلىمىدىكى كىتابخانىلار يەنى ئىقتىساس ئىگىلىرى، يەنە بىر خىلى بىلىم ھالىتىدىكى مەھسۇلاتتىن ئىبارەت. كۇتۇپخانا بۇ ئىككى خىل مەھسۇلاتنى ئىشلەپچىقىرىشتا مۇئەييەن بايلىق سەرىپ قىلىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭمۇ تەننەرخى ۋە ئۈنۈمى بولىدۇ. بىرى، ئەقىل كۈچى بايلىقىنى كىرگۈزۈش ۋە ساقلاش، پايدىلىنىش ۋە ئۇنى سىرتقا چىقىرىشتەك ئەمگىكى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنى ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى زورايتىدۇ. ئىككىنچىسى، پەن - تەتقىقات ئارقىلىق ئۆزىنى ۋە كەسپىي ئىشلىرىنىڭ قايتا تەرەققىي قىلىشىنى يۈكسەلدۈرىدۇ. شۇ ئارقىلىق ئەقىل كۈچى بايلىقىنى تېخىمۇ ئىلمىي تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئېچىپ بېرىدۇ. شۇڭا كۇتۇپخانىلار نۆۋەتتە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ قەدىمىگە ماسلىشىمىز دېيدىكەن، پۈتۈن مىللەتنىڭ پەن - تېخنىكا ساپاسىنى ئۆستۈرۈشنى ئاساسىي نىشان قىلغان ھالدا ئىقتىسادىي قىممەت ھەم ماددىي بايلىق يارىتىشى، يەنى كۇتۇپخانىلار جامائەت پاراۋانلىقى خاراكتېرىدىكى پەن - تەتقىقاتقا ئېھتىياجلىق كەسپىي خىزمەتلەرنى چىڭ تۇتۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، تاۋار خاراكتېرىدىكى ھەقلىق ئۇچۇر مۇلازىمىتى بىلەن شۇغۇللىنىش كېرەك. كۇتۇپخانىلارنىڭ ھەم جامائەت پاراۋانلىق خاراكتېرىدىكى تەتقىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ھەم ھەقلىق ئۇچۇر مۇلازىمىتى بىلەن شۇغۇللىنىشى بولسا نۆۋەتتە كۇتۇپخانىلار ئىزدىنىشكە ئەرزىيدىغان يولدۇر.

دۆلىتىمىزنىڭ ئالىي مەكتەپ كۇتۇپخانىلىرىدا ئىلمىي قىممىتى يۇقىرى كېرەكلىك ئۇچۇرلار ناھايىتى كۆپ بولسىمۇ، مەمۇرىي جەھەتتىن مەكتەپكە بېقىنغاچقا جەمئىيەتكە ئېچىلماي كېلىۋاتىدۇ. شۇڭا بۇ دۆلىتىمىزنى زامانىۋىلاشتۇرۇشتىكى رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرالمايۋاتىدۇ. چەت ئەللەردىكى تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەردە ئالىي مەكتەپ كۇتۇپخانىلىرى پۈتۈن جەمئىيەتكە ئېچىلىدۇ. شۇڭا پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ كۇتۇپخانىنى چۈشىنىشى، ئۇنىڭ قىممىتى ۋە ئەھمىيىتىنى بىلىشى ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشى ئۈچۈن، ئالىي مەكتەپ كۇتۇپخانىلىرى ھۆججەت ئۇچۇرلىرىنى زور كۈچ بىلەن پۈتۈن جەمئىيەتكە قارىتىۋاتىدۇ.

1. جەمئىيەت ئامىللىرىدىن قارىغاندا، كۇتۇپخانىلارنىڭ تەرەققىياتى كۇتۇپخانىنىڭ مەسئۇلىيىتى ۋە ئاساسىي باشقۇرغۇچى ئورۇنلارنىڭ مەسئۇلىيىتى بولۇپلا قالماستىن، ئەڭ مۇھىمى پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ مەسئۇلىيىتىگە باغلىق. دۆلىتىمىزگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، دۆلىتىمىزدە مىللىتىمىزنىڭ بىر پۈتۈن مەدەنىيەت ساپاسى بىر قەدەر تۆۋەن بولغاچقا، تاۋار ئىگىلىكىنىڭ يېتىلىشى تازا تولۇق ئەمەس. بولۇپمۇ ئۇچۇر ۋە بىلىمنىڭ قىممىتىگە بولغان چۈشەنچە چوڭقۇر ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە جەمئىيەتنىڭ كۇتۇپخانىغا بولغان ئېڭى تېخىمۇ ئاجىز، خېلى كۆپ ساندىكى ئاممىنىڭ كۇتۇپخانا ئىشلىرىغا بولغان تونۇشى كەمچىل.

2. ئىقتىسادىي ئامىلدىن قارىغاندا، كونىلاردا «قوشناچىمنىڭ ئېشىنى ئوخشاتقان موللامنىڭ ئوتىيىشى» دېگەن تەمسىل بار. كۇتۇپخانا ئۆزىنىڭ ھۆججەت ئۇچۇر مەنبەسىنى تولۇق ئېچىپ، ھەقلىق ئۇچۇر مۇلازىمىتىنى ئوڭۇشلۇق يولغا قويۇش ئۈچۈن مەلۇم ئىقتىسادىي ئاساس بولمىسا بولمايدۇ. شۇڭا ئىقتىسادىي ئامىل بۇ فۇنكسىيىسىنىڭ نورمال ئېلىپ بېرىلىشىدىكى ئىشەنچلىك كاپالەت. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىر تەرەپتىن، يۇقىرى دەرىجىلىك ئاساسىي باشقۇرغۇچى ئورۇنلارنىڭ كۇتۇپخانىغا كۆڭۈل بۆلۈشىنى، خىراجەتنى كۆپەيتىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆزىدىكى ئۇچۇرلاردىن تولۇق پايدىلىنىپ، ھەقلىق ئۇچۇر مۇلازىمىتى ئارقىلىق كىرگەن كىرىم بىلەن ھۆججەت جۇغلانما سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئۇچۇرلارنىڭ تولۇق، يېڭى، تېز بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم.

3. كەسپىي سۈپەت تەرەپتىكى ئامىللار: بۇ تەرەپتىكى ئامىلمۇ ناھايىتى مۇھىم بولۇپ، گەرچە جەمئىيەتنىڭ قوللىشى ۋە ئىقتىسادىي كاپالەت بولغان تەقدىردىمۇ، بىلىم دائىرىسى كەڭ، كەسپىي ئاساسى چوڭقۇر، تېخنىكا سەۋىيىسى پىشقان كادىرلار قوشۇنى بولمىسا، قەغەز يۈزىدە جەڭ قىلغاندەك ئىش بولىدۇ. شۇڭا كەسپىي ساپاسى بىر قەدەر يۇقىرى بولغان، بازار ئىگىلىكى كۆز قارىشى توغرا بولغان كادىرلار قوشۇنىنى يېتىشتۈرۈپ چىقىش لازىم.

ھەقلىق ئۇچۇر مۇلازىمىتى كۇتۇپخانىلار ئۈچۈن تېخى بىر يېڭى شەيئى بولغاچقا، ھەقلىق ئۇچۇر مۇلازىمىتىنىڭ پىرىنسىپلىرى، قايسى كەسپىي دائىرىلەر ئىچىدە ئېلىپ بېرىلىشى، قانداق ئېلىپ بېرىلىشى، ھەققى قانداق ئېلىش قاتارلىق

مەسىلىلەردە تېخى قېلىپلاشقان قائىدە - تۈزۈملەر يوق. بۇ مەسىلە پۈتۈن كۇتۇپخانا ساھەسىدىكىلەرنىڭ ئورتاق ئىزدىنىشىگە توغرا كېلىدۇ. بۇ يەردە مەن ھەقلىق ئۇچۇر مۇلازىمىتىنىڭ دائىرىسى ۋە مەزمۇنى، رېئايە قىلىنىدىغان پرىنسىپلىرى ئۈستىدە ئۆزەمنىڭ بەزى پىشمىغان كۆز قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتمەكچىمەن.

مۇلازىمەت شەكلى جەھەتتە: ھەقلىق ئۇچۇر مۇلازىمىتىنى جەمئىيەتكە يول قويغاندا، ئالىي مەكتەپ كۇتۇپخانىلىرى ئالدى بىلەن ئالىي مەكتەپ ھۆججەت بايلىقىنىڭ مولluqىدەك ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ، ئۇچۇر مۇلازىمىتىنى تاۋارلاشتۇرۇشتا ھەر خىل شەكىلدىكى ئۇچۇر مۇلازىمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ئالاھىدە مۇلازىمەت ئۇسۇلى سۈپىتىدە ئۇچۇر بازارلىرىنى ئىگەللىشى، يەنى زاۋۇت، كارخانا، باشقۇرۇش ئورۇنلىرىغا بولغان ئۇچۇر خىزمىتىدە كارخانىلارنىڭ كۆلىمى، ھازىرقى ئەھۋالىغا ئاساسەن، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشقا دائىر سىياسەتلەر، تەرەققىيات جەريانىدىكى ئالاھىدىلىك، ئەڭ يېڭى تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرى ھەم بازاردىكى ئۆزگىرىش شۇنداقلا مەبلەغ سېلىش يۆنىلىشى قاتارلىق ماكرو جەھەتتىكى ئەھۋاللارنى ھەمدە كونكرېت تېخنىكىلارنى ئېچىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش، مەھسۇلات سۈپىتى، باھا، سىرتتىكى سېتىلىش قاتارلىق مىكرو جەھەتتىكى ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلەش ئارقىلىق دۆلىتىمىز خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئۇچۇردىن پايدىلىنىش سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشى لازىم.

ئۇچۇر بايلىقى ئالغانغا تۈگىمەيدىغان، ئىشلەتكەنگە خورىمايدىغان، ئەمما تارقاق، رەتسىز بولىدۇ. پەقەت مەخسۇس سىياسەت بەلگىلىگۈچى خادىم، تەشكىللىگۈچى، مەلۇم كەسپىي بىلىم سەۋىيىسى ۋە ئاممىۋى مۇناسىۋەت ئىقتىدارىغا ئىگە خادىملار زامانىۋى تەدبىرلەر ئارقىلىق يىغىپ رەتلىگەندىلا، زور ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

1. زامانىۋى پەن - تېخنىكىدىن پايدىلىنىپ ئۇچۇر مۇلازىمىتى قىلىش؛ ئۇچۇر بىلەن تەمىنلەش خىزمىتى ئامېرىكىدا ئېلېكتر تورلىرى ئارقىلىق ئۇچۇر خىزمىتى قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. ياپونىيەدە سانلىق مەلۇمات ئىسكىلاتى ئارقىلىق خىزمەت قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ ئالاقىلىشىش شەرت - شارائىتى تېخى پىشىپ يېتىلمىگەنلىكى تۈپەيلىدىن بىر مەزگىل بىزنىڭ ئېلېكتر تورلىرى ئارقىلىق خىزمەت قىلىشىمىزدا قىيىنچىلىق بار. ئەمما سانلىق مەلۇمات ئىسكىلاتى ئارقىلىق ئۇچۇر مۇلازىمىتىنى ئېلىپ بېرىشىمىزغا مۇمكىنچىلىك بار.

ئامېرىكىدا ستاتىستىكا قىلىنىشىچە، 1975 - يىلدىن 1992 - يىلغىچە ئامېرىكىدىكى سانلىق مەلۇمات ئىسكىلاتلىرى 200 دىن 2637 گە يېتىپ، 24 ھەسسە كۆپەيگەن. خاتىرىلەنگەن ئۇچۇرلار 520.000 دىن 40.6 مىليونغا يېتىپ، 77 ھەسسە كۆپەيگەن. بۇ سانلىق مەلۇمات ئىسكىلاتلىرى ئۇچۇر كەسپىي خىزمىتىنىڭ ئاساسىي ۋە مۇھىم ئارقا تىرىكى بولۇپ قالغان.

دۆلىتىمىز ئالىي مەكتەپ كۇتۇپخانىلىرىدا مول ھۆججەت ئۇچۇر مەنبەسى، سانلىق مەلۇمات ئىسكىلاتى، ئىقتىساسلىق خادىملار ۋە زامانىۋى ئۈسكۈنىلەر بار. شۇڭا بۇ تەرەپتە رولىنى كەڭ جارى قىلدۇرالايدۇ. ئۆز كۇتۇپخانىسى ئىچىدە ئىشلىتىلىپلا قالماستىن، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئېھتىياج ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئۇچۇر بايلىقلىرىنىڭ ئىجتىمائىيلاشتۇرۇلۇشى نۇقتىسىدىن قارىغاندىمۇ، سانلىق مەلۇمات ئىسكىلاتى دۆلىتىمىزگە نىسبەتەن تېخى تولۇق ئېچىلمىغان يوشۇرۇن كۈچ بولۇپ، كۇتۇپخانىغا زور ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈم ئېلىپ كېلىدۇ.

1992 - يىلدىن ھازىرغىچە دۆلىتىمىزدە سانلىق مەلۇمات ئىسكىلاتىدىن 800 دىن كۆپىرەك قۇرۇلدى. ھازىر بۇلاردا 50 مىليون پارچىدىن ئارتۇق ئۇچۇر خاتىرىلەنگەن. بەزى سانلىق مەلۇمات ئىسكىلاتلىرى بازارغا يۈزلىنىپ، ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلىشقا باشلىدى. ئۆتكەن يىلى 5 - ئايدىن باشلاپ، شىنياڭ شەھەرلىك كۇتۇپخانا سانلىق مەلۇمات ئىسكىلاتىدىن پايدىلىنىپ ئۇچۇر بازىرى ئاچقان. بۇ كۇتۇپخانا 3000 خىلدىن ئارتۇق قەرەللىك ژۇرنال، 500 خىلدىن ئارتۇق گېزىت، 2 مىليون 500 مىڭ پارچە كىتاب ئارىسىدىن 2900 دىن ئارتۇق ئۇچۇرنى تاللاپ خېرىدارلارنىڭ تاللىۋېلىشىغا بەرگەن. ئۇچۇر بازىرى ئىش باشلاپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا، بىر ئىنژېنېر ئۇچۇر گېزىتىدىكى «توك ئېقىمىنى ئېلېكترونلۇق تەڭشەش ئەسۋابىنى ياساپ بېرىمىز» دېگەن ئۇچۇرنى كۆرگەندىن كېيىن، قىممەتلىك ئەنگۈشتەر تېپىۋالغاندەك شۇ ھامانلا بۇ سودىدا پۈتۈشكەن. «روسىيە بىلەن بولغان سودىدىكى يېڭى ئۆزگىرىش» ناملىق بىر ئۇچۇر بىر سودىگەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىغاچقا، قىلچە ئىككىلەنمەي ئۇنى يۇقىرى باھادا سېتىۋالغان. ئەمما ئەپسۇسلىنارلىقى كۇتۇپخانا ساھەسىدە قۇرۇلغان سانلىق مەلۇمات ئىسكىلاتلىرى كۆپ ئەمەس. ھەقىقىي ئىشلىتىلىشكە

قەدەم قويغانلىرى ئېخىمۇ ئاز. شۇڭا كۆتۈپخانىلار دۆلىتىمىزنىڭ ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسى تېخنىكىسى ۋە خەۋەرلىشىش تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، پەن - تېخنىكا ئۇچۇرلىرىنى تاللاپ يىغىپ سانلىق مەلۇمات ئىسكىلاتىغا كىرگۈزۈپ، ئىلغار زامانىۋى تېخنىكا ئۈسكۈنىلىرى ئارقىلىق ھۆججەت بايلىقىنى ئېچىش، شۇ ئارقىلىق ئۇچۇرلارنىڭ تارقىلىش دەرىجىسى ۋە توغرىلىق دەرىجىسىنى كۈچەيتىشكە توغرا كېلىدۇ.

2. ئالىي مەكتەپ كۆتۈپخانىلىرىدا ئۇچۇر مۇلازىمەت شىركەتلىرىنى ئېچىش، بۇنىڭدا ھەر خىل ئۇچۇر ئېلان يىغىنلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا قاتنىشىش. ئۇچۇر كەسپىي ۋە ئاممىۋى مۇناسىۋەت ئىقتىدارىنى ھازىرلىغان خادىملارنى ئاجرىتىپ ئۇچۇر مۇلازىمەت شىركەتلىرىنى ئېچىش، ئىستېمالچىلارنى قەرەللىك ھالدا ئۇچۇر بىلەن تەمىنلەپ تۇرۇش لازىم.

3. ئالىي مەكتەپ كۆتۈپخانىلىرىدا مەسلىھەتچىلىك كەسپىنى يولغا قويۇش. مەسلىھەتچىلىك كەسپىي بولسا ئۇچۇر مۇلازىمىتىنىڭ ئاساسىي تۈۋرۈكلىرىنىڭ بىرى. دائىرىسى ناھايىتى كەڭ، بازار تەرەققىياتىمۇ ياخشى. 1991 - يىلى ئامېرىكىنىڭ مەسلىھەتچىلىك مەھسۇلات قىممىتى 200 مىليون ئامېرىكا دوللىرى، فرانسىيىنىڭ 15 مىليون ئامېرىكا دوللىرى، ئەنگلىيىنىڭ 10 مىليون فوندستېرلىڭ بولغان. دۆلىتىمىزدىمۇ 80 - يىلدىن بېرى ھەر خىل مەسلىھەتچىلىك شىركەتلىرى قۇرۇلدى. بەزىلىرى خېلى ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى. مەسلىھەتچىلىك مۇلازىمىتى ئەسلىدىنلا كۆتۈپخانا كەسپىي خىزمەتلىرىنىڭ مۇھىم تەشكىلىي قىسمى. ئەمما دۆلىتىمىز كۆتۈپخانا ساھەسىدىكىلەرنىڭ يېڭى ۋە زىيەتتىكى بازار ئېھتىياجىغا بولغان ئىنكاسى بىر قەدەر ئاستا بولغاچقا، جەمئىيەتنىڭ مەسلىھەتچىلىك پائالىيەتلىرىگە ۋاقتىدا ئاكتىپلىق بىلەن قاتنىشالمايۋاتىدۇ. ئالىي مەكتەپ كۆتۈپخانىلىرى ھۆججەت، ئىقتىساسلىقلار، زامانىۋى ئۈسكۈنىلەر، كۆتۈپخانا جاھازىلىرى قاتارلىقلاردىن پايدىلىنىپ ياكى جەمئىيەتتىكى كەسپىي خادىملارنى تەشكىللەپ كۆپ خىلدىكى مەسلىھەتچىلىك مۇلازىمىتىنى قانات يايدۇرۇشقا پۈتۈنلەي ئىمكانىيىتى بار. مەسىلەن: رەھبەرلىك ئورگانلىرىنىڭ سىياسەت بەلگىلەشتە پايدىلىنىشى ئۈچۈن ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنغان ماتېرىياللار ۋە تەتقىقات دوكلاتلىرى بىلەن تەمىن ئېتىش. پەن - تەتقىقات تېمىلىرى ئۈچۈن ئىز قوغلاپ ئۇچۇر توپلاپ بېرىش، ئىقتىسادىي كارخانىلارغا ھەمكارلىشىپ يېڭى ھۈنەر سەنئەت، يېڭى مەھسۇلاتلارنى ئېچىپ بېرىش، كەسپىي مەھسۇلاتلارنىڭ ماتېرىياللىرىنى يىغىپ بېرىش، مەبلەغ سېلىش ئوبيېكتى ۋە سېتىش يوللىرىنى تېپىپ بېرىش، كارخانىلارغا ياردەملىشىپ يېڭى مەھسۇلاتلارنى تەكشۈرۈپ تېپىپ بېرىش، يېڭى ھۈنەر - سەنئەتلىرىنىڭ پاتېنت ئىلتىماسىنى قىلىشتىكى ئىشەنچلىك دەرىجىسى ۋە چەت ئەلدىكى شىركەتلەرنىڭ ئاتاق - ئابرويىنى تەكشۈرۈپ بېرىش، بازار ئەھۋالىنى تەھلىل قىلىپ بېرىش قاتارلىق ئۇچۇر مۇلازىمىتىنى يولغا قويۇش لازىم.

4. ئالىي مەكتەپ كۆتۈپخانىلىرى پەقەت مەكتەپ ئىچىدىكى ئەنئەنىۋى خىزمەت قىلىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، جەمئىيەتكە ۋە پەن - تېخنىكا بازارلىرىغا يۈزلىنىپ، ئۆز مەكتىپىنىڭ پەن - تەتقىقات نەتىجىلىرىنىڭ بازارغا تېزلىك بىلەن ماسلىشىشى ئۈچۈن كۆپ تەرەپلىمىلىك مۇلازىمەت خىزمەتلىرىنى قانات يايدۇرۇش لازىم. يەنى ئالىي مەكتەپ پەن - تەتقىقات بازىسىدىن، تېخنىكا ۋە ئىقتىساسلىقلاردىن پايدىلىنىپ، ئالىي مەكتەپ پەن - تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش، ئىستېمالچىلارنىڭ ئېھتىياجلىق مەھسۇلاتلىرىنى ئېچىش، ئىشلەتكۈچىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدىكى تېخنىكىلىق مەسىلىلىرىنى ئىگىلەپ، ئالىي مەكتەپتىكى مۇناسىۋەتلىك ئوقۇتقۇچى ۋە پەن - تەتقىقات خادىملىرىنى ئىستېمالچىلارنىڭ ئىدارىلىرىغا بىۋاسىتە بېرىپ، ئۇلارنىڭ دۇچ كېلىۋاتقان قىيىنچىلىقلىرىنى، ئىشلەپچىقىرىشتا ھەل قىلالمايۋاتقان تېخنىكىلىق مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىپ بېرىشكە يېتەكلەش لازىم. چۈنكى بىر دۆلەتنىڭ تەرەققىياتى ئاساسلىق يېڭى بىلىملەرنىڭ بارلىققا كېلىشىگە باغلىق بولماستىن، بەلكى شۇ بىلىم ئۇچۇرلىرىنىڭ ئىشلىتىلىشىگە باغلىق بولىدۇ. ھۆججەت، ئاخبارات ئورۇنلىرى، جۈملىدىن كۆتۈپخانىلار ھۆججەت ئۇچۇر بايلىقلىرىنىڭ ئېچىلىشىدىلا ئەمەس، مۇھىمى ئىشلىتىلىشىدە تارىخىي مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغان.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، جەمئىيەتنىڭ ئېھتىياجى ئوبيېكتىپ مەۋجۇت. بازار رىقابىتى ئېخىمۇ كۈچلۈك. كۆتۈپخانىلارنىڭ ئاقانچىلىك يەرنى ئىگىلىشى ئۇلارنىڭ سۇبيېكتىپ ئارزۇسىغا باغلىق بولماستىن، ئۆزىنىڭ ھازىرلىغان شەرت - شارائىتىغا باغلىق بولۇپ قالدى. كۆتۈپخانا خادىملىرى شۇنى چۈشىنىشى كېرەككى، بۈگۈنكى جەمئىيەتتە كۆتۈپخانىلار پەقەت مانا مۇشۇنداق رىقابەت ئارقىلىقلا ئۆزىنىڭ خىزمەت ئورنىنى نامايان قىلىپ، ئۆزىنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىنى ساقلاپ قالالايدۇ.

# تارقىتىش خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك

ئىبراھىم ئاۋۇت

«كىتاب — بىلىم بۇلىقى، كىتاب ـ دىللارنى يورۇتقۇچى چىراغ»، «كىتاب — يول باشلىغۇچى ماياك»... بۇ دانا سۆزلەر ئىنسانلارنىڭ ئۇزۇن يىللىق تۇرمۇش ئەمەلىيىتىدىن چىقارغان ئىلمىي يەكۈنى، ئىنسانلارنىڭ كىتابنىڭ قەدىر ـ قىممىتىگە يەتكەنلىكىنىڭ ھەقىقىي ئىسپاتى. بۇ سۆزلەر كەڭ كىتاب ھەۋەسكارلىرىنى كىتابتىن ئىبارەت بۇ بىباھا گۆھەرگە ئىنتىلدۈرىدۇ.

پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتى كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ بىلىمگە بولغان تەشنالىقىنى قاندۇرۇش، ۋەتەننى ئىلىم ـ پەنگە تايىنىپ گۈللەندۈرۈش، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، نەشرىياتچىلىق خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ ۋە ئۇنىڭغا ئېتىبار بېرىپ، كىتاب، ژۇرنال ۋە باشقا نەشر ماتېرىياللىرىنىڭ سۈپىتى، شەكلى ۋە مەزمۇنىغا ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قارىماقتا. بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلارنىڭ نەشرىياتچىلىق خىزمىتىگە ھەر قايسى تەرەپتىن مەدەت بەرمەكتە.

نەشرىياتچىلىق خىزمىتىدە يېقىنقى يىللاردىن بېرى ناھايىتى زور ئۆلگىرىلەشلەر بارلىققا كېلىپ، ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈم جەھەتتە زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتۇق. ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىدىكى نەشرىيات ئورۇنلىرى دۆلەتنىڭ نەشرىياتچىلىق پرىنسىپىغا قاتتىق ئەمەل قىلىپ، نۇرغۇن سۈپەتلىك ياخشى كىتابلارنى نەشر قىلىپ تارقىتىپ، ئىسلاھات ئېچىۋېتىش قەدىمىنىڭ تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىشقا زور ھەسسە قوشتى. بولۇپمۇ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى نەشرىيات ئورۇنلىرى، كىتاب ـ ژۇرنال تارقىتىش جەمئىيەتلىرى، تارقىتىش تارماقلىرى كىتاب ـ ژۇرنال تارقىتىش خىزمىتىنى تىرىشىپ ياخشى ئىشلەپ، ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە، ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمنىڭ ئېشىشىغا زور ھەسسە قوشماقتا. لېكىن جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى ۋە بازار ئىگىلىكىنىڭ ئۇچقاندەك راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ تارقىتىش خىزمىتى ۋەزىيەتنىڭ تەلىپىگە دېگەندەك ماسلىشالمايۋاتىدۇ. بۇنى تۆۋەندىكى بىر قانچە تەرەپتىن چۈشەندۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

1. تارقىتىش خىزمىتىگە رەھبەرلىكنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى يېتەرلىك بولماسلىق

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى نۇرغۇنلىغان نەشرىياتلار ھەر خىل چارە ـ تەدبىرلەرنى قوللىنىپ تارقىتىش تارماقلىرىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى زور دەرىجىدە ئۆستۈردى. ئۇلار تارقىتىش خىزمىتىنى نەشرىياتچىلىق خىزمىتىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى دەپ قاراپ، ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچ، ۋە ئىقتىسادىي جەھەتلەردىن زور كۈچ بىلەن مەدەت بېرىپ، تارقىتىش بۆلۈمىنى جەمئىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا يېتەكلىدى. تارقىتىش خىزمىتى ياخشى ئىشلەنسە، نەشرىياتچىلىق خىزمىتىنىڭ روناق تېپىشىدا گەپ يوق دەپ ھېسابلاپ، تارقىتىش بۆلۈمىنىڭ خىزمىتىنى ھەر قايسى تەرەپتىن قوللاپ كېلىۋاتىدۇ.

بەزى نەشرىياتلاردىكى رەھبىرىي يولداشلار نەشرىياتنى بىر ئايروپىلانغا ئوخشىتىپ، ئۇنىڭ باش قىسمىنى رەھبەرلىك بەنزىسى، گەۋدە قىسمىنى تەھرىر بۆلۈمىگە، قانات قىسمىنى تارقىتىش بۆلۈمىگە، قۇيرۇق قىسمىنى بولسا باشقا بۆلۈملەرگە ئوخشىتىدۇ. ئەگەر ئايروپىلاندا باش بولمىسا بولمايدۇ، گەۋدە بولمىسا تېخىمۇ بولمايدۇ، قانات بولمىسا تېخىمۇ بولمايدۇ. ئارقا سەپ (قۇيرۇق) بولمىسا تېخىمۇ بولمايدۇ، دېمەك پۈتۈن نەشرىيات خىزمىتى بىر ـ بىرسىدىن ئايرىلالمايدىغان بىر پۈتۈن گەۋدە بولۇپ، بىر ـ بىرسىدىن ئايرىلالمايدۇ، دەپ قاراپ، بۇ بىر پۈتۈن گەۋدىنىڭ خىزمىتىنى، رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشقا تىرىشىۋاتىدۇ. يۇقىرىقى ئوخشىتىش ناھايىتى ئورۇنلۇق بولۇپ، قىلچە ئاشۇرىۋېتىلمىگەن.

نەشرىياتلار ئىشلەپچىقارغان كىتابلار تاۋار قاتارىدىكى مەھسۇلات بولۇپ، ئۇ مەنىۋى مەدەنىيەت ۋە ئىقتىسادنىڭ بىر مەنبەسى، ئەگەر بۇ مەھسۇلات تارقىتىلماي بېسىلىپ قالسا، نەشرىياتچىلىق خىزمىتىگە تەسىر كۆرسىتىپلا قالماستىن، ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمگىمۇ زور زىيان يېتىدۇ، نەشرىيات پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالىدۇ. بۇ خۇددى ئايروپىلاننىڭ قانىتى بولمىسا ئۇچالمىغىنىدەك بىر ئىش.

بەزى نەشرىياتلاردىكى قىسمەن رەھبەرلەردە تارقىتىش خىزمىتىگە بولغان كۆز قاراش توغرا بولمىغانلىقتىن، تارقىتىش بۆلۈمىنىڭ خىزمىتىنى ئادەتتىكى بىر ئىش، نەشىردىن چىققان كىتابلارنى تېگىشلىك ئورۇنغا يەتكۈزۈپ بەرسىلا بولدى دەپ قاراپ، ئادەم، مالىيە، قاتناش ۋە باشقا تەرەپلەردە ئېتىبار بەرمەي، بۇ خىزمەتكە سەل قاراۋاتىدۇ. تارقىتىش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ ئۇنۋان ۋە باشقا ئىشلىرى بىلەن كارى بولماي، ئۇلارنىڭ خىزمەت قىزغىنلىقىغا تەسىر يەتكۈزۈۋاتىدۇ. نەشرىياتچىلىقتىن قىلچە خەۋىرى يوق، بۇ خىزمەتنى سۆيۈپ ئىشلەشنى خالىمايدىغان بەزى خادىملارنى بۇ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، خىزمەت ئۈنۈمىگە تەسىر يەتكۈزۈۋاتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، نەشرىياتچىلىق خىزمىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولغان تارقىتىش خىزمىتى پالەچ ھالغا چۈشۈپ قېلىپ، خىزمەت ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولماۋاتىدۇ.

تارقىتىش خىزمىتى زور بىر تۈركۈم ئىختىساس ئىگىلىرىگە مۇھتاج. تىرىشچان، نەشرىياتچىلىقنىڭ مۇھىم ئىش ھالقىلىرىدىن خەۋىرى بار، پائالىيەتچان، مالىيە تۈزۈمىنى بىلىدىغان، پىلسكىنچىلىقتىن، جاپا ـ مۇشەققەتتىن قورقمايدىغان، بۇ خىزمەتنى سۆيۈپ ئىشلەيدىغان خادىملارنى بۇ ئىشقا قويغاندا بۇ خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىققىلى بولىدۇ.

بىر قىسىم نەشرىياتلار تارقىتىش خىزمىتىگە ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قارىغاچقا، رەھبەرلەرمۇ تارقاتقۇچى، تەھرىرلەرمۇ تارقاتقۇچى، تارقىتىش بۆلۈمدىكىلەرمۇ تارقاتقۇچى بولۇپ، ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈم ھەسسىلەپ ئېشىپ، نەشرىياتمۇ ھەر تەرەپتىن پايدىغا ئېرىشتى. جەمئىيەتتىكى ئىستېمال قىلغۇچىلارمۇ رازى بولدى. بىر قىسىم نەشرىياتلار تەھرىر بۆلۈمگە ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قاراپ، تارقىتىش بۆلۈمىنىڭ خىزمىتىگە سەل قاراۋاتىدۇ.

چەت ئەللەرنىڭ نەشرىياتچىلىق خىزمىتى تونۇشتۇرۇلغان «تەھرىرلىك خىزمىتى توغرىسىدا» دېگەن كىتابتا ياخشى بىر مىسال كۆرسىتىلگەن. ئەنگلىيىدىكى بىر نەشرىياتتا جەمئىي 11 نەپەر خادىم بولۇپ، 9 نەپىرى تارقىتىش خىزمىتى بىلەن، ئىككى نەپىرى تەھرىرلىك خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن. ئۇلارنىڭ بۇ ئۇسۇلىدىن ئۆگىنىشكە ئەرزىيدۇ. مۇشۇنداق قىلغاندا تارقىتىش دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، كىتاب تىراژىنى ئاشۇرۇپ ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە پايدىلىق.

رايونىمىزنىڭ يېرى كەڭ، نوپۇسى كۆپ. لېكىن يېزىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشىلەرنىڭ سانى ئاز. جەمئىيەتنىڭ ھازىرقىدەك ئۈچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان مەزگىلىدە، تەرەققىيات نەتىجىلىرىنى تەشۋىق قىلىدىغان، يېڭى ئىجادىيەتلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، كېڭەيتىدىغان ھالقىلىق پەيتتە تارقىتىش بۆلۈملىرىنىڭ خىزمىتى ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، ئۇلارنىڭ جەمئىيەت بىلەن نەشرىيات ئوتتۇرىسىدا ئوينايدىغان ئالاقىچىلىق، تەشۋىقاتچىلىق رولىغا ھەرگىزمۇ سەل قارىغىلى بولمايدۇ، شۇڭا تارقىتىش بۆلۈمىگە ئېتىبار بىلەن قاراپ، ئۇلارنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش لازىم.

2. كىتابخانىلار بىلەن نەشرىيات ئوتتۇرىسىدىكى مەسىلە

نەشرىيات بىلەن كىتابخانىلار قوشكېزەكلەردۇر. يەنى بىرى بولمىسا، يەنە بىرسىمۇ بولمايدۇ. بۇ بىر ھەقىقەت. ھەر قېتىمقى قوشكېزەكلەر يىغىنىدا ھەر ئىككى تەرەپ ئۆزلىرىنىڭ لايىھەلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، بىر ـ بىرىدىن ئايرىلالمايدىغانلىقى توغرىسىدا ناھايىتى ياخشى پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىشىدۇ. شۇڭا كۆپ ھاللاردا ۋەدىگە ئەمەل قىلىپ، بىر قەدەر ياخشى ماسلاشقان بولسىمۇ، لېكىن ۋەدىلەر تولۇق ئورۇندالماي قالىدۇ. بەزى چاغلاردا كىتابخانىلارنىڭ بەرگەن سانى بەك ئاز بولغانلىقتىن، نەشرىيات نەشر قىلماقچى بولغان كىتابلارنىڭ بېسىلىش ۋاقتى كېچىكىدۇ ياكى بېسىلماي قالىدۇ. باھانىڭ ئۆرلىشى بىلەن كىرىم چىقىمنى ياپالمايدىغان ئەھۋال ئاستىدا، بەزى كىتابلارنى چىقىرىشتىن توختايدۇ، بەزى ھاللاردا نەشرىياتلار ھەر قايسى ئاساسىي قاتلام كىتابخانىلىرى، يېزا ـ بازارلار، مۇناسىۋەتلىك ئىدارە ـ ئورگانلار، ئالىي، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەر ۋە ئومۇمنىڭ پۇلىغا كىتاب سېتىپ ئالىدىغان ئورۇنلار بىلەن بىۋاسىتە ئالاقە باغلاپ، كىتاب تىراژىنى ئاشۇرۇپ، كىتابنى نەشر قىلىپ، كىتابخانىلارنىڭ قولىغا يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن، كىتابخانىلار بىلەن نەشرىيات ئوتتۇرىسىدا ئۇقۇشماسلىق كۆرۈلىدۇ. بۇنىڭغا كىتابخانىلار نارازى بولىدۇ. بۇ مەسىلىنى توغرا چۈشىنىشكە بولىدۇ. تۈزىتىشكە تېگىشلىك بولسا تۈزىتىشكە بولىدۇ.

كىتاب تىراژىنىڭ ئاز بولۇشىدا بىر قانچە سەۋەب بار. ئاساسلىقى:

① كىتابقا تىراژ بېرىدىغان ئاساسىي قاتلام كىتابخانىلىرىدىكى خادىملارنىڭ ئۆز رايونىدىكى كىتابخانىلارنىڭ كىتابقا بولغان ئېھتىياجىنى بىلىش ـ بىلمەسلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

بەزى ئاساسىي قاتلام كىتابخانىلىرى تىراژ توپلاش ئۇقتۇرۇشىنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، ئۇقتۇرۇشنىڭ مەزمۇنىغا قاراپ ئۇنىڭ ئېھتىياجلىق ياكى ئېھتىياجلىق ئەمەسلىكىگە قارىماستىن، قارىسىغىلا بىرقانچە پارچە سان يېزىپ قويىدۇ. كىتاب ئەمەلىي تارقىتىلغاندا بۇ سان بىلەن كىتابخانىلارنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرغىلى بولمايدۇ. بۇ چاغدا نەشرىياتتا ياكى رايونلۇق كىتابخانىدا بۇ كىتاب ئاللا قاچان تۈگىگەن بولۇپ، تەلەپ قاندۇرۇلمايدۇ. قايتا بېسىشقا سان توشمىغانلىقتىن، قايتا بېسىلىدىغانلىرى ناھايىتى ئاز بولىدۇ. بېسىش زۆرۈرىيىتى بولغاندىمۇ، باسما ۋە قەغەز ھەققىنىڭ ئۆرلەپ كېتىشى سەۋەبلىك باھادا زور پەرق بولۇپ، بۇ كىتاب بېسىلمايدۇ ياكى بېسىلغان تەقدىردىمۇ كىتابخانىلار ئەسلى بەرگەن ساندىن ۋاز كېچىدۇ ـ دە، كىتاب نەشرىياتلاردا بېسىلىپ قالىدۇ. قىسمەن كىتابلار قايتا بېسىلىپ كىتابخانىلارنىڭ تەلىپى قاندۇرۇلىدۇ.

② بەزى ئاساسىي قاتلام كىتابخانىلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان رەھبىرىي خادىملار نامۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئۇلار ئاممىنىڭ تەلىپىنى چۈشەنمەيدۇ. كىتابنىڭ مەزمۇنى بىلەن تولۇق تونۇشلۇق ئەمەس. شۇنداق بولغانلىقتىن ئاساسىي قاتلام كىتابخانىلىرىدا، بولۇپمۇ شىنجاڭ رايونىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، مىللىيلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردىكى كىتابخانىلاردا مىللىي خادىملار ئاز ياكى يوق. شۇنداق بولغانلىقتىن، ماگىزىن جازىسىغا تىزىلغان مىللىيچە كىتابلار تەتۈر تىزىلغان، بەزى جايلاردا كىشى كۆرمەيدىغان يەرلەرگە قويۇلغان، كىتاب سېتىۋالغۇچى ئىزدىگەن كىتابنى تاپالمايدىغان ياكى كىتاب ساتقۇچى توغرا تېپىپ بېرەلمەيدىغان ئەھۋاللار خېلى ئېغىر دەرىجىدە مەۋجۇت.

يەنە بەزى كىتابخانىلارنىڭ رەھبەرلىك خىزمىتىنى ئىشلەۋاتقان خادىملاردا «مىللىيلار كىتاب ئوقۇمايدۇ ....» دەيدىغان خاتا چۈشەنچە خېلى ئېغىر بولۇپ، زاكاز قوبۇل قىلىش ئېلانىنى قولىغا ئېلىپلا خىجىل بولماستىن بىر قانچە سانىنى يېزىپ قويىدۇ ياكى زاكاز ئېلانىنى قۇرۇق قايتۇرىدۇ. بۇ تارقىتىش خىزمىتىدىكى تۈزىتىشكە تېگىشلىك مەسىلە بولۇپ، بۇنى تۈزەتمىگەندە تارقىتىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىگىلى بولمايدۇ.

يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيانقى بىزنىڭ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش نەتىجىلىرىمىز شۇنى ئىسپاتلىدىكى، مىللىي يولداشلار كىتاب ئوقۇمايدۇ ئەمەس، بەلكى كىتاب ئوقۇشقا بەكمۇ قىزىقىدۇ. كىتاب ئوقۇيدىغانلار سانى كۆنسېرى ئېشىۋاتىدۇ. بەزى ئاساسىي قاتلام كىتابخانىلىرىدىكى ئىقتىدارلىق يولداشلار ئاما ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، ئۇچۇر ئىگىلىمە، كىتاب سېتىش نۇقتىلىرىنى كۆپەيتكەنلىكتىن، نەشرىيات ئورۇنلىرىدا ساقلانغان كىتابلار سېتىلىپ تۈگەپ، ماگىزىندا كىتاب ئاز بولۇش ئەھۋالى كۆرۈلۈۋاتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاساسىي قاتلام كىتابخانىلىرىنىڭ رەھبەرلىك ئاپپاراتىدا نامۇۋاپىق خادىملارغا قارىتا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، تارقىتىش دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، بۇ خىزمەتنى ئۈنۈملۈك راۋانلاشتۇرۇش لازىم.

ئاپتونوم رايونىمىزدا نوپۇسى 300 مىڭدىن ئاشىدىغان ناھىيە ـ شەھەرلەر ئاز ئەمەس، ھەر بىر ناھىيە، شەھەردە بىر قانچە يۈز ياكى بىر قانچە مىڭ كىشىمۇ كىتاب ئوقۇمايدۇ دېسە، بۇ ئەقىلغە سىغمايدۇ. لېكىن كىتابخانىلارنىڭ بېرىدىغان سانىنىڭ نوپۇسقا سېلىشتۇرغاندا ئاز بولۇشى ئادەمنى ئويغا سالىدۇ.

③ يۇقىرىقىدەك ئەھۋاللار بولغانلىقى ئۈچۈن جاپاكەش ئاپتورلار، تەرجىمانلار مىڭ بىر جاپادا يازغان، تۈزگەن ياكى تەرجىمە قىلغان ئەسەرلەر بېسىلسىمۇ ئىگە چىقماي بېسىلىپ قېلىش، ھەتتا ئاپتور، تەرجىمانلارنىڭ زىممىسىگە كىتاب سېتىش ۋەزىپىسى يۈكلىنىدىغان ئەھۋاللار كېلىپ چىقىۋاتىدۇ. بۇ خىل ۋەزىيەتنىڭ كېلىپ چىقىشى بەزى ئاپتور، تەرجىمانلارنى كىتاب يېزىش، تەرجىمە قىلىش خىزمىتىدىن ۋاز كەچتۈرىۋاتىدۇ. كىتاب يېزىش يىگىنە بىلەن قۇدۇق قازغانغا ئوخشاش ئىش. ئۇ جاپالىق، ئېغىر بولغان ئەقلىي ئەمگەك، ئۇلار ئازغىنە قەلەم ھەققىگە ئىگە بولۇشنى مەقسەت قىلمايدۇ، بەلكى ئەمەلىي تۇرمۇشتىن ئېلىنغان تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ رېئال كىشىلىك تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ يۈرەك قېنى ئارقىلىق خەلققە مەنىۋى ئوزۇق تەييارلايدۇ. پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ ئەمىر ـ پەرمانلىرىنى تەشۋىق قىلىپ، ئۇلارنى كۆتۈرەڭگۈ ۋە ئويغاق ھالەتكە كەلتۈرىدۇ. شۇڭا پارتىيە، خەلق ھۆكۈمىتى نۇرغۇن ئىختىساسلىق خادىملارنى ئاجرىتىپ، كىتاب يېزىش، نەشر قىلىش، تارقىتىش خىزمەتلىرىنى ئىشلەشكە ئورۇنلاشتۇرغان. شۇڭا نەشرىيات ئورۇنلىرى سۈپىتى ياخشى، مەزمۇنى مول، ساغلام، ئەمەلىي ئىشلىتىش ئۈنۈمى بولغان، تەسىرچانلىقى كۈچلۈك، تۇرمۇش چىنلىقى مول، كىشلەرنى جەلپ قىلىشى ياخشى بولغان كىتابلارنى كۆپلەپ چىقىرىپ، كەڭ كىتابخانىلارنىڭ تەلىپىنى قاندۇرۇشقا تىرىشىشى لازىم.

④ بەزى كىتابخانىلار ئۆزلىرىنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسىنى بىر تەرەپكە قايرىپ قويۇپ، پۇل تېپىشنى ئالدىنقى ئورۇنغا

قويۇپ، كىتاب جازىلىرىنى باشقا تۇرمۇش بۇيۇملىرى بىلەن تولدۇرىۋەتتى. كىتابنى بولسا كىشىلەرنىڭ كۆزى چۈشمەيدىغان، سودا ياخشى بولمايدىغان يەرلەرگە تىزىپ قويۇپ، كىتابنىڭ سېتىلىشىغا تەسىر يەتكۈزىۋاتىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال ئۆزگەرتىلمىسە، زىيىننى قىيلىس قىلغىلى بولمايدۇ.

3. تەشۋىقات خىزمىتى توغرىسىدا

هازىر نەشرىيات ۋە كىتابخانىلاردا كىتاب تەشۋىقاتىنى ئىشلەش دېگەندەك يېتەرلىك ئەمەس، شىنجاڭنىڭ يېرى كەڭ، ئاھالىسى تارقاق، قاتنىشى قولايسىز، كىتاب يەتكۈزۈپ بېرىش قىيىن. هازىر قاتنىش ۋاستىسى بىر قەدەر ياخشىلانغان بولسىمۇ، لېكىن يىراق - چەت يېزا-قىشلاقلارغا كىتاب يەتكۈزۈپ بېرىش يەنىلا قىيىن. كىتاب تەشۋىقاتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەپ، بۇ بوشلۇقنى تولدۇرۇش لازىم. مەيلى نەشرىيات ياكى كىتابخانىلار بولسۇن، مەخسۇس خادىملارنى تەشۋىقات خىزمىتىگە ئورۇنلاشتۇرۇشى كېرەك. بۇ خادىملار چوقۇم ئاما بىلەن مۇستەھكەم ئالاقە ئورنىتالايدىغان، كىتابخانىلارنىڭ ئېھتىياجىنى چۈشىنىدىغان، كىتابخانىلار بىلەن نەشرىياتنىڭ قوشكېزەكلىك مۇناسىۋىتىنى مۇستەھكەملەپ، چوڭ ئۆستەڭنىڭ سۈيىنى كۆپەيتىشكە ھەسسە قوشۇپ، ئورتاق بېيىش، ئورتاق ئىلگىرىلەش روھىغا ئىگە بولۇشى لازىم.

ئاپتونوم رايونىمىزدا 96 - يىلدىن باشلاپ، مىللىي تىل يېزىقىدىكى كىتابلارنى نۇسقىغا قاراپ زاكاز قوبۇل قىلىش، تەڭشەش يىغىنى ئېچىلىۋاتىدۇ. بىر قانچە يىلدىن بېرى، بۇ يىغىننىڭ ئۈنۈمى كۆزگە كۆرۈنەرلىك بولىۋاتىدۇ. نۇرغۇنلىغان كىتابخانىلار بۇ يىغىنغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈپ، ھەر يىلى تولۇق قاتنىشىپ، يىغىننىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرىۋاتقان بولسىمۇ، بەزى كىتابخانىلار ئادەم ئەۋەتمەي، يىغىنغا سۈس پوزىتسىيە تۇتىۋاتىدۇ. ياكى ئادەم ئەۋەتسىمۇ ئۇلارغا زاكاز قوبۇل قىلىش، ئالماشتۇرۇش ھوقۇقى بەرمەيۋاتىدۇ، ھەتتا بەزى كىتابخانىلار يىغىن راسخوتىنى يىغىنغا قاتناشقۇچىنىڭ تۆلىشىگە ئىتتىرىپ قويىۋاتىدۇ. بۇنداق پوزىتسىيە تارقىتىش خىزمىتىنىڭ ئۈنۈملۈك ئېلىپ بېرىلىشىغا پايدىسىز، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ يىغىنغا چوقۇم قاتنىشىش لازىم، قاتناشقانىكەن چوقۇم ئۈنۈم ھاسىل قىلىش لازىم.

كىتاب، ژۇرنال تارقىتىش خىزمىتىنىڭ مۇھىملىقى ھەممىمىزگە ئايان، تارقىتىش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان بىرمۇنچە يولداشلار جاپاغا چىداپ بۇ خىزمەتنى ياخشى ئىشلەۋاتىدۇ. شۇنىڭغا لايىق ئۇنۋان بېرىلىشى، ئۇلارنىڭ خىزمەت قىزغىنلىقىنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇشى لازىم.

هازىر تارقىتىش بۆلۈمىدە ۋە نەشر بۆلۈملىرىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋان يوق. شۇڭا نەشرىيات ۋە كىتابخانىلاردىكى مەسئۇل يولداشلار چوقۇم تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ يۇقىرىغا ئىلتىماس قىلىپ، ئۇنۋان مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ، بۇ خىزمەتنىڭ ياخشى ئىشلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشى لازىم.

نۇرغۇن يولداشلار تارقىتىش بۆلۈمىدە ئىشلەشنى ياقتۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنۋان سۈرۈشتە قىلغاندا يۇقىرى دەرىجىلىك ئۇنۋانىنىڭ بولماسلىقى سەۋەبلىك، بۇ ئورۇنلاردا ئىشلەشتىن ۋاز كېچىدۇ. شۇڭا ئۇنۋان مەسىلىسىمۇ تارقىتىش خىزمىتىنىڭ ياخشى ئىشلىنىش - ئىشلەنمەسلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ قالدى. شۇنىڭ ئۈچۈن رەھبەرلىك بۇ مەسىلىنى ئەستايىدىل ئويلاپ توغرا ھەل قىلىش لازىم. مۇبادا ئۇنۋان مەسىلىسى ھەل بولسا، ئىقتىدارلىق خادىملارنى بۇ كەسىپكە جەلپ قىلىپ، تارقىتىش خىزمىتىنى يەنىمۇ جانلاندۇرۇپ، بازارغا تېخىمۇ يۈزلىنىپ، ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئاشۇرۇپ، ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، دۆلەتنىڭ قوشۇمچە ياردەم پۇلىغا تايىنىپ نەشرىياتچىلىق قىلىش ۋەزىيىتىنى ئۆزگەرتىشكە بولىدۇ.

ئاخىرىدا نەشرىياتلار تارقىتىش خىزمىتىنى ۋە تارقىتىش قوشۇنىنى كۈچەيتىپ، نەشرىيات خىزمىتىنىڭ يەنىمۇ ساغلام راۋاجلىنىشى ئۈچۈن تارقىتىش خىزمىتىگە جاپا مۇشەققەتتىن، ھېرىپ - چارچاشتىن قورقمايدىغان، تىرىشچان، تاپشۇرغان خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن تولۇق چىقالايدىغان، تەشكىلىي ئىنتىزامچانلىقى كۈچلۈك، تارقىتىش خىزمىتىنى جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەيدىغان خادىملارنى كۆپلەپ ئورۇنلاشتۇرۇشى، بۇ ساھەدىمۇ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش لازىم. شۇنداق قىلغاندا تارقىتىش خىزمىتىنى يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە چىڭ تۇتۇپ ھەم ئۇنىڭغا ئېتىبار بېرىپ، تارقىتىش بۆلۈمىنىڭ جەڭگىۋارلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتى بىزگە تاپشۇرغان نەشرىياتچىلىق خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىشى ۋە ياخشى ئېلىپ بېرىلىشىغا ھەسسە قوشقىلى بولىدۇ.

# ئۆزىنى بىلىش ۋە ئىلگىرىلەش

مېھرىگۈل ھەسەن

بىز ھەر كۈنى دېگۈدەك ئالغا ئىلگىرىلەشنى ئويلايمىز. بۇنداق ئىنتىلىش بىزنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالىمىزدىن دېرەك بېرىدۇ. چۈنكى، ئۆزىنى بىلىش پەلسەپە ئەمەلىيىتىدىن ئېيتىلىدىغان سۆز بولۇپ، ئادەم پەقەت ئۆزىنىڭ ئارتۇقچىلىق ۋە كەمچىلىكىنى بىلگەندىلا، كەمچىلىكىنى تۈزىتىپ ئارتۇقچىلىقىنى جارى قىلدۇرىدىغان يولنى تاپالايدۇ. ئۇلۇغ پەيلاسوپ لاۋزى «ئۆزگىنى بىلگەنلەر ئاقىل، ئۆزىنى بىلگەنلەر دانا» دېگەندە، مۇشۇ مەنادا ھۆكۈم قىلغان بولسا، «ئادەم ئۈچۈن ئۆزىنى بىلىش ئەڭ قەدىرلىك» دېگەن تەلىماتمۇ شۇ تۈپەيلى كىشىلەرگە ئاگاھلاندۇرۇش بېرىپ تۇرىدىغان ھېكمەتكە ئايلانغان بولسا كېرەك. كۆپ ساندىكى كىشىلەر مۇشۇ ھېكمەت بىلەن ئۆزىنىڭ كەم جايلىرىنى تونۇپ يېتىپ، ئۇنى تولۇقلاش بىلەن شۇ تايقى ھالىتىدىن ھالقىغان بولسىمۇ، ئەمما بەزىلەر بۇنى توغرا چۈشەنمەي، ئۆزىنى ئىنكار قىلىشقا بېرىپ يېتىدۇ. «مەن باشقىلارغا يېتەلمەيدىكەنمەن» دېگەن پاسسىپ پىكىرنىڭ كەينىگە كىرىپ كېتىدۇ. ئۇنداق بولسا ئۆزىنى بىلىش بىلەن ئىلگىرىلەشنى قانداق قىلىپ بىرلەشتۈرىمىز؟

مېنىڭچە، ئۆزىنى بىلىشتە ئاساسلىقى ئۆزىنىڭ ئارتۇقچىلىقى ۋە كەمچىلىكىنىڭ نەدىلىكىنى بىلىش مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، دۇنيادا ئۆزىنىڭ بەخت-سائادىتى ئۈچۈن جاپالىق كۈرەش قىلىشنى خالىمايدىغان ئادەملەر ئاز بولىدۇ. ھەتتا جاپالىق كۈرەش قىلىش دېگەننى ھەربىر ئادەم ئىرادىگە كەلسە قىلىپ كېتەلەيدۇ. لېكىن، جاپالىق كۈرەش قىلغان بىلەنلا ھەربىر ئادەم داڭدار كىشىلەردىن بولۇپ كېتەلمەيدۇ ياكى چوڭ-چوڭ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمايدۇ. بۇ يەردىكى گەپ ئۆزىنى توغرا بىلىش ۋە نىشاننى توغرا تاللاپ جاپالىق كۈرەشكە ئاتلىنىشتۇر. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، كىشىلەردە كەم بولغىنى ئۆزلىرى ياخشى كۆرگەن ئىش ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغان قىزغىنلىق ۋە پىداكارلىق ئەمەس، بەلكى ئۆزىنى قايسى ئىش ئۈچۈن پىداكار قىلىشنى بىلىپ يېتەلمەسلىكتۇر. ئەگەر بىراۋ ئۆزىنىڭ نىشانى ۋە ئەڭ ئاخىردا يېتىپ بارىدىغان مەقسىتىنى ئېنىقلاپ ئالغان بولسا، شۇ ئىشقا باشقا بىر ئىشقا تىرىشقاندەك قىزغىنلىق بىلەن ئۇزاق مۇددەت كىرىشسە، ئۆزىنى بىلىپ يەتمەي تۇرۇپ تىرىشقان ئىشتىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق ئۈنۈم ھاسىل قىلىشى مۇمكىن. چۈنكى، بۇنداق تىرىشچانلىق ئۆزىنىڭ چامى يېتىدىغان، ئۆزىنىڭ تەبىئىيىتىدە ئۇستۇنلۇك ئىگىلىگەن تەرەپتە بولغانلىقتىن، خۇددى قارىغايلار قىيا تاغدا، مېۋىلەر مۇنبەت باغلاردا ئۆسكەندەك نەتىجە بېرىدۇ.

مەن بىرنەچچە دوستۇم بىلەن كىشىلەر «ئالىم» دەپ تونۇشتۇرغان بىر تەتقىقاتچىنىڭ ئالدىغا مۇشۇ مەسىلە ھەققىدە سوئال سوراپ باردۇق. ئۇ شۇنچە بىلىملىك بولغان بىلەن يەنىلا شۇنداق كەمتەر ئىدى، بولۇپمۇ ناھايىتى ئەدەپ-ھايالىق ئىدى. بىز بۇ مەسىلە ھەققىدە سورىغاندا مىساللار بىلەن چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دېدى: كىچىكىمدە بەكمۇ سۆزمەن ئىدىم. ئاتام رەھمەتلىك باشقىلارنىڭ سۆزىگە لوقما سالماسلىق ھەققىدە تەربىيە بېرەتتى، خېلى چوڭ بولغۇچە بۇ كەمچىلىكىمنى تولۇق تۈزىتەلمىدىم. شۇڭا، دوستلىرىممۇ كىشىلەرنىڭ سۆزىنى تارتىۋالماسلىق ھەققىدە ماڭا نەسىھەت بەردى. مەن شۇ چاغنىڭ ئۆزىدە قىزارغان بولساممۇ، ئەمما، مەندە ئارتۇقچىلىقىمنى بېسىپ تۇرغان بۇ كەمچىلىكىمنىڭ بارلىقىنى بىلىۋالدىم-دە، ئۇنى ئۆزگەرتىشنىڭ كويىغا كىردىم. قەشقەردە ئىشلىگەن چاغلىرىمدا ئۆزۈمنى كىتابلارغا ئېتىپ تۇراتتىم. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن قەشقەر كۇتۇپخانىسىنىڭ مۇئاۋىن تەتقىقاتچىسى مۇھەممەت ئوسمان ھاجىم بىلەن تونۇشۇپ، بارا-بارا ئەسرار دوستلاردىن بولۇپ قالدىم. ئۇ كىشى خۇددى ئۆزى يازغان «ئەخلاق باغچىسىدىن گۈلدەستە» دېگەن ئەسىرىدە يازغاندەك كەمتەر، مۇلايىم، ئەدەپ-ھايالىق ئىدى. ئۇنىڭ سۆز-ھەرىكەتتىكى تەمكىنلىك ۋە كىشىگە يول قويۇپ تۇرۇپ سۆزلەيدىغان، ناھايىتى تەقەززا بولغاندىمۇ «سۆزلىرىنى بۆلۈپ قويدۇم» دەپ كەمتەرلىك بىلەن سۆز قىلىشى مېنىڭ ئۈلگەم بولۇپ قالدى. مەن ئۆزۈمنىڭ كەمچىلىكىمنى ئۇنىڭ ئۈلگىلىك پەزىلىتىگە سېلىشتۇرۇپ ئۆزۈمنى تۈزىتىۋېلىشنى ئادەت قىلىشقا تىرىشتىم، خېلى يىللار ئۆتتۈدى، مەنمۇ ئەدەپ-ئەخلاقتا ئۇنىڭغا يېقىنلاشتىم.

... دېمەك، ئادەم ياخشى ئادەم بولۇش ئۈچۈن، كاتتا ئادەم بولۇش ئۈچۈن، بولۇپمۇ پىكىرلىرىنى قەلەمگە ئالالايدىغان يازغۇچى بولۇش ئۈچۈن، ئۆزىدە شۇ ئىشقا دەخلى بولىدىغان كەم نەرسىنىڭ نېمىلىكىنى بىلىپ يېتىپ، ئۇنى تۈزىتىدىغان بىر ئۈلگە تىكلەپ، نىشانلىق ئىلگىرىلەش كېرەك. بىر ئادەم نېمە قىلىمەن دېسە، شۇنى قىلالمايدۇ، بەلكى، ئۆزىنىڭ تەبىئىتىدە بار بولغان ئارتۇقچىلىقنى بىلىپ يەتسە، ئۇ ئارتۇقچىلىقنى توساپ تۇرغان كەمچىلىكنى تۈزەتسە، ئاندىن شۇ ئارتۇقچىلىققا لايىق ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالايدۇ...

بىز بۇ كىشى بىلەن ناھايىتى كۆپ مەسىلىلەر ھەققىدە سۆھبەت ئېلىپ باردۇق. ئۇ باشتىن ئاخىر «ئادەمنىڭ ئۆزىنى توغرا بىلىشى ئالغا بېسىشنىڭ ئاساسى» دېگەن ئىدىيىنى تولۇق يورۇتۇپ بەردى.

بەرھەق، مەدەنىيەت تارىخىي ئېقىمىدا قالچىلىغان تالانت بېخلىرى مانا مۇشۇنداق ئۆزىنى بىلىشتە ئادىل، توغرا بولالمىغانلىقى ئۈچۈن ئۆمۈر بويى تېپىرلاپ يۈرۈپ ئىز قالدۇرالمىغان ئەمەسمۇ؟ گەرچە بىر ئادەمنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا بىرىلماي ئىزسىز يوقىلىپ كېتىشىدە ناھايىتى كۆپ ئىجتىمائىي سەۋەبلەر بولسىمۇ، ئەمما، ئۆزىنى بىلىش-بىلمەسلىك ئىجتىمائىي شارائىت ھازىرلانغان ئەھۋالدا ھەربىر ئادەمنىڭ سۇبيېكتىدا مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ.

بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ ئادەم دېگەن «ئېشەك ئېشەكتىن قالسا قۇلىقىنى كەس» دېگەندەك، ھەربىرسى باشقىلارنىڭ ئالدىغا كىرىۋېلىشنى خىيال قىلىپلا يۈرىدىغان سىرلىق مەۋجۇدات. شۇڭا، ئۇلارنىڭ ئۆزىگە ئۈستۈن كۆرۈنگەن كىشىلەرنىڭ قىلىقلىرىنىڭ ھەممىسىنى قىلىپ باققۇسى كېلىدۇ. ئەگەر ئادەم تەبىئىتىدىكى ئەشۇنداق سەندىن مەن قالامتىم دەيدىغان ئورتاق تەبىئەتنىڭ ھەر كىشىدىكى پەرقىنى بىلىپ يەتمەي، ھەر ئادەم ئۆزىنى چاغلىماي ھەرىكەت قىلىدىغان بولسا، ھەرخىل ئەخمىقانە ھەرىكەتلەر كېلىپ چىقىدۇ. سېمىز ئادەم يۈگۈرۈشتە ئۇتۇپ چىقىشنى، پاكار ئادەم ۋاسكېتبولدا ئۇتۇپ چىقىشنى، ئاجىز ئادەم چېلىشىشتا ئۇتۇپ چىقىشنى ئويلاپ مەيدانغا چۈشسە قوشقار بىلەن توپاقنى سوقۇشقا سالغاندەك ئاقىۋەتلەردىن قۇتۇلغىلى بولمايدۇ. ئەگەر ئېلىمىز ياغاچچىلىقنىڭ پىرى لۇبەن: «مەن دېگەن ياغاچچىلىقنى ۋاھىغا يەتكۈزۈپلا قالماي، ھەرقانداق پەيلاسوپ بىلەن مۇنازىرە قىلالايمەن» دەپ داڭدار ناتىقلار بىلەن مۇنازىرىگە چۈشكەن بولسا، ئۇنىڭ قولىدىكى پالتا نەدە قالار ئىدى؟ بىزنىڭ ئۇلۇغ بوۋىمىز فارابى «مەن تۈركلەرنىڭ ئۇلۇغ پەيلاسوپ ئالىمى بولۇپلا قالماي، يەنە جەڭلەردە باتۇر بولىمەن» دېگەن بولسا، نېمە بولار ئىدى؟ يەنە بىزنىڭ ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئابدۇكېرىم راخمان، ئابدۇشۈكۈر مەمتىمىنلىرىمىزدەك كىشىلەر «بىز ئالىم بولۇپلا قالماي، يەنە ئاپتونوم رايونغا ئەمەلدار بولىمىز» دېگەن بولسا، بۈگۈنكى كۈندە بىز ئۇيغۇرلاردا ئىجتىمائىي پەن ئالىملىرىدىن نەچچىسى بولار ئىدى؟ يەنە لۇشۈندەك ئۇلۇغ زات ئۆزىنى توغرا بىلىپ يېتىش ئاساسىدا دوختۇرلۇقتىن ئەدىبلىككە ئۆتمىگەن بولسا، جۇڭگولۇقلاردىكى مەجرۇھ كېسەللەر قاچانمۇ ساقىيار ئىدى. دېمەك، ئالىملار ئاسماندىن چۈشكەن ياكى يالغۇز جاپالىق تىرىشچانلىق ئۈچۈنلا پەيدا بولغان ئەمەس، بەلكى ئۆزىنى بىلىش ئاساسىدا ئىلگىرىلەش نىشانىنى تۇرغۇزۇپ چىدام بىلەن ئالغا باسقانلاردۇر.

ھالبۇكى، تارىختا پۈتكۈل ھاياتىدا ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى توغرا بىلىپ يېتەلمەي، ئۆزى ئۈزۈپ چىقىپ كېتەلمەيدىغان، ھەتتا رولچى بولىدىغان ئىشلارنى تاپالماي، پولاتتەك ئىرادىلىرىنى رىياللىققا ئايلاندۇرالماي يەردە قالغانلار، ھەسرەت-نادامەت چەككەنلەر كۆرمىك. شۇنىڭ ئۈچۈن ئېيتىمىزكى، مەلۇم مەنادىن ئېيتقاندا، ئۆزىنى بىلىش ئۆزىنى ھۆرمەت قىلىش، ئۆزىدىكى تۇغما تالانت ۋە يوشۇرۇن قابىلىيەتنى ئېچىشنىڭ، ئىلگىرىلەشنىڭ ئاساسى بولسا، ئۆزىنى توغرا بىلىپ ئالالماسلىق ئۆزىدىكى تۇغما تالانت ۋە يوشۇرۇن قابىلىيەتنى دەپسەندە قىلىپ، ئىلگىرىلىيەلمەسلىكنىڭ سەۋەبچىسىدۇر. ئىلگىرىلەيمەن دېگەن ئادەمگە ئۆزىنى بىلىش خۇددى كېسەلگە بېرىلگەن دورىدەك داۋادۇر.

(بېشى 49-بەتتە)

خىلى خۇسۇسىيەتلەرنى نامايەن قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ بازارنى جانلاندۇرۇپ، ئۇنۇمنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئىگىلىكنى گۈللەندۈرىدۇ. رىقابەت بازار ئىگىلىكىگە سىرتتىن تېڭىلغان بىر خىل غەيرى كۈچ بولماستىن، بەلكى تاۋار ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مۇقەررەر مەھسۇلى. رىقابەت تاۋار ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ تاۋار ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئالماشتۇرۇش جەريانىدا، ئىشلەپچىقىرىش، سېتىشقا پايدىلىق ئورۇننى قولغا كەلتۈرۈپ، بەلگىلىك ئىقتىسادىي مەنپەئەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن ئېلىپ بارىدىغان مۇسابىقە ۋە كۈرىشىنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا رىقابەت بازار ئىگىلىكىنىڭ جان تومۇرى ھېسابلىنىدۇ. لېكىن رىقابەت ئادىل، قانۇنغا ئۇيغۇن بولۇشى زۆرۈر. دۆلىتىمىزدە 10 نەچچە يىللىق ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئارقىلىق ھەر خىل بازارلار يوقلۇقتىن بارلىققا كەلدى، كىچىكلىكتىن چوڭايدى ھەمدە قەدەم باسقۇچلۇق ھالدا تەرەققىي قىلدى. لېكىن بىرلىككە كەلگەن، ئېچىۋېتىلگەن ۋە رىقابەتلىشىدىغان، تەرتىپلىك بازار سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش نىشانى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، يەنە ئاز بولمىغان مەسىلىلەر مەۋجۇت. مەسىلەن، ھەر خىل بازارلار ئوتتۇرىسىدا ئۆسۈپ يېتىلىش تەكشۈك بولماسلىق، تارماقلار ۋە ئورۇنلار بازارنى بۆلۈۋېتىش ۋە قامال قىلىۋېلىش، بازار ئىگىلىكىگە ماس كېلىدىغان باھانى شەكىللەندۈرۈش مېخانىزمىنى تېخىچە بەرپا قىلالماسلىققا ئوخشاش ئەھۋاللار، بولۇپمۇ تېخىچە ھۆكۈمەت بىلەن كارخانىنى ئايرىش ۋە ئۆز ئالدىغا تىجارەت قىلىش، پايدا - زىيانغا ئۆزى مەسئۇل بولۇشنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرالماسلىق، كارخانىلارنىڭ ئىشلىرىغا ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ئارىلىشىۋېلىش ۋەھاكازالار. بۇلارنى قانۇن - قائىدىلەر ئارقىلىق قېلىپلاشتۇرۇش زۆرۈر. شۇنىڭ بىلەن بىللە، تۈرلۈك جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىگە ۋە ئىقتىسادىي جىنايى ھەرىكەتلەرگە دەل ۋاقتىدا زەربە بېرىش ۋە ئالدىنى ئېلىش، شۇ ئارقىلىق سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ ساغلام، تەرتىپلىك تەرەققىي قىلىشىنى كاپالەتلەندۈرۈش لازىم.

# ئۇيغۇرلارنىڭ خەنزۇ تىلىدىكى ئەدەبىياتى ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى ئورنى توغرىسىدا

غەيرەتجان ئوسمان، ئېلى ماموۋد

ئۇيغۇرلارنىڭ سەلتەنەتلىك ئەدەبىيات خەزىنىسىنى ئاختۇرۇپ كۆرىدىغان بولساق، ئۇنىڭدا مول مەزمۇنلۇق، رەڭگا - رەڭ تېمىلىق، خىلمۇ - خىل ئۇسلۇبلۇق ئەسەرلەرنىڭ بارلىقىنى بايقايمىز. بۇلارنى قەدىمكى ئاپتورلار ئۆز تىلى ۋە يېزىقىدا ئىجاد قىلىپ قالماستىن، بەلكى قوشنا ۋە قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ تىلى ۋە مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىش ئاساسىدا ھەم ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت تەسىرىنى ئۆتكۈزۈش مەقسىتىدە ياراتقان.

ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى زامان ئەدەبىياتى ئۇيغۇر يېزىقلىرى ۋە تىلىدا روياپقا چىقىش بىلەن بىرگە، يەنە خەنزۇ تىلى، تىبەت تىلى، ئەرەب تىلى ۋە پارس - تاجىك تىللىرىدىمۇ ۋۇجۇتقا كەلگەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە خەنزۇ تىلى ۋە يېزىقىدا يېزىلغان ئەسەرلەر ئاپتورلار قوشۇنىنىڭ كۆپلىكى، ھەجىمىنىڭ جىققىلىقى، شەكلىنىڭ كۆپ خىللىقى، مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇر، ئاكتىۋاللىقى، تارىخىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ھەم ئىزچىللىقى بىلەن كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە ئالاھىدە جەلپ قىلىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ خەنزۇ تىلىدا بەدىئىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنىڭ تارىخىي ناھايىتى ئۇزۇن. ليۇسوڭ (؟ - 318)، قۇتقۇمۇگسۇن (368 - 433)، خې ليەن بوبو (؟ - 425) قاتارلىق ھون يازغۇچىلىرى خەنزۇ تىلى بىلەن بىر قاتار ئەسەرلەرنى يېزىپ چىققان. بۇلاردىن باشقا داڭلىق «چېلىڭگې» (تېلېلەر قوشىقى)نى دەسلەپكى داڭلىق ئەسەرلەر دەپ ھېسابلاشقا بولىدۇ. بۇ قوشاق جۇڭگونىڭ شىمالىي ۋېي خانلىقى زامانى (مىلادى 386 - 534 - يىللىرى)دا جۇڭگونىڭ شىمالىي رايونلىرىدا تارقالغان بولۇپ، بۇ ئەسلى ئۇيغۇرلار خەنزۇچە تارىخىي كىتابلاردا «گاۋچې - گاۋگۈي» (ئېگىز قاڭقى - ئېگىز چاقلىق ھارۋىلىقلار قوۋمى) دەپ ئاتالغان زامانلاردا تارقالغان، ئاتاغلىق ئۇيغۇر بەگزادىسى قوغۇرسۇ ئالتۇن ئۇنىڭ خەلق ئارىسىدا كەڭ تارقىلىشىدا مۇھىم رول ئوينىغان. كېيىن بۇ قوشاق خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ ھەم خەنزۇچە كىتابلاردا ساقلىنىپ قالغان. مۇشۇ دەۋردە يەنە ئۇيغۇرلاردىن قوغۇرسۇ فىگىۋ دېگەن بىر تارىخىي شەخس ياشىغان بولۇپ، ئۇ قوغۇرسۇ ئالتۇننىڭ ئوغلى ئىدى، ئۇنىڭمۇ خەنزۇچە كىتابلاردا «گې» (نلخشا) دېگەن بىر كۇپلېت نەزمىسى ساقلىنىپ قالغان.

مىلادى I ئەسىرلەردىن X ئەسىرلەرگىچە بولغان ئارىلىقتا شىنجاڭنىڭ بۇددا دىنىنى ئاساس قىلغان قەدىمكى مەدەنىيىتى زور گۈللىنىش دەۋرىگە كىردى. بۇ يىللاردا شىنجاڭدىن نەچچىلىگەن راھىب - ئۆلىمالار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك (جۇڭيۇەن) خەنزۇلار رايونىغا بېرىپ بۇددا دىنىنى تارقىتىش، دىنىي ئىلىم بويىچە مۇتالىئە قىلىش، تەرجىمە شۇناسلىق بىلەن شۇغۇللىنىش قاتارلىق بىر قاتار پائالىيەتلەرنى ئىشلىگەن. بۇ خىل ئىلمىي پائالىيەتلەر سۆزسىزكى، خەنزۇ تىلىدا يۈرگۈزۈلەتتى. ئەينى چاغلاردا شىنجاڭدىن جۇڭيۇەندىكى خەنزۇلار رايونىغا بېرىپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغانلار ئىچىدە كۇچا (كۇسەن) ئېلىدە ئۆسكەن مەشھۇر ئالىم كۇمارا جىۋا (مىلادى 344 - 413 - يىللىرى ياشىغان)، خوتەن (ئۇدۇن) ئېلىدە ئۆسكەنلەردىن ۋېيسا كۇيىچى (مىلادى 598 - 682 - يىللىرى ياشىغان)، سىكساناندا (مىلادى 652 - 710 - يىللىرى ياشىغان)، كاشغەر (سولې) ئېلىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن داڭلىق ئالىم خۇيلىن (مىلادى 737 - 820 - يىللىرى ياشىغان) قاتارلىقلار بار.

شىمالىي قۇملۇق - غوبى چۆللۈكى ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلار خەنزۇلار بىلەن خىلمۇ - خىل ئالاقىدە بولۇش نەتىجىسىدە، بەزىلەر خەنزۇ تىلىنىمۇ ئۆگەنگەن. بۇنىڭ بىر جانلىق مىسالى سۈپىتىدە مىلادى 808 - 821 - يىللىرى سەلتەنەت تەختىدە ئولتۇرغان «توققۇز ئۇيغۇر ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش ئالپ بىلگە قاغان»نىڭ شەرىپىگە ئورنىتىلغان «توققۇز ئۇيغۇر خاقانى مەڭگۇ تېشى»نى مىسال قىلىپ كۆرسىتىشكە بولىدۇ. بۇ مەڭگۇ تاش ئۈچ خىل يېزىق، ئۈچ خىل تىلدا خاتىرىلەنگەن بولۇپ، بىر تەرىپى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا، يەنە بىر تەرىپى سوغدى تىلى ۋە يېزىقىدا يېزىلغان بولسا، يەنە بىر تەرىپى خەنزۇ تىلىدا يېزىلغان. خەنزۇچە قىسمىنى ئىنانچور مۇقان تارقان دېگەن بىر ئۇيغۇر بەگزادىسى ئويۇپ چىققان. بۇ مەڭگۇ تاشنىڭ خەنزۇچە نۇسخىسى تولۇقراق ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، ئۇ قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەدەبىياتى ۋە تارىخىنى بىلىشتىكى ئەتىۋارلىق مەنبەلەردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇر ئاپتورلىرىنىڭ خەنزۇ تىلىدىكى ئەدەبىياتى قىتان (لياۋ) ۋە يۈەن سۇلالىلىرى دەۋرىدە يۈكسەك بىر تەرەققىيات باسقۇچىغا كىرگەن. چۈنكى ئۇ دەۋرلەردە نۇرغۇن ئۇيغۇرلار قىتان ۋە موڭغۇل ئوردىلىرىدا مەمۇرىي باشقۇرۇش خىزمەتلىرىگە ئىشتىراك قىلىنغان. قىتان ۋە موڭغۇللارنىڭ خەنزۇ رايونلىرىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشى سەۋەبلىك

ئوردىسىنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى بۇ ئۇيغۇرلار يەنە زور بىر بۆلۈك ئۇيغۇر ئاممىسىنى ئەگەشتۈرۈپ، خەنزۇلار رايونىغا بارغان. نەچچە ئون يىل ئارىلىشىش نەتىجىسىدە خەنزۇلارنىڭ مەدەنىيىتى، تىل - يېزىقىنى ئۆگىنىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلغان. بەزى ئۇيغۇر ئاپتورلىرى، ئالىملىرىنىڭ خەنزۇ تىلىدىكى ئىلمىي ئىجادىيەتلىرى ناھايىتى يۇقىرى سەۋىيە ياراتقان بولۇپ، ئەينى چاغدىلا ئەمەس، بەلكى كېيىنكى زامانلاردىمۇ داڭلىق خەنزۇ ئەدەبىياتشۇناسلىرىنى ھەيران قالدۇرغان.

قىتان (خەنزۇچە ھۆججەتلەردە ئۇلارنىڭ خانلىقى لياۋ سۇلالىسى دېيىلگەن بولۇپ، 907 - 1125 - يىللىرىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن)لار زامانىدا ئۆتكەن شياۋگۇمىين ۋە شياۋسېسى دېگەن ئىككى نەپەر ئۇيغۇر شائىرىسىنىڭ بەدىئىي ئىجادىيىتى قىتانلارنىڭ ئەدەبىياتىغا سالماق ھەسسىسىنى قوشقان. بۇلارنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى ئۇيغۇر خانلىقى (744 - 840 - يىللىرى ھۆكۈم سۈرگەن) زامانىدا قىتان قەبىلىلىرىنى باشقۇرغان ئۇيغۇر ئەمەلدارلىرىدىن بولۇپ، ئۇيغۇر خانلىقى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن، قىتانلار ئارىسىدا داۋاملىق قالغان ھەم ئوردىدا مەمۇرى ئىشلارنى ئىشلىگەن.

شياۋگۇەنيىن (1039 - 1075)، شياۋسېسى (؟ - 1121) ئاقسۆڭەكلەردىن بولغاچقا قىتان ئوردىسىدا خانىش بولغان، سىياسىي ئىشلارغا ئارىلاشقان. شياۋگۇەنيىننىڭ «يۈۋخولىندا پەرمان بىلەن يېزىلغانلار» (يۈۋخولىن يىگجى)، «ئۆتمۈشنى ئەسلەش» (خۇيگۇ)، «كۆڭۈل ھويلىسىغا قايتىش» (خۇيشىنيۈەن) «نامىدىن جۇدا بولماق» (جۆمىگسى) قاتارلىق شېئىرلىرى ساقلىنىپ قالغان. قىتانلار كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مىللەت بولۇپ، ئەر - ئاياللار ئوخشاشلا ئوقيا مەرگەنلىرى ئىدى. شياۋگەنيىن دائىم ئېرى، قىتان خانى ياللۇغ خوگجى (1032 - 1102) غا ھەمراھ بولۇپ، ئوۋغا چىقار ئىكەن: بىر قېتىم ئۇلار قىتانلارنىڭ ئاپىرىدە بولغان جايى يوگجوۋ ئايمىقى (ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل تەۋەسىدە)دىكى يىمۇ تېغىنىڭ بوۋخۇلىن دېگەن جايىدا ئوۋچىلىق قىلغان. ياللۇغ خوگجى ئەتراپقا قاراپ خۇشاللىقىدىن نەزمە توزۇشنى تەلەپ قىلغان. خانىش شياۋگۇەنيىن «يۈۋخولىندا پەرمان بىلەن يېزىلغانلار» دېگەن شېئىرنى نەق مەيداندا يازغان. بۇ شېئىردا قىتانلارنىڭ تەرەپ - تەرەپتە جەڭ قىلىپ، زەپەر قۇچقان، ھەر قانداق يەردە رەقىبلىرىنى مەنسىتمەيدىغان مەغرۇر قىياپىتى، سادda، ساغلام ھېسسىياتى ئىپادىلەنگەن. بۇنىڭدىن خانىشنىڭ كۆڭلى - كۆكسىنىڭ كەڭ ئىكەنلىكى ئىپادىلىنىپ قالماستىن، بەلكى خېلىلا يۇقىرى بەدىئىي ماھارىتىنىڭ بار ئىكەنلىكىمۇ كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

شياۋسېسى سىياسىي تېمىلاردا ئەسەر يازىدىغان ھەم سىياسىي ئىشلارغا كۆپ ئارىلاشقان سىياسىئون خانىش ئىدى، ئۇنىڭ «ھەجۋىيات» (فېڭ جىيەنگې) «تارىخنى كۈيلەش» (يوگشى) قاتارلىق شېئىرلىرى ساقلىنىپ قالغان.

موڭغۇللار قۇرغان يۈەن سۇلالىسى (1279 - 1368) دەۋرىدە خەنزۇلار رايونىدا ياشىغان ئۇيغۇر ئالىملىرى، جۈملىدىن شائىر، ئەدىبلەرى ناھايىتى كۆپ بولغان. ئەدىبلەر قاتارىغا مۇنۇلارنى سانايمىز. گۇەن يۈنشى، سادۇللا (سەيدۇللا)، مارۋچاڭ، شۆئاگفۇ، ليەن شىشەن، گاۋكېگوڭ، جاۋشىيەن، ماشىدى، شىن ۋېنفاڭ، شى ۋېنجى، ليەن پوكوي، چىيەن قىيا، شې يۈلى، شې جىدۇ، ئەي شەن، سەن باۋجۇ، بىيەنلۇ، تېگىن ساگيا، ليەن خېڭ، كەيلىبلىش، مارۇن شىڭ شىمىڭ، دادۇلۇ، بايان بۇقاتېگىن، بى لىشا، شاشۇمۇنۇبېڭ، ليەن دۇن، جىن ساگيا، ۋاڭ باۋجۇ، شې بەيلىياۋلاردىن ئىبارەت.

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە بەزى ئۇيغۇر تارىخشۇناسلىرى شۆھرەت قازانغان بولۇپ، بۇلاردىن ليەن خۇيشەن قىيا، ساربان، يۈچو، چولپان سالى (چوپان سارىق؟) قۇتلۇق دورمىش، ئارۇن تۆمۈر، بايان قاتارلىقلار بار. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە موڭغۇل ئوردىسىنىڭ تىل - يېزىق ۋە تەرجىمە ئىشلىرىغا زور ياردەملەرنى كۆرسەتكەن ئالىملارمۇ ئاز ئەمەس. چىڭگىزخان باش كۆتۈرۈپ چىققان زامانلاردىلا مەشھۇر ئۇيغۇر ئالىمى تاتاتۇڭانىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ئاساسىدا موڭغۇل يېزىقىنى ئىجاد قىلىپ چىققانلىقى موڭغۇللار ئارىسىدا غايەت زور ئەھمىيەتلىك ئىش بولغان ئىدى. بۇ خىل تەسىرنى يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ياشىغان يەنە بىر ئۇيغۇر يېزىقشۇناس ئالىم چوسكىخودزىر ئۈزلۈپ قويماي داۋاملاشتۇرغان. ئۇ «شېنجا» (گىراماتىكا؟) دېگەن بىر كىتاب يازغان. بۇ ئالىمنىڭ ئاساسلىق تۆھپىسى شۇكى، ئۇ تاتاتۇڭا ئىجاد قىلغان كونا موڭغۇل يېزىقىنى ئىسلاھ قىلىپ سىستېمىلاشتۇرغان، بۇ تارىختا يېڭى موڭغۇل يېزىقى دەپ ئاتالغان. چوس كىخودزىرنىڭ كىتابىدا موڭغۇل تىلىنىڭ گىراماتىكىسى بايان قىلىنغان. موڭغۇلچە ئىملا قائىدىسى ۋە تەلەپپۇزنى توغرىلاش قائىدىسى سۆزلەنگەن. بۇ كىتاب موڭغۇل تىل - يېزىق تارىخىدا يۇقىرى ئورۇنغا ئىگە بولۇپ كەلگەن. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئاغزاكى ۋە يازما تەرجىمانلىق بىلەن شۇغۇللانغان داڭلىق تەرجىمانلاردىن ئەنزاڭ (ئۇراساڭ)، بىلاناشىل (پىراجناشىرى)، كارۇناداس قاتارلىقلار بار.

بۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى روشەن مىللىي ئالاھىدىلىككە، بىر قەدەر يۇقىرى بەدىئىيلىككە ئىگە. ئۆز زامانىسىدا ياشىغان ئۇيغۇر ئەدىبلىرىنىڭ بەزىلىرى موڭغۇل ئوردىسىدا ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا ئارىلاشقان. شۇڭا ئۇلار يۇقىرى تەبىقىدىكىلەرنىڭ تۇرمۇشىنى بىلىدۇ. يەنە بەزىلىرى جەمئىيەتنىڭ تۆۋەن قاتلىمىدىمۇ ياشىغان. شۇڭا پۇقرالارنىڭ

تۇرمۇشىنىمۇ بىلىدۇ. ئۇلارنىڭ قويۇق تۇرمۇش تەسىراتى، پىشقان بەدىئى ماھارىتىنى ئىشقا سېلىپ، خەنزۇ ئەدەبىياتىنىڭ ھەر خىل ژانىر، شەكىللىرىدىن كەڭ پايدىلىنىپ، نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازغان. يۈەن دەۋرىدىكى جەمئىيەتنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىنى كەڭ ۋە چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرگەن. تۈرلۈك ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنى پاش قىلغان.

گۇەن يۈنشى (1286 ـ 1324) يۈەن سۇلالىسى دەۋرىنىڭ ئەدەبىيات مۇنبىرىدە كۆزنى قاماشتۇرىدىغان ئەدىبلەرنىڭ بىرى. ئۇنىڭ يەنە خەنزۇ خەتتاتلىقى، مۇزىكىچىلىقى، رەسساملىقى، غەزەلچىلىكى، دراماتورگىيىسى، دورىگەرلىكى ۋە تەنتەربىيىسى قاتارلىق ساھەلەردە كۆزگە ئۆرۈنەرلىك تۆھپىسى بار. بۇلاردىن باشقا مەنبەلەردە بۇددا دىنى پەلسەپىسىنى تەتقىق قىلىپ بەلگىلىك نەتىجىدە يارىتالىغانلىقى ئېيتىلىدۇ. گۇەن يۈنشىنىڭ ئەسەرلىرى يۈەن دەۋرىدىكى ئەدەبىياتشۇنىلىس ياڭ جاۋيىڭ تۈزۈپ تەھرىرلىگەن «ياڭچۈنبەيشۆ» (باھار قارلىرى) «تەيفىڭيۆفۇ» (ئەمىنلىك كۈيخانا) قاتارلىق مەجمۇئەلەرگە كىرگۈزۈلگەن. كېيىن ياڭ جاۋ يىڭ يەنە گۇەن يۈنشىنىڭ دوستى ئەدىب شۈزەيسىنىڭ ئەسەرلىرىنى قوشۇپ «سۇەن تيەن يۆفۇ» (سۇەن تيەن نەزمىلىرى يەنى چۈچۈك بىلەن تاتلىقنىڭ نەزمىلىرى)[1] دېگەن نامدا تارقاتقان. ئەينى زامانلاردا تۈزۈلگەن «يۈەن شىشۈەن» (يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى نەزمىلەردىن تاللانما) دېگەن كىتابقا 27 كۇپلېت شېئىرى كىرگۈزۈلگەن. گۇەن يۈنشىنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرىنىڭ ئېمىسى ئاكتىۋال بولۇپ، ئۆز زامانىسىدىن باشلاپلا ئەدەبىياتشۇناسلار ۋە ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرىنىڭ ئالاھىدە دىققىتىنى جەلپ قىلىپ كەلمەكتە. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن تۈزۈلۈپ كېلىنىۋاتقان ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ھەر قايسى دەرسلىكلىرىدە گۇەن يۈنشىنىڭ ھاياتىي ۋە ئىجادىيىتىگە دائىر ئۇچۇرلار تونۇشتۇرۇلدى. ھەر قايسى گېزىت ـ ژۇرناللاردا نۇرغۇن ئىلمىي ماقالىلار ئېلان قىلىندى. شۇ خويمىن، چاڭ يۈنشىڭ، ياڭ ليەن قاتارلىقلار ئۇزۇن يىل تەتقىق قىلىش ئارقىلىق «گۇەن يۈنشى زوپىن جىجۇ» (گۇەن يۈنشى ئەسەرلىرى توپلىمى ئىزاھى) دېگەن كىتابنى تۈزۈپ، 1986 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدا نەشر قىلغۇزدى. يەنە ياڭ ليەن «گۇەن يۈنشى پىڭجۈەن» (گۇەن يۈنشىنىڭ تەقرىزلىك تەرجىمھالى) دېگەن كىتابنى يازدى. بۇمۇ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1984 ـ يىلى نەشر قىلىندى. ئۇيغۇرچە گېزىت ـ ژۇرناللاردا گۇەن يۈنشى توغرىلىق ئېلان قىلىنغان ماقالىلار خېلى كۆپ. شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى 1993 ـ يىلى نەشر قىلغان ئالىي مەكتەپ دەرسلىكى «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى»نىڭ I تومىدا گۇەن يۈنشى مەخسۇس بىر پاراگرافتا تونۇشتۇرۇلغان، ھەجمى 8000 خەت ئەتراپىدا. گۇەن يۈنشىنىڭ نامى چەت ئەل ئەدەبىياتشۇناسلىرىنىڭمۇ دىققىتىنى جەلپ قىلىپ كەلمەكتە. ئامېرىكىلىق ئاتاغلىق خەنزۇشۇنىلىس بىچارد جوخۇلۇننىڭ «گۇەن يۈنشى» ناملىق كىتابى بۇنىڭ بىر مىسالى. بۇ كىتاب 1980 ـ يىلى ئامېرىكا بوستون تېخوئىن نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ «تېخوئىن دۇنيا يازغۇچىلار مەجمۇئەسى»گە كىرگۈزۈلگەن.

سادۇللا (سەيدۇللا، ؟1305 ـ ؟1355) يۈەن دەۋرىدە ئەدەبىي ئىجادىيىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان ئەدىبلەرنىڭ بىرى. ئۇنىڭ ئاتا ـ بوۋىسى ھەربىي ئىشلارغا كامىل كىشىلەردىن بولۇپ، يۈەن سۇلالىسى پادىشاھى قۇبلايخاننىڭ ئالاھىدە ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىشىگە مۇيەسسەر بولغان. سەيدۇللا ھەربىي ئىشلارغا قىزىقماي، ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ تەرەپدارى سۈپىتىدە ياشاپ ئۆتكەن. ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى ماھارىتىنى كۆرسىتىدىغان «يەن مىنجى» (يەنمىن توپلىمى) دېگەن ئەسىرى بار. سەيدۇللا ئەسەرلىرى ھەجىم جەھەتتە كۆپ بولۇش بىلەن بىرگە، مەزمۇن يېقىدىن ئېرمىن، ئۆزگىچە ئۇسلۇبقا ئىگە، جۇڭگو ئەدەبىياتىدا قەدىمدىن باشلاپلا يۇقىرى باھاغا مۇيەسسەر بولۇپ كەلگەن. نۇرغۇن ئەدىبلەر ئۇنىڭدىن ئىلھاملانغان. رېئىس ماۋزېدۇڭ ئۆزىنىڭ 4 ـ توم ئەسىرىگە كىرگۈزۈلگەن «پارە ـ پارە بولىۋاتقان ئەكسىيەتچىلەر نېمە ئۈچۈن يەنە ئومۇمىي يۈزلۈك تىنچلىق دەپ جار سالىدۇ» دېگەن ماقالىسىدا سەيدۇللانىڭ «شىتۇچىڭغا چىققاندا» ناملىق شېئىرىنى نەقىل كەلتۈرگەن. نەچچە ئون يىلدىن بېرى ئۇيغۇر ئاپتورلىرى سەيدۇللا توغرىسىدا كۆپ ئىزدىنىشلەردە بولدى. ئالىي مەكتەپ دەرسلىكى «ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى» I تومغا بۇ توغرۇلۇق 9000 خەتلىك ماتېرىيال كىرگۈزۈلدى.

ئۇيغۇر ئاپتورلىرىدىن مىڭ سۇلالىسى (1368 ـ 1644)، چىڭ سۇلالىسى (1644 ـ 1911) دەۋرلەردىمۇ خەنزۇ تىلى بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەت ئېلىپ بارغانلىرى بولغان. بۇنداقلارنىڭ ئىچىدە شې سۈن (مىڭ دەۋرىدە ياشىغانلىقى پەرەز قىلىنىدۇ)، سارۇڭ (XVI ئەسىر)، سايۇخېڭ (XVI ئەسىر)، ساچالۇن (XVI-XVII ئەسىرلەر ئارىلىقىدا ياشىغان)، سالۇڭتيەن، ساداۋېن، سادانيەن، سادازى (بۇلار XIX ئەسىردە ياشىغان) قاتارلىقلار بار.

تارىخ XX ئەسىرگە قەدەم قويغاندىن كېيىن ئۇيغۇرلارنىڭ خەنزۇلار بىلەن تېخىمۇ كەڭ ئۇچرىشىشىغا ئىمكانىيەتلەر يارىتىلدى. بۇ يىللاردا خەنزۇ ئەدەبىياتىغا تەئەللۇق كۆپلىگەن نادىر ئەسەرلەر ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىندى، ئۇيغۇر تىلىدىكى ئەسەرلەر خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىندى. بۇنداق ھادىسە ئىلگىرىكى زامانلاردا پەقەت ئاز كۆرۈلگەن.

① سۇەن ـ چۈچۈك گۇەن يۈنشىنىڭ لەقىمى، تيەن ـ تاتلىق شۈزەيسىنىڭ لەقىمى.

مۇشۇ ئەسىردە ئۇيغۇرلاردىن خەنزۇ تىلىدا ئەسەر يېزىپ زور شۆھرەت قازانغانلار ئىچىدە مەمتىمىن توختايوپ، ئابدۇكېرىم خوجا ب ، ئەكبەر غۇلام، غەيرەت ئاسىم قاتارلىقلارنى بىلىمىز. ئۇلارنىڭ قەدىمكى ئاپتورلاردىن روشەن بىر پەرقى بولار خەنزۇ تىلىدا ئەسەر يازغاندىن باشقا ئۆز ئانا تىلىدىمۇ ئەسەر يازغان.

مەمتىمىن توختايوپ 1945 ـ 1946 ـ يىللىرى قەشقەردە «قانلىق يەر» دېگەن رومانىنى يازغان. ئۇنى ئۇيغۇر تىلىدا مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلغۇزۇش ئىمكانىيىتى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىپ 1951 ـ يىلى «غەربىي شىمال ئەدەبىيات سەنئىتى» دېگەن ژۇرنالدا ئېلان قىلغۇزغان. مەخمۇدجان ئىسلامنىڭ قايتا ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىشى بىلەن بۇ رومان 1993 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى.

شائىر ئابدۇكېرىم خوجا ۋە يازغۇچى ئەكبەر غۇلاملار ئازاتلىقتىن كېيىن ھەم خەنزۇ تىلىدا، ھەم ئۇيغۇر تىلىدا بىمالال ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، يېڭى دەۋرىمىزنىڭ ئوبرازلىق كۆرۈنۈشىنى ئىككى مىللەت خەلق ئاممىسىغا كۆرسىتىپ، ياخشى باھاغا ئېرىشتى. يېقىنقى يىللاردىن بېرى بۇ سەپكە يېڭى يازغۇچى غەيرەت ئاسىممۇ قېتىلدى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇغان كىتابخان، ئەدىبنىڭ قوش تىللىق ماھارىتىگە ئاپىرىن ئېيتماي تۇرالمايدۇ.

ئۇيغۇر ئاپتورلىرىنىڭ خەنزۇ تىلىدىكى ئەسەرلىرى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا بىر كىشىلىك ئورۇنغا ئىگە، ئەپسۇسكى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتشۇناسلىق ساھەسىدە بۇ ھەقتىكى تەتقىقات دېگەندەك چوڭقۇر ئەمەس، بۇ ئەسەرلەر خەنزۇ تىلىدا يېزىلغان ئىكەن، ئۇنى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىغا قويۇپ تەتقىق قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق، دەپ قارايدىغان خاھىش ئۇزۇندىن بېرى بەزى ئەدەبىياتشۇناسلارنىڭ ئىدىيىسىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىپ كەلمەكتە. ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىكى گېپىنى ئوتتۇرىغا قويساق. مۇنداق بىر قانچە تەرەپ، يۈرەكلىك پىكىر بايان قىلىشقا توسقۇنلۇق قىلىدىغاندەك تۇرىدۇ.

بىرىنچى، ئەسەرلەردە ئىشلىتىلگەن تىل ـ يېزىق مەسىلىسى. بەزىلەر، مىللەتلەر ئەدەبىياتىنى پەرقلەندۈرۈشنىڭ مۇھىم ئاساسى مىللىي تىل ـ يېزىقتا دەپ قارايدۇ. دەرۋەقە بىر يازغۇچى ئۆز مىللىتىنىڭ تىل ـ يېزىقىنى ئىشلەتكەندە ئۆز مىللىتىنىڭ تۇرمۇشى، پائالىيەتلىرى ۋە خاراكتېر پسىخىكىسىنى تېخىمۇ چىن ھەم جانلىق ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈشى مۇمكىن. شۇنداقلا بۇنداق ئەسەرلەرنى ئۆز مىللىتىدىكىلەرنىڭ چۈشىنىشىگە ۋە قوبۇل قىلىشىغا تېخىمۇ ئاسان بولىدۇ. مىللىي تىل يېزىقنىڭ مۇھىملىقى ھەر قايسى مىللەتلەر ئەدەبىياتىنىڭ تارىخى تەرەققىياتىدا ناھايىتى تولۇق نامايان بولۇپ كەلدى.

لېكىن، بىز شۇنى تونۇپ يېتىشىمىز كېرەككى، بىر مىللەت يازغۇچىسىنىڭ باشقا بىر مىللەت تىلىدا ئەسەر يېزىشى تارىختىن بۇيان ئىزچىل داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ھادىسىلەرنىڭ بىرى. تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئەدەبىياتىدا فارابى، مەھمۇد كاشغەرىلەر ئەرەب تىلىدا، نىزامى گەنجىۋى، ئۇلۇغبېك، مىرزا ھەيدەرلەر پارس ـ تاجىك تىلىدا، چىڭغىز ئايتماتوۋ رۇس تىلىدا ئەسەرلەر يازغان. مەشھۇر پارس ـ تاجىك ئالىمى ئىبنىسىنا ئەرەب تىلىدا ئەسەر يازغان. خەنزۇ ئەدەبىياتىدا سۇ ئاماڭ دۇنيا تىلىدا ئەسەر يېزىۋاتىدۇ. جۇڭگودىكى باشقا ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرىدىن مۇڭغۇل يازغۇچىسى مالىچىنخۇ، يىزۇ يازغۇچىسى لى چياۋ، بەيزۇ شائىرى شاۋشۈ، جۇاڭ زۇ يازغۇچىسى لۇدى، خۇيزۇ يازغۇچىسى خاكۇنگۇبىلەرنىڭ ھەممىسى خەنزۇ تىل يېزىقى بىلەن ئىجاد قىلىۋاتىدۇ. دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىمۇ بۇنىڭغا ئوخشاش ئەھۋاللار ناھايىتى كۆپ. مىللەتلەر ئەدەبىياتىنى ئايرىشتىكى ئۆلچەملەر ئىچىدە تىل ـ يېزىق ئاساسىي ئورۇندا تۇرمايدۇ. ئۇ ئىككىنچى ئورۇندىكى، تولۇقلىغۇچى ئامىل بولۇپ، ھەل قىلغۇچ ئامىل ئەمەس.

ئىككىنچى، ئەسەرلەردە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن مىللىي تۇرمۇش مەسىلىسى. بەزىلەر، ئەسەرلەردە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن مىللىي تۇرمۇشنى ئەسەرنىڭ قايسى مىللەتكە تەئەللۇق ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىدىغان مۇھىم شەرت دەپ قارايدۇ.

مىللىي تۇرمۇشنىڭ مىللىي ئەدەبىياتنىڭ تۇرمۇش مەنبەسى ئىكەنلىكى ھەممىزگە ئايان، ئەمما ئۇ ھەل قىلغۇچ ئامىل ئەمەس.

بىز دۇنيا ئەدەبىياتىغا نەزەر تاشلايدىغان بولساق، بۇنداق ئەھۋاللارغا دائىم دۇچ كېلىمىز. ئەنگلىيىلىك دراماتورگ شېكسپىر بىرمۇنچە ئەسەرلىرىنىڭ ماتېرىيالىنى دانىيىدىن (مەسىلەن، «ھاملېت»نىڭ ۋەقەلىكلىرىنى) ۋە ئىتالىيىدىن (مەسىلەن «ۋېنېتسىيىلىك سودىگەر» ، «رومېو بىلەن جۇلىيېتتا» ، «ئوتېللو» لارنىڭ ۋەقەلىكلىرىنى) ئېلىپ، ئىنگلىز تىلىدا ئەسەر يازغان. ۋەھالەنكى ئەپسۇسكى ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى ھېچكىممۇ دانىيە ئەدەبىياتى، ئىتالىيە ئەدەبىياتى دەپ قارىماي، بەلكى ئەنگلىيە ئىنگلىز ئەدەبىياتى دەپ مۇئەييەنلەشتۈرگەن. روسىيىدىمۇ، پوشكىن، لېرمونتوۋلار رۇس تىلى بىلەن كاۋكازلىقلار تۇرمۇشىدىن شېئىرلارنى يازغان. لېۋ. تولستوي بىلەن گوگولمۇ ئوكرائىنا كازاكلىرىنىڭ تۇرمۇشىدىن ئېلىپ ئەسەرلەرنى يازغان.

جۇڭگو ئەدەبىياتىدا مۇنداق ئەھۋاللار ناھايىتى كۆپ. پەقەت ۋاڭ يۈخۇنى مىسالغا ئالساقلا ھەممىگە كۇپايە قىلىدۇ. ئۇ خەنزۇ تىلى بىلەن ئۇيغۇر، قازاق، خەنزۇ مىللەتلىرى تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈردى، ئەمما ۋاڭ يۈخۇ ئەسەرلىرى سۆزسىزكى خەنزۇ ئەدەبىياتىغا مەنسۇپ بولۇپ، لېۋ. تولستوي بىلەن گوگول ئەسەرلىرى رۇس ئەدەبىياتىغا مەنسۇپ

بولغاندەكلا ئىش.

ئۇنداق بولسا، ئۇيغۇرلارنىڭ خەنزۇ تىلىدىكى ئەدەبىياتى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا تەۋە بولامدۇ؟ ئۇنى پۈتۈنلەي تەۋە بولىدۇ دەپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، دېلىغول بولۇشقا بولمايدۇ. بۇ ھەقتە جۇڭگونىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقاتچىسى جاڭ يۈ ئەپەندىنىڭ مۇنۇ تەھلىلىنى ئورۇنلۇق دەپ قارايمىز:

يازغۇچىنىڭ مىللىي كېلىپ چىقىشى، ئەسەرلەردە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن مىللىي تۇرمۇش مەسىلىسى ۋە ئەسەرلەردە ئىشلىتىلگەن مىللىي تىل - يېزىق مەسىلىسى قاتارلىق جەھەتلەرنى مۇھاكىمە قىلغاندا، «بىزنىڭ قارىشىمىزچە، بۇ ئۈچ ئامىل ئىچىدە يازغۇچىنىڭ مىللىي كېلىپ چىقىشى ئەڭ مۇھىم. ھەل قىلغۇچ ئامىل؛ ئەسەرنىڭ مەلۇم بىر مىللەتنىڭ ئەدەبىياتى ئىكەنلىكى ياكى ئەمەسلىكىگە ھۆكۈم قىلىدىغان مۇھىم شەرتتۇر. يەنى مەلۇم بىر مىللەتتىن كېلىپ چىققان يازغۇچىنىڭ ئەسىرى شۇ مىللەتنىڭ ئەدەبىياتى بولىدۇ. بۇ - كەڭ ئاما ئەڭ ئاسان چۈشىنىدىغان ۋە قوبۇل قىلالايدىغان پرىنسىپتۇر. موڭغۇلدىن كېلىپ چىققان يازغۇچىنىڭ ئەسىرى - موڭغۇل ئەدەبىياتى، ئۇيغۇردىن كېلىپ چىققان يازغۇچىنىڭ ئەسىرى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ... بولىدۇ. ۋەھاكازا». ئۇ بىر قاتار تەھلىللەرنى ئېلىپ بارغاندىن كېيىن يەنە مۇنداق دەيدۇ: «يازغۇچىلارنىڭ مەلۇم بىر مىللەتتىن كېلىپ چىقىشى - ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ مەلۇم بىر مىللەتكە تەئەللۇق بولىدىغانلىقىغا ھۆكۈم قىلىشنىڭ ھەل قىلغۇچ ئامىلى؛ ئەسەردە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ۋە ئىشلىتىلگەن تىل - يېزىق مەلۇم بىر مىللىي ئەدەبىياتنىڭ قۇرۇلمىسىنىڭ مۇھىم ئامىلى، لېكىن ئەدەبىياتنىڭ مىللىي تەئەللۇقلۇقىنى ئايرىش جەھەتتە بولسا پەقەت ئىككىنچى ئورۇندىكى، تولۇقلىغۇچى ئامىلدۇركى، مۇھىم ھەل قىلغۇچ ئامىل ئەمەس. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، ئەسەرنىڭ مىللىي تەئەللۇقلۇقىنى ئايرىش جەھەتتە بىز ‹كېلىپ چىقىشى ھەممىنى ھەل قىلىدۇ نەزەرىيىسى› نى تەشەببۇس قىلىمىز. چۈنكى مۇشۇنداق قىلغاندا، ئاندىن ئاددىي، چۈشىنىشلىك، مۇۋاپىقراق ۋە ئورۇنلۇقراق بولىدۇ»①

بىزمۇ جاڭيۈ ئەپەندىنىڭ مۇشۇ كۆز قارىشىغا قوشۇلىمىز. شىنجاڭ داشۆسى نەشرىياتى 1987 - يىلى نەشر قىلغان «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخىدىن تېزىس» ۋە 1992 -، 1993 - ، 1996 - يىللىرى مەتبەئەدە بېسىپ دەرسلىك قىلىنغان «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ قىسقىچە تارىخى»، «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى» ناملىق تۆت پارچە كىتابىمدا ۋە مائارىپ نەشرىياتى 1993 - يىلى نەشر قىلغان «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى»دا ھەر قايسى تارىخىي دەۋرلەردە خەنزۇ تىلىدا ئەسەر يازغان ئۇيغۇر ئەدىبلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى ئالاھىدە تونۇشتۇرۇپ، ئەسەرلىرىنى تەھلىل قىلىپ كۆرسەتتىم. مەن نېمە ئۈچۈن يازغۇچىنىڭ كېلىپ چىقىشى ئەدەبىياتنىڭ مىللىي پەرقىنى ئايرىشنىڭ بىرىنچى ئۆلچىمى بولۇشى كېرەك، دېگەن نۇقتىئىنەزەرنى قۇۋۋەتلەيمەن. شۇ نەرسە ئېنىقكى، تىل يېزىقنى بىرىنچى ئۆلچەم قىلىپ ئالساق، بۇنى قوبۇل قىلىدىغانلارنى تېپىش ئۈچۈن جاپانى يەتكۈچە تارتىمىز؛ ئەسەردە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن مىللىي تۇرمۇش مەسىلىسىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويساق، غەۋغا پەلەككە يېتىپ، بېسىقتۇرۇش تەسكە توختايدۇ. ئۈچىلا نۇقتىئىنەزەرنى تەڭ ئۆلچەم قىلىلى دېسەك، بىزنىڭ كۆز قارىشىمىزنى پەلسەپە ۋە لوگىكا يەنى بويىچە ئىسپاتلىغىلى بولماي قالىدۇ. ئۇنىمۇ ئۆلچەم قىلمىساق، بۇنىمۇ ئۆلچەم قىلمىساق، بىزدە بىر ئىلمىي ئادەمنىڭ ئالاھىدىلىكى كۆرۈلمەيدۇ. مۇرەككەپ زىددىيەت ئالدىدا ئىقتىدارسىزلىقىمىز مانا مەن دەپ چىقىپ قالىدۇ. بىزدە بىر ئىزدىنىش، چىگىش مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا جۈرئەت قىلىش جاسارىتى بولۇشى لازىم، بىزنى تەمتىرىتىپ تۇرغان بۇ مۇرەككەپ زىددىيەتنى ھەل قىلىش ئۈچۈن قانداق قىلىش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىشنىڭ ئاچقۇچى بولغان ماركسىزملىق پەلسەپىگە مۇراجىئەت قىلىمىز. پەلسەپە قوللانمىلىرىدا «زىددىيەت ۋە ئاساسىي بولمىغان زىددىيەت» دېگەن بىر كاتېگورىيە بولۇپ، دەل بۇ بىز مۇھاكىمە قىلماقچى بولغان تېمىنى چۈشىنىشىمىزگە ياردەم بېرىدۇ. «پەلسەپە ئاتالغۇلىرىغا ئىزاھات» دېگەن كىتابتا مۇنداق دېيىلگەن: «ئاساسىي زىددىيەت مۇرەككەپ شەيئىلەرنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا يېتەكچى ۋە ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغان زىددىيەت. ئاساسىي بولمىغان زىددىيەت يەنى ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان زىددىيەت - ئىككىنچى ئورۇندا ۋە بويسۇنغۇچى ئورۇندا تۇرىدىغان زىددىيەت».

مۇرەككەپ شەيئىلەرنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا، كۆپىنچە نۇرغۇن زىددىيەتلەر بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. بۇ زىددىيەتلەر تەرەققىيات جەريانىدا تەڭ - تەكشى بولمايدۇ. ئۇ شەيئىلەر تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىگە نىسبەتەن يېتەكچى ۋە ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. ئۇنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە راۋاجلىنىشى ئاساسىي بولمىغان باشقا زىددىيەتلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە راۋاجلىنىشىنى بەلگىلەيدۇ، ياكى شۇنداق بولۇشىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئۇ شەيئىلەر تەرەققىياتىنىڭ يۆنىلىشىنى، خاراكتېرىنى، يولىنى بەلگىلەيدۇ. ئۇ زىددىيەتنىڭ تۈگۈنى، مەسىلىنى ھەل

① «مىللەتلەر ئەدەبىياتى توغرىسىدا تەقرىزلەر» خەنزۇچە نەشرى، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1988-يىلى.

قىلىشنىڭ ئاچقۇچى» .① شۇڭا رەئىس ماۋزېدوڭ بۇ مەسىلە ئۈستىدە توختالغاندا، مۇنداق تەكىتلەپ كۆرسەتكەن: «ھەر قانداق جەرياننى تەتقىق قىلغاندا، ئەگەر ئۇ، ئىككىدىن ئوشۇق زىددىيەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇرەككەپ جەريان بولىدىكەن، ئۇنىڭدىكى ئاساسىي زىددىيەتنى پۈتۈن كۈچ بىلەن تېپىپ چىقىش كېرەك. بۇ ئاساسىي زىددىيەت تۇتۇۋېلىنسا، بارلىق مەسىلىلەر ئاسانلا ھەل بولۇپ كېتىدۇ» . «بۇ ئۇسۇلنى چۈشەنمىگەندە، نەتىجىدە خۇددى تۇتەك ئىچىدە قالغاندەك، مەسىلىنىڭ مەركىزىنى تاپقىلى بولمايدۇ، شۇڭا زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىشنىڭ ئۇسۇلىنىمۇ تاپقىلى بولمايدۇ»②

دېمەك، بىز ئۇيغۇرلارنىڭ خەنزۇ تىلىدىكى ئەدەبىياتىنى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا تەۋە دەپ ئېيتىشتىن ئىلگىرى دۇچ كېلىدىغان بىر قاتار زىددىيەتلەر ئىچىدە بىرىنىڭ ئاساسىي زىددىيەت بولىدىغانلىقى ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەت، چوقۇم بۇنى ئېنىق تونۇپ يېتىشىمىز كېرەك. جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردىكى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئاپتورلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئۆگەنگەن، تەتقىق قىلغان ھەم مىللىي تەۋەلىكىنى بېكىتكەن ئەھۋالغا ئاساسەن، يازغۇچىنىڭ كېلىپ چىقىشىدىن ئىبارەت بۇ ئاساسىي زىددىيەتنى تۇتقا قىلىپ قوشۇمچە زىددىيەتلەرنى بىر تەرەپ قىلساق، ئىشىمىز ئوڭۇشلۇق بولىدۇ. بىز مۇشۇ ئەندىزە بويىچە، تارىختا ياشاپ ئۆتكەن بارلىق ئۇيغۇر ئاپتورلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى چوڭقۇر ۋە ئەستايىدىل تەتقىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى بىر كىشىلىك ئورنىنى تىكلىشىمىز لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى مۇكەممەل يورىتىلىدۇ. ئەجدادلارنىڭ ئەمگىكى تېگىشلىك ھۆرمەتكە ئېرىشىدۇ. يۈزىمىز يورۇق بولىدۇ. ئىشلىرىمىزدىن ئەۋلادلار رازى بولىدۇ.

شەيئىلەرنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا، ئاساسىي زىددىيەت بىلەن ئاساسىي بولمىغان زىددىيەت مۇقىم ۋە ئۆزگەرمەس بولمايدۇ. بەزى ئاساسىي زىددىيەت مەلۇم مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن قوشۇمچە زىددىيەتكە ئايلىنىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. بىز زىددىيەتلەرنىڭ مۇشۇنداق بىر بىرىگە ئايلىنىشىغا ئۆز ۋاقتىدا ئەھمىيەت بېرىپ ۋە ئۇنى ئالدىن بايقاپ، يېڭى كۆز قاراش، نەزەرىيىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشىمىز، شۇ ئارقىلىق يېڭى مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرىشىمىز لازىم.

مىللىي ئەدەبىياتنىڭ تەۋەلىكى مەسىلىسىدە يۇقىرىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئۈچ خىل مەسىلىگە قانائەتلىنەرلىك جاۋاب ئىزدىگەن چېغىمىزدا، بۇنىڭغا گۇمان بىلەن قارايدىغان بەزى مىللىي ئىنكارچىلار (نىگىلىزىمچىلار) نىڭ كۆڭلىدە يەنە بىر پىكىرنىڭ ساقلىنىپ قالىدىغانلىقى، ئۇنى كۆڭلەرنىڭ بىرىدە ئوتتۇرىغا چىقىرىدىغانلىقىنى پەملەپ، ئۇنىڭغىمۇ جاۋاب بېرىش لازىم دەپ قارايمەن. بىرى، مىللىي ئالاھىدىلىكنىڭ ئەسەردە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئەكس ئەتتۈرۈلمىگەنلىكى ئەدەبىياتنىڭ مىللىي تەۋەلىكىنى ئايرىشتىكى ئۆلچەملەرنىڭ بىرى بولۇشى كېرەك، دېگەندىن ئىبارەت. بۇ يۇقىرىدىكى ئۈچ مەسىلە بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا، قايتا مۇھاكىمە قىلىش ھاجەتسىز دەپ ھېسابلانسا بولىدۇ. تەكرار بولۇپ كەتتى دېيىلمىسە، شۇنى قوشۇمچە قىلىشقا بولىدۇكى، داڭلىق يازغۇچى ۋاڭ مىڭ ئۇيغۇر تىل - يېزىقىنى ئۆگىنىپ، ئۇيغۇر تۇرمۇشىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، ئۇيغۇر تۇرمۇشىنى تېما قىلغان نەچچە ئونلىغان يېرىك ھېكايىلەرنى خەنزۇ تىلىدا ئېلان قىلدى. ۋاڭ بۇخۇمۇ ئۇيغۇر تۇرمۇشىغا مۇناسىۋەتلىك بىر مۇنچە ئەسەرنى يورۇقلۇققا چىقاردى. بۇلاردا ئۇيغۇر تۇرمۇشىدىكى مىللىي ئالاھىدىلىك ئەكس ئەتمەي قېلىشى مۇمكىن ئەمەس. بۇنداق ئەھۋاللارنى چەت ئەل ئەدەبىياتىدىن نۇرغۇن ئۇچرىتالايمىز. بۇنىڭدىكى خۇلاسىنى كىتابخانلار ئۆزلىرى ئوڭايلا چىقىرىۋالالايدۇ.

يەنە بىر مەسىلە. ئەسەرلەرنىڭ تەسىرى مىللىي ئەدەبىياتنىڭ تەئەللۇقلىقىنى پەرقلەندۈرۈشنىڭ مۇھىم شەرتلىرىدىن بىرى بولۇشى كېرەك، دېيىشتىن ئىبارەت. بۇنىڭغا شۇنداق جاۋاب بېرىشكە بولىدۇكى، بۇ ھەل قىلغۇچ شەرت ئەمەس. نېمە ئۈچۈن شۇنداق دەپ قارايمىز، شۇ نەرسە چۈشىنىشلىككى، دۇنيادىكى ھەر قايسى خەلقلەرنىڭ تارىخىنىڭ مۇرەككەپلىكى، دەۋر دولقۇنلىرىنىڭ دەھشەتلىكلىكى تۈپەيلىدىن، قەدىمكى ئەجدادلىرى ياراتقان مەدەنىيەت يادنامىلىرىدىن ئىزچىل زوقلىنىپ تۇرىشى، بەھرىمەن بولۇشى ھەمدە ۋارىسلىق قىلىپ كېلىشى ناھايىتى ئاز كۆرۈلگەن، ھەتتا پەقەتلا بولمىغانلىرىمۇ بار. مەسىلەن، شىنجاڭنىڭ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالىنى ئېلىپ ئېيتساق، بۇنىڭغا قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بېرەلمەيمىز. تارىم ئويمانلىقى بۈگۈنكى دۇنيادا مۇھىم بىر مەدەنىيەت يەر ئاستى ئامبىرى دەپ قارىلىپ كېلىنمەكتە. يېقىنقى يۈز يىلدىن بېرى ئارخېئولوگىيىلىك قېدىرىشتا، نۇرغۇنلىغان ئاسارە - ئەتىقىلەر قېزىۋېلىندى. بۇلارنىڭ ئىچىدە بەرلىرى 5000 - 6000 يىللار ئىلگىرىكى زامانلارغا مەنسۇپ بولۇپ، شۇلارنىڭ يەر ئاستىغا چۈشكەن زامانى بىلەن قېزىۋېلىنغان بۈگۈنكى كۈنىگىچىلىك بولغان ئارىلىقتا، ئۇنى كۆرگەن ئادەملەرنى بىز بىلەلمەيمىز. كۆرگەن ئادەم يوق ئىكەن، ۋارىسلىق قىلغان، تەسىرى ئۆتكەن دېيەلمەيمىز. ئەمما، بۈگۈنكى كۈندە، بۇ قىممەتلىك يادىكارلىقلار تەتقىق

① شۇ كىتاب، I توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1984 - يىلى نەشرى، 294-، 295-بەتلەر.

② «ماۋزېدوڭ تاللانما ئەسەرلىرى» ، I توم، 604 - بەت، ئۇيغۇرچە كونا يېزىق نەشرى.

قىلىنىپ، شىنجاڭنىڭ قەدىمكى زامان مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىشكە ئۆزىنىڭ غايەت زور رولىنى جارى قىلدۇرماقتا.

ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئورقۇن مەڭگۈ تاشلىرى ۋە «مايتىرى سىمىت» دراممىلىرىنىڭ قىسمەتلىرىنىمۇ قىسقىچە سۆزلەپ ئۆتۈشنىڭ زۆرۈرىيىتى چوڭ. ئۇيغۇرلار تۈرك خانلىقى (552 - 740) ۋە ئۇيغۇر خانلىقى (740 - 840) دەۋرلىرىدە شانلىق ئەدەبىيات يارىتىپ، ئۇلارنى يوغان مەرمەر تاشلارغا ئويۇپ خاتىرىلەپ قويغان. ئۇ دەۋرىدە ئۇنىڭ تەسىرى چوڭقۇر بولغانلىقىدا شۈبھە يوق. ئەپسۇسكى زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ مەڭگۈ تاشلارنى بىلىدىغان، خېتىنى ئوقۇيالايدىغان ئادەملەر قالمىغان. ئۇنىڭ قانداق تەسىرىنىڭ بولغانلىقىنىمۇ مۆلچەرلەش تەس. مەڭگۈ تاشلار تىكلىنىپ ئارىدىن ئاز كەم 1000 يىل ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، XVII ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغا كەلگەندە، ئىلىم دۇنياسى مۇشۇنداق بىر مەڭگۈ تاشلارنىڭ بارلىقىدىن خەۋەر تاپتى. 1730 - يىلى شۋېتسىيىلىك سترالېنبېرگ مۇڭغۇل دالىسىدا سۈرگۈندە تۇرۇپ قايتقاندىن كېيىن، ستوكھولمدا «ياۋروپا ۋە ئاسىيانىڭ شىمالىي قىسمى ۋە شەرقىي قىسمى» دېگەن كىتابىنى نەشر قىلدۇرۇپ، شۇ كىتاب ئارقىلىق يەنسەي دەرياسى ۋادىسىدىن بايقالغان بىر تۈركۈم مەڭگۈ تاشلارنىڭ رەسىملىرىنى ئىلاۋە قىلدى. 1893 - يىلى 12 - ئاينىڭ 15 - كۈنى مەشھۇر ئالىم تومسېن دانىيە پادشاھلىق ئاكادېمىيىسىنىڭ مەجلىسىدە ئۆزىنىڭ مەڭگۈ تاشلارغا پۈتۈلگەن قەدىمكى تۈرك يېزىقىنى غەلىبىلىك ھالدا يېشىپ ئوقۇغانلىقىنىڭ جەريانىنى دوكلات قىلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ، كىشىلەر، جۈملىدىن تۈركىي تىللىق خەلقلەر، ئۇيغۇرلار ئۆز ئەجدادلىرىنىڭ 1300 يىللار بۇرۇن يازما ئەدەبىياتىنىڭ بارلىقىدىن خەۋەردار بولۇپ، ئۇنى تەتقىق قىلىشقا، ئەدەبىيات تارىخىنىڭ مۇقەددىمىسىگە كىرگۈزۈشكە تۇتۇندى. «مايتىرى سىمىت» ھەققىدىكى بايانلارمۇ قىزىقارلىق. ھازىر ئىلىم دۇنياسى ئۇنى 27 پەردىلىك دراما دەپ قارىغان بۇ داڭلىق ئەسەردىن كەڭ ئۇيغۇرلار ئاممىسى تېخى نەچچە ئون يىللار ئىلگىرى خەۋەرسىز ئىدى. چەت ئەللەردە پارچە - پۇرات نۇسخىلىرى ئېلان قىلىنغان بولۇپ، بۇلارنى چەت ئەل ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى شىنجاڭدىكى ئادەم كۆرمەيدىغان، ئادەم بارمايدىغان قەدىمكى ئىبادەتخانا خارابىلىرى، قەدىمكى ئىز خارابىلىرىدىن تېپىۋېلىپ، ئېلىپ كەتكەن. ئۇنىڭ بىر قەدەر مۇكەممەل نۇسخىسى قۇمۇلدىن تېپىلغان. ئۇنى 1959 - يىلى قۇمۇلدىكى يەھيا رەھىم دېگەن بىر چارۋىچى چارۋا بېقىۋېتىپ، كىگىزگە ئورالغان ھالدا بىر قارىغايلىق ئېدىردىن تېپىۋالغان. 1980 - يىللاردىن كېيىن ش ئۇ ئا ر مۇزېيىدىكى ئىسرائىل يۈسۈپ، ئابدۇقەييۇم خوجا، دولقۇن قەمبىرى قاتارلىق ئىلمىي خادىملار تەتقىق قىلىپ، ئۇنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى تەرجىمىسىنى ئىشلەپ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1988 - يىلى نەشر قىلغۇزدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇيغۇرلار بىر قانچە يۈز يىل ئىلگىرى ئىشلىتىپ ئىستېمالدىن قالغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن يېزىلغان بۇ ئەسەردىن بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇرلىرى خەۋەر تېپىپ، ئۇنىڭ بەدىئىي تەسىرىنى قوبۇل قىلىشقا باشلىدى. بۇنداق مىساللارنى جۇڭگودىكى باشقا مىللەتلەر ئەدەبىياتىدىن، چەت ئەل ئەدەبىياتىدىن كۆپلەپ ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

بۇلاردىن شۇ نەرسە بىلىنىدۇكى، بىر مىللەتنىڭ قەدىمكى زامان ئەدەبىياتىدا يارىتىلغان ئەسەرلىرىنىڭ ھەممىسى ئۆزىدىن كېيىن يارىتىلغان ئەسەرلەرگە ئۆزىنىڭ تەسىرىنى ئۆتكۈزىدۇ دېيىش تارىخىي پاكىتلارغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. بەزى ئەسەرلەر ئىز - دېرەكسىز يوقىلىپ كېتىپ نۇرغۇن ئەسىرلەر ئۆتكەندىن كېيىن، قايتىدىن بايقىلىپ، ئەتىۋارلىنىپ، تەتقىق قىلىنىپ، ئوتتۇرىغا چىقىرىلىشى ئەجەپلىنەرلىك ئەمەس. بۇنىڭلىق بىلەن، بۇ يادىكارلىقنى باشقىلارغا بېرىۋېتىشكە ياكى تەتقىق قىلىپ، ۋارىسلىق قىلماسلىققا بولمايدۇ.

نۆۋەتتە، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى، ھازىرقى ۋە بۈگۈنكى ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلىش بويىچە خىزمەتلەر ياخشى ئىشلىنىۋاتىدۇ. بۇ پۈتۈن ئۇيغۇر مىللىتىنى خۇشال قىلىپ قالماستىن، بەلكى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشقا، قوغدىشقا، قۇتقۇزۇۋېلىشقا يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى خەلقئالەم ئالدىدا نامايان قىلماقتا. مۇشۇنداق پايدىلىق ۋەزىيەتنى ئوبدان ئىگىلەپ، ئۇيغۇر تىل - يېزىقىدا يېزىلغان كلاسسىك ئەسەرلەرنى تەتقىق قىلىش بىلەن بىرگە، ئۇيغۇر ئاپتورلىرىنىڭ خەنزۇ تىلىدا يازغان ئەسەرلىرى تەتقىقاتىنىمۇ قولغا ئېلىپ، ياخشى ئىشلەشنىڭ تارىخىي ۋە رېئال ئەھمىيىتى ناھايىتى چوڭ. بىز بۇ مەسىلىدە ئىككىلىنىشنى، دىلىغۇل بولۇش خاھىشىنى تاشلىشىمىز كېرەك. ئۇيغۇر ئەدەبىياتشۇناسلىق ئىلمىي ئۇيغۇر ئاپتورلىرىنىڭ ئۇيغۇر، خەنزۇ، ئەرەب، پارس تىللىرىدا ياراتقان ئەسەرلىرىگە ئورتاق قارىتىلغاندىلا مۇكەممەل ئىلىم بولۇپ شەكىللىنەلەيدۇ. «ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى»مۇ بۇ خىل تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالالىغاندا، تولۇق، مۇپەسسەل ئەدەبىيات تارىخى بولۇپ، ئۆزىنىڭ قىممىتىنى ئۇزۇن يىللارغىچە ساقلاپ قالالايدۇ.

خۇلاسە شۇكى، ئۇيغۇرلارنىڭ خەنزۇ تىلىدىكى ئەدەبىياتى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا بىر كىشىلىك ئورۇنغا ئىگە!

# قۇمۇل خەلق قوشاقلىرىنىڭ تەتقىقات قىممىتى توغرىسىدا

پەرىدە ھامۇت

قۇمۇل خەلق قوشاقلىرىنى قۇمۇل خەلقىنىڭ تارىخىي مەدەنىيەت مەنزىرىسىنى كۆرسىتىدىغان غۇبارسىز ئەينەك، خەلق ئىجادىيىتى گۈلزارىدىكى ئەڭ جۇلالىق گۈل دېسەك، ئانچە مۇبالىغە بولمايدۇ. چۈنكى، خەلقىمىزنىڭ كۆپ ئەسىرلىك ئىجادىيەت مېۋىسى بولغان قۇمۇل خەلق قوشاقلىرى تىل ئالاھىدىلىكى، يەرلىك ھەم قەدىمىي تۈسىنىڭ قويۇقلۇقى، مەزمۇن دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى بىلەن خەلقىمىزنىڭ تارىخىي، مەدەنىي ھاياتى، ئۆرپ - ئادەتلىرى، قىسمىتى، تارىخىي مەدەنىيەت مەنزىرىسىنى ئەكس ئەتتۈرسە، مول بەدىئىي تەسەۋۋۇرى، ئىپادىلەش ۋاسىتىلىرىنىڭ نەپىسلىكى ھەم يۇقىرى ستىلىستىك ئۈنۈمى بىلەن ئېغىز ئەدەبىياتىمىزدا، خۇسۇسەن، قوشاقچىلىقىمىزدا ئالاھىدە ئورۇن تۇتۇپ، ئۈلگىلىك رول ئويناپ كەلدى.

قۇمۇل خەلق قوشاقلىرى بولۇپمۇ تىل جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرى ۋە تارىخىي يوسۇندا شەكىللەنگەن بىر مۇنچە ئۆرپ - ئادەتلىرىمىزنى ئەكس ئەتتۈرىدىغانلىقى بىلەن ئالاھىدە خاراكتېرلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن، قۇمۇل خەلق قوشاقلىرىنىڭ مۇشۇ ئالاھىدىلىكلىرى ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىش ئارقىلىق، ئۇنىڭ تەتقىقات قىممىتىنى قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتىمىز.

## بىرىنچى، تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن ئېلىپ بېرىلىدىغان تەتقىقاتلار

قۇمۇل خەلق قوشاقلىرىنىڭ تىل جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرى ئالدى بىلەن ئۇنىڭدا قەدىمكى تىل تەركىبلىرىنىڭ ۋە قۇمۇل شىۋىسىگە خاس سۆزلەرنىڭ بىر قەدەر كۆپلۈكى، شۇنداقلا، بەدىئىي تىل ۋاسىتىلىرىنىڭ خىلمۇ - خىللىقى ھەم ئۈنۈملۈك قوللىنىلغانلىقى جەھەتلەردە گەۋدىلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن، تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن ئېلىپ بېرىلىدىغان تەتقىقاتلارمۇ ئەلۋەتتە، تارىخىي تىلشۇناسلىق، دىئالېكتولوگىيە ۋە ستىلىستىكا تەتقىقاتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

تارىخىي تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن قارىغاندا، قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ تىلى خۇددى بۈيۈك ئالىم مەھمۇد قەشقەرى كۆرسىتىپ ئۆتكىنىدەك، «... ئىلى، ئېرتىش، يامار ۋە ئەتىل ۋادىلىرىدىن ئۇيغۇر شەھەرلىرىگىچە بولغان جايلاردا ياشىغۇچى خەلقلەرنىڭ تىللىرى ...» ئىچىدىكى شەرقىي قىسمىدىكى خەلقلەر تىلى، يەنى قەدىمكى كۆك تۈرك ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ داۋامى ۋە راۋاجى بولغان، شەرق ئۇيغۇرلىرىنىڭ تىلىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان، ئۇيغۇر تىلىنىڭ دىئالېكت - شىۋىلىرى ئىچىدە «ئانا تىل» ئىزچىللىقىنى ناھايىتى كۆپ ساقلاپ كەلگەن تىل ئىكەنلىكىدە شەك يوق. بۇ نۇقتىنى باشقا دىئالېكت - شىۋىلەردە ئۇچرىمايدىغان، پەقەت قۇمۇل شىۋىسى ۋە قۇمۇل خەلق قوشاقلىرىدا ساقلىنىپ قالغان قەدىمكى تىل تەركىبلىرى ئارقىلىقمۇ قىسمەن دەلىللىگىلى بولىدۇ. ئالايلۇق:

ھوگىلار[1] تۇتۇلۇپ قاپتۇ،
يادا ياغاي دېمىدىكىن.
كۆكۈللەر دەگدىمەپ[2] تۇرۇپتۇ،

يارىم كېلەي دېمىدىكىن.
ئۇندا يارىم كېلىدۇ،
توققۇز داۋانلارنى داۋاپ.
ئاي يۈزىگە توغ قونۇپتۇ،
يامان ئاتلارنى ساۋاپ.

ئاشىقلىقنىڭ يولىدا،
ئۆلگەن يىگىتنى كىم يۇغاي؟
تالىدىن تاۋۇت ياساپ،
ئۇجماق سۈيى بىلەن يۇغاي.

---

① ھوگا: «ھاۋا» سۆزىنىڭ قۇمۇل شىۋىسىدىكى ۋارىيانتى.
② دەگدىمەك: قۇمۇل شىۋىسىدە «ئەنسىرىمەك» دېگەن مەنىدە.

ئاق ـ ئاقىنە تىشلىرى دىلنى دارادۇ،[1]
ئەرنلىرىنىڭ تاتلىقلىقى تىلنى يارادۇ.
قاشلىرى قازى بولۇپ يۈرتنى سورايدۇ،
كىرپىكلىرى جىلۋە قىلىپ جاننى ئالادۇ.

مانا بۇ قوشاقلاردىكى «يادا» (يالغۇز)، «توغ» (چاڭ ـ توزاڭ)، «ئۇجماق» (بىھىش، جەننەت) «ئەرن» (كالپۇك، لەۋ) دېگەن سۆزلەر قۇمۇل خەلق قوشاقلىرىدا ساقلىنىپ قالغان قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى سۆزلىرىدۇر. بۇنداق مىساللارنى يەنە كۆپلەپ كۆرسىتىشكە بولىدۇ.

قۇمۇل خەلق قوشاقلىرىدا قەدىمكى تىل تەركىبلىرىنىڭ بىر قەدەر كۆپ ساقلىنىشى، ئەلۋەتتە، بۇ قوشاقلارنىڭ ئەسىرلەر بويى ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا ئۆتۈپ كېلىۋاتقانلىقى، قۇمۇل ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئېتنىك مەنبەسى، ئۇلار ياشىغان تارىخىي ـ ئىجتىمائىي شارائىت ۋە تەبىئىي مۇھىت بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىكتۇر.

ئالايلۇق، قۇمۇل رايونى شىنجاڭنىڭ ئەڭ شەرقىغە جايلاشقان، غەربىي رايون مەدەنىيىتى بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتى، شەرقىي ئالتاي خەلقلىرى مەدەنىيىتى بىلەن غەربىي ئالتاي خەلقلىرى مەدەنىيىتىنى تۇتاشتۇرىدىغان مۇھىم تۈگۈن. شۇنداقلا، قۇمۇل خەلقى ئۇيغۇرلار ئىچىدە ئىسلام دىنىنى ئەڭ كېيىن قوبۇل قىلغان، ئىسلام مەدەنىيىتى تەسىرىگە ئەڭ كېيىن ئۇچرىغان ۋە بۇ دىنىنىڭ تەسىرىگە ئەڭ كۆپ ئۇچرىغان خەلق. مانا مۇشۇنداق ئالاھىدە جۇغراپىيىلىك شارائىت ۋە ئىجتىمائىي مۇھىت ئۇلارنىڭ قەدىمكى ئالتاي ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئامىللىرىنى، جۈملىدىن، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ئامىللىرىنى كۆپرەك ساقلاپ قېلىشىغا ئىمكان بەرگەن. ئېتنىك جەھەتتىن ئالغاندا، قۇمۇل ئۇيغۇرلىرى تەركىبىدە پۈتكۈل ئۇيغۇر مىللىتىنى شەكىللەندۈرگۈچى ئەڭ ئاساسلىق ئېتنىك تەركىبلەردىن بولغان قارلۇقلارمۇ بولغان. بۇ نۇقتىنى «قارلۇق» ئاتالغۇسىنىڭ تۆۋەندىكىدەك قوشاقلاردا ئۇچرىشى، قۇمۇلدا «قارلۇق غول»، «قارلۇق مەھەللىسى»، «قارلۇق دۆڭ»، «قارلۇق كارىز» دېگەندەك يەر ـ نامىلىرىنىڭ ساقلىنىپ قالغانلىقى ۋە «قارلۇق» سۆزىنى بەزى جەمەتلەر (مەسىلەن، «قارلۇق ئىسھاق»، «قارلۇق توختىنىياز») ھازىرغا قەدەر فامىلە ئورنىدا قوللىنىپ كېلىۋاتقانلىقى مەلۇم دەرىجىدە دەلىللىسە كېرەك.

مەسىلەن:

قارلۇقۇم قارلىق سايان،
سەگۈنچىكى[2] سەرۋەك سايان،
زامانىنىڭ دۇشقارىدا،[3]
سەن بىر سايان، مەن بىر سايان.

ئومۇمەن، قۇمۇل خەلق قوشاقلىرىنى تارىخىي تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن تەتقىق قىلىش ياللۇز قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ تارىخىي ئورنىنى، قۇمۇل شىۋىسى بىلەن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ۋارىسلىق مۇناسىۋىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇشتا ئەھمىيەتلىك بولۇپلا قالماي، قۇمۇل خەلق قوشاقلىرىدا ساقلىنىپ قالغان قەدىمكى تىل تەركىبلىرىنى، بولۇپمۇ لېكسىكلىق تەركىبلەرنى قېزىپ چىقىپ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى لۇغەت تەركىبىنى بېيىتىش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشتىمۇ مۇھىم ئەمەلىي ئەھمىيەتكە ئىگە. شۇنداقلا، تىلىمىزدىكى بىر قىسىم سۆزلەرنىڭ ئېتىمولوگىيىسىنى ئېنىقلىۋېلىشقىمۇ ئىمكانىيەت يارىتىلى بولىدۇ.

ئالايلۇق،

ئاغۋاقارلار بويۇن تولاپ (تولغاپ)
كۈنگە قارىشۇر.
بىزنىڭ يارلار بويۇن تولاپ،
جوگان مارىشۇر.

مانا بۇ قوشاقتىكى «ئاغۋاقار» سۆزى دىققىتىمىزنى تارتماي قالمىسا كېرەك. چۈنكى بۇ سۆزنىڭ ئېتىمولوگىيىسىنى بەزى تىلشۇناسلار «ئايغا باقار» دەپ ئىزاھلىسا، بەزىلەر «ئېغىپ باقار» دەپ ئىزاھلاپ كەلدى.

مەلۇمكى، مۇشۇ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدا ف. كۆمرگىچ، بارنېتون، مار قاتارلىق غەرب تىلشۇناسلىرىنىڭ تىللارنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىرى توغرىسىدىكى نەزەرىيە ـ تەلىماتلىرى تۈركىيە تىلشۇناسلىرىغا بىۋاستە ھەم ۋاستىلىك ھالدا ناھايىتى زور تەسىر كۆرسەتكەن ئىدى. بۇنىڭ بىلەن، بولۇپمۇ مار ئوتتۇرىغا قويغان «دۇنيادىكى بارلىق تىللارنىڭ مەنبەسى بىر نەچچە سۆز يىلتىزىدىنلا ئىبارەت» دېگەن تەلىماتنىڭ تەسىرى بىلەن، 1936 ـ يىلى تۈركىيىدە بىر مەزگىل راسا داغدۇغا پەيدا قىلغان «GünesDI Teorisi»، يەنى «قۇياش

---

① دارلىماق: قۇمۇل شىۋىسىدە «مەپتۇن قىلماق، تارتماق» دېگەن مەنىلەردە.
② سەگۈنچەك: چاچقا ئاسىدىغان زىننەت بۇيۇمى.
③ دۇشقار: قىيىنچىلىق.

تىل نەزەرىيىسى » ① مەيدانغا چىقتى. بۇ نەزەرىيىنىڭ
تەرغىباتچىلىرى «قۇياش ـ پۈتكۈل يەر شارىدىكى ئەڭ
ئىپتىدائىي ئىنسانلار ئەڭ دەسلەپتە تونۇغان ئوبيېكت،
ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى چۈشەنچىلىد-
رىنىڭ ھەممىسى قۇياشنى تونۇش ئارقىلىق بارلىققا كەل-
گەن ۋە قۇياش ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن②» دەپ قارىدى
ۋە ئىنسانلارنىڭ ئوبيېكتىپ دۇنيانى بىلىش تەرتىپىنى
تۆۋەندىكىچە كۆرسەتتى:

1، قۇياش؛ 2، قۇياش نۇرى ۋە يورۇقلۇق؛ 3،
ئاپتاپ، ئىسسىقلىق؛ 4، ئوت؛ 5، ئىگىز، چوڭ، كۈچلۈك،
كۈچ ـ قۇدرەت، ئاسلىس، تەڭرى، ئىگەم؛ 6، ھەرىكەت،
ھاياتلىق، ۋاقىت، ئارىلىق، بېمەكلىك، ئۆسۈش، چوڭى-
يىش؛ 7، رەڭ، سۇ؛ 8، قاراڭغۇلۇق، زېمىن، تۇپراق؛ 9،
ئاۋاز، سۆز ......

قىسقىسى، بۇ نەزەرىيە ئىنسانلارنىڭ بىلىش پائالى-
يەتلىرىنى قۇياش بىلەن مۇناسىۋەتلەشتۈرۈپ چۈشەندۈر-
دى ۋە تۈركىي تىللاردا قۇياشنى بىلدۈرگەن ئەڭ دەست-
لەپكى سۆز «aǧ» (ئاغ) بولۇپ، بۇ ئاساستا «ak»
(ئاق)، «ay» (ئاي)، «aǧmur<yaǧmur» (يامغۇر)
دېگەندەك سۆزلەر بارلىققا كەلگەن دەپ قارىدى.

«Günes Dil Teorisi» ماركسىزملىق تىلشۇ-
ناسلىقنىڭ تىللارنىڭ پەيدا بولۇشى توغرىسىدىكى تەلىما-
تىغا پۈتۈنلەي زىت بولسىمۇ، قەدىمكى تۈركىي تىللاردا
قۇياشنى بىلدۈرگەن ئەڭ دەسلەپكى سۆزنىڭ «ئاغ»
ئىكەنلىكى ئىسپاتلانسا، «ئاغۋاقار، ئاغباقار» سۆزىنىڭ ئې-
تىمولوگىيىسىمۇ ئېنىقلانغۇسى. چۈنكى، «ئاغۋاقار» سۆ-
زى ئەدەبىي تىلىمىزغا پارسچىدىن كىرىپ ئۆزلەشكەن
«ئاپتاپپەرەست، ئافتاپپەرەست» (ئافتاب: كۈن، قۇياش؛
پەرەست: پارسچىدا سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە؛ ئاپتاپپە-
رەست: ① كۈنگە تېپىنغۇچى؛ ② كۈنگە باقار) سۆزى
بىلەن ئوخشاش مەنىدە بولۇپ، يىلىلشى ھەم مەنىسى-
دىن قارىغاندىمۇ ئۇنى «كۈنگە باقار» دەپ ئىزاھلاشقا
مۇمكىنچىلىك بار.

شۇنىمۇ ئالاھىدە ئەسكەرتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى،
قۇمۇل خەلق قوشاقلىرىدا ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ھەم
ئۇنىڭ باشقا دىئالېكت ـ شېۋىلىرىدە ئۇچرىمايدىغان،
بىراق، مەنىسى ھەم ئىشلىتىلىشى موڭغۇل تىلىدىكى بى-
لەن ئوخشايدىغان بىرمۇنچە سۆزلەر بار. بۇنداق سۆز-
لەرنىڭ ئېتىمولوگىيىسىنى ئېنىقلاپ چىقىش شۈبھىسىزكى،
«ئانا ئالتاي تىلى» نىڭ ھازىرقى ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىلى-
مېنتلىرىنى، ئۇيغۇرلار بىلەن موڭغۇللارنىڭ تارىخىي-
ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرىنى، مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئور-
تاقلىقى ھەم ئۆزئارا تەسىرلىرىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم
ئەھمىيەتكە ئىگە. ئالايلۇق،

كۆتەل بېشى تەنشىگدا②
ئالا ئىنەكنى ئۆلتۈرگەن.
بايچىلار③گۆش تالىشىپ،
موللا ئەمەتنى كۆيدۈرگەن.
مەمەتنىياز دەپ قىچقارسام،
سىگار كۆزلۈك ئەر چىقتى.
ئارقارلارنى قوغلىشىپ،
مۇگەرلەردىن تەر چىقتى.

بىز قۇمۇلغا بارماقچى،
غوجام خىيدىن يانماقچى.
چەندازامدا بەش ياماق،
يۇملاق جوگان ئالماقچى.

مانا بۇ قوشاقلاردىكى «كۆتەل» (داۋان)، «مۇ-
گەر» (پېشانە)، «خىي» (كوچا، مەھەللە) دېگەن سۆز-
لەر موڭغۇل تىلى بىلەن ئورتاقلىققا ئىگە سۆزلەردۇر.

قۇمۇل خەلق قوشاقلىرىنى دىئالېكتولوگىيە نۇقتى-
سىدىن تەتقىق قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى ئۇنىڭ قويۇق يەر-
لىك ئالاھىدىلىكى ۋە قۇمۇل شېۋىسىنىڭ رايون خاراك-
تېرلىك خۇسۇسىيەتلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىشتە ھەمدە بۇ
ئارقىلىق ئەدەبىي تىلنىڭ ئومۇمىيلىشىشىنى ئىلگىرى سۈ-
رۈش، بولۇپمۇ قۇمۇل خەلق قوشاقلىرىدا ساقلىنىپ قال-
غان ھاياتىي كۈچكە ئىگە شېۋە سۆزلىرىنى قېزىپ چى-
قىپ، ئەدەبىي تىلنىڭ لۇغەت تەركىبىنى بېيىتىشتا ئالا-
ھىدە گەۋدىلىنىدۇ. چۈنكى قۇمۇل خەلق قوشاقلىرىدا
ئەدەبىي تىل سۆزلۈكى دەرىجىسىگە كۆتىرىشكە بولىدىغان
بىرمۇنچە شېۋە سۆزلىرى ساقلانغان بولۇپ، ئۇلار ئەدەبىي
تىلىمىزنىڭ لېكسىكىسىنى بېيىتىشنىڭ زاپاسلىرى ھېساب-

---

① ②: «تۈركىي تىللار تەتقىقاتى خەۋەرلىرى»گە قارالسۇن.
② قۇمۇل شېۋىسىدە «چارلاش، رازۋېتكا» دېگەن مەنىدە.
③ باي: بىر يېزىنىڭ نامى. بايچىلار: بايلىقلار دېگەن مەنىدە.

لىنىدۇ.

مەسىلەن:

ئۇششاق ـ ئۇششاق توغراقلارنى،
ماڭدار بېسىپتۇ.
ئەملىك ـ ئەملىك ئاتلارنى
تېپىن قوشۇپتۇ.

سوقماق مېنى بەلدەك بىلەن،
چىش كولىغۇچ ـ خەلدەك بىلەن.
ئاشىقلىقنى خۇشخۇي قىلۇر،
بەتخۇي يۈرۈر بەتنام بىلەن.

ئاپئاقىنە ئۇچىئۇننى،
ئۇماچ قىلۇر ئەر ئىدۇق.
نوغالچىدا مارىلاپ،
مۆكۈپ ياتار ئەر ئىدۇق.

بۇ قوشاقلاردىكى «ماڭدار» (يەر بېغىرلاپ ئۆسىدىغان بىر خىل ئوت)، «خەلدەك» (چىش كولىغۇچ)، «نوغالچا» (تۆت ئەتراپى تىلىش بىلەن قوپۇرۇلغان ئاكۇپ)، «ئۇچىئون (هازىرقى 75 پىرسەنتلىك ئۇن بىلەن ئوخشاش بولۇپ، ئالىي سورتلۇق ئۇن دېگەن مەنىدە) دېگەن سۆزلەر دەل مۇشۇنداق سۆزلەر جۈملىسىدىندۇر.

دىئالېكت ـ شېۋىلەردىكى هاياتىي كۈچكە ئىگە سۆزلەرنى قېزىپ چىقىپ، ئەدەبىي تىلىمىزنى بېيىتىشنىڭ مۇھىملىقىنى بۇ نۇقتىغا تولۇق ئەھمىيەت بېرىلمىگەنلىكتىن تىل ئىستېمالىدا كۆرۈلىۋاتقان بەزى قالايمىقانچىلىقلار ئارقىلىقمۇ چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ. ئالايلۇق، قىز ـ ئاياللار كالپۇكىنى قىزىل بوياش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان گىرىم بويۇمى هازىر خەنزۇچە «كوخوڭ» ( 口红 ) ياكى پارسچە «لەۋسۇرۇغ » دەپ ئاتىلىۋاتىدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا، بۇ شەيئىنىڭ مىڭ يىللار مابەينىدە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇرچە ئاتالغۇسى بولۇپ، قومۇل خەلق قوشاقلىرىدا ئېنىق ساقلانغان. مەسىلەن:

يارنى تۇتتۇم بەگلىككە،
پۇل بەرمەيدۇ ئەرنىلىككە.
خويمۇ مەيلىم بار ئىدى،
ئەمدى قالدىم تەڭلىككە.

مانا بۇ قوشاقتىكى «ئەرنىلىك» (ئەرن: كالپۇك) سۆزى دەل شۇ «كوخوڭ» ياكى «لەۋسۇرۇغ» نى كۆرسىتىدۇ. بۇ سۆز قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىن قېپقالغان سۆز بولۇپ، «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىمۇ ئۇچرايدۇ. دېمەك، شۇۋە سۆزلىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش، سۆز قوبۇل قىلىش ياكى سۆز ياساپ ئاۋارە بولۇشنىڭ هاجىتى بولمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۆزىمىزدە ئەزەلدىن بار بولغان، مەدەنىيەت ئۇقۇمى بېرىدىغان بۇنداق سۆزلەرنى ئىشلەتمەي، يەڭگىللىك بىلەن باشقا تىللارغا مۇراجىئەت قىلىش قارىماققا كىچىككىنە ئىشتەك قىلىسمۇ، ئەمەلىيەتتە، شۇ سۆز بىلدۈرگەن مەدەنىيەت هادىسىسىنىڭ تەۋەلىكى بىلەن چېتىلىدىغان مۇھىم مەسىلە.

ئەمدى، قومۇل خەلق قوشاقلىرىنى بەدىئىي تىل نۇقتىسىدىن تەتقىق قىلىش مەسىلىسىگە كەلسەك، بۇ، قومۇل خەلق قوشاقلىرىنىڭ كىشىنى زوقلاندۇرىدىغان يۇقىرى سىتىلىستىك ئۈنۈم هاسىل قىلىشىدا كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىغان، ئاجايىپ بەدىئىي تەسەۋۋۇرلار ئاساسىدا شەكىللەنگەن سىتىلىستىك ۋاسىتىلار هەم ئۇلارنىڭ نوتۇق ئەمەلىيىتىگە تەدبىقلىنىشىنى ئىلمىي يوسۇندا شەرھىلەش ۋە بۇ ئارقىلىق ئۇيغۇر تىلى سىتىلىستىكىسىنى نەزەرىيە جەھەتتىن بېيىتىش قاتارلىق جەھەتلەردە تولىمۇ ئەھمىيەتلىكتۇر. چۈنكى قومۇل خەلق قوشاقلىرىنى بەدىئىي ۋاسىتىلارنىڭ قوللىنىلىشى ۋە ئىستېتىك قىممىتى جەھەتلەردىن ئەدەبىي ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىمىزگە ئۆرنەك قىلىشقا ئەرزىيدۇ. پەقەت قومۇل خەلق قوشاقلىرىدا ئىپادىلەنگەن تەسەۋۋۇر شەكىللىرى ۋە ئۇنى مەنبە قىلغان بەدىئىي ۋاسىتىلارنى ئالايلۇق. مەلۇمكى، تەسەۋۋۇر ئۆزگە تونۇش بولغان مەلۇم بىر شەيئىي ئارقىلىق شۇ شەيئى بىلەن هەر خىل مۇناسىۋەتتە بولغان باشقا شەيئىلەرنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈش ياكى قېلىپ قىنىشتەك پسىخىك پائالىيەتنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئۇ، ئەمەلىي شەيئىي بىلەن تەسەۋۋۇر قىلىنغان شەيئىي ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ، «ئوخشاشلىق تەسەۋۋۇرى »، «باغلانما تەسەۋۋۇر» دېگەندەك تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ.

مەلۇم بىر شەيئىي ئارقىلىق شۇ شەيئىي بىلەن ئوخشاشلىقى بار باشقا شەيئىلەرنى تەسەۋۋۇر قىلىش ئوخشاشلىق تەسەۋۋۇرى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنداق تەسەۋۋۇردا شەيئىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاشلىق ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ؛ مەلۇم بىر شەيئى ئارقىلىق شۇ شەيئىي بىلەن قارىمۇ ـ قارشى خۇسۇسىيەتكە ئىگە باشقا بىر شەيئىنى تەسەۋۋۇر قىلىش سېلىشتۇرما تەسەۋۋۇر بولۇپ، ئۇنىڭدا شەيئىلەرنىڭ ئورتاقلىق تەرىپى ۋە زىددىيەتلىك تەرىپى ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ؛ مەلۇم بىر شەيئى بىلەن زامان ۋە ماكان جەھەتتە بېقىندىلىق مۇناسىۋىتى بولغان باشقا بىر شەيئىنى تەسەۋۋۇر قىلىش بېقىندىلىق تەسەۋۋۇر دەپ ئاتالسا،

مەلۇم بىر شەيئى ئارقىلىق شۇ شەيئى بىلەن مالىق مۇناسىۋەتتە بولغان باشقا شەيئىلەرنى تەسەۋۋۇر قىلىش باغلانما تەسەۋۋۇر دەپ ئاتىلىدۇ.

دېمەك، شەيئىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر كۆپ خىل بولىدۇ، بۇ مۇناسىۋەتلەرنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان تەسەۋۋۇر شەكىللىرىمۇ خىلمۇ ـ خىل بولىدۇ. مانا مۇشۇنداق خىلمۇ ـ خىل تەسەۋۋۇر شەكىللىرى ۋە ئۇلارغا ئاساسلانغان تۈرلۈك سىتىلىستىك ۋاسىتىلار قومۇل خەلق قوشاقلىرىنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكىنى نامايان قىلىدۇ ۋە ئۇلارنى ئايرىم ـ ئايرىم تېمىلار بويىچە چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى كۆرسىتىدۇ. تۆۋەندە، ئاشۇ تەسەۋۋۇر شەكىللىرىنى مەنبە قىلغان سىتىلىستىك ۋاسىتىلارنىڭ قوللىنىلىشىدىن بىر نەچچە مىسال كۆرەيلى:

**1. ئوخشىتىش**

ئايغا ئوخشايدۇ يۈزۈڭ،
چولپانغا ئوخشايدۇ كۆزۈڭ.
خۇددى قەن ـ ناۋاتقا ئوخشاش،
شۇ سېنىڭ شىرىن سۆزۈڭ.

باغدىكى مارجان تېرەكتەك،
بويىڭىزنىڭ تۈزلۈكى.
باغدا پىشقان ئاق كىشمىشتەك،
يۈزۈڭىزنىڭ سۈزۈكلۈكى.

**2. مۇبالىغە**

باغىڭىزدىكى گۈللەرگە،
بۇلبۇل قونسا سايرايدۇ.
سائىڭا كۆيگەن يۈرەككە،
چاينەك قويسا قايناىدۇ.

دەرت ـ ئەلەملەر كېلىدۇ،
ئوغۇل بالانىڭ بېشىغا.
سايدا تۆگمەن چۆگىلەيدۇ،
كۆزدىن ئاققان ياشىغا.

**3. سىلىشتۇرۇش**

ئېچىلمىغان لەيلىقازاقتىن،
ئېشەك تىكەن ياخشىراق.
ئىسسىقى يوق يارلاردىن،
ئىسسىق ئوچاق ياخشىراق.

ئويىنغۇچ ئوبدان نېمە،
يازلىقى بار، قىشلىقى يوق.
يىگى يار ئوبدان نېمە،
ئاغزىدا بار، كۆڭلىدە يوق.

**4. سىمۋول**

ھاۋادا بۇلبۇل كېلەدۇ،
گۈل شېخىغا قونغىلى.
گۈل شېخى ئەگىپ تۇرادۇ،
بۇلبۇلنى قوندۇرغىلى.

ئاقىنە ياغلىق ئىچىدە،
بىر تۈگۈن گۈل ساقلىدۇق.
گۈلنى ئېلىپ بېشىمىزغا
تاج قىلىپ تاقىدۇق.

**5. جانلاندۇرۇش**

نورۇز كەلدى مۇبارەك،
ئوقۇيدىكەن تابارەك.
خۇش كەلدىڭىز ئەي نورۇز،
سىزنى قىلاي زىيارەت.

ئاتاڭ قىچاردىمۇ كەكلىك،
ئاناڭ قىچاردىمۇ كەكلىك.
قەيەرنىڭ قەدرىنى بىلمەي،
ئۇچۇپ كەتكەن نادان كەكلىك.

بۇلاردىن باشقا، ئوخشاش بولمىغان تەسەۋۋۇر شەكىللىرى ئارقىلىق تەسەۋۋۇر قىلىنغان شەيئىلەرنى، مەسىلەن، ئوخشىتىشلاردا ئوخشىغۇچى شەيئىلەرنى سىتاتىستىكا قىلىش ۋە تۈرلەرگە ئايرىش ئارقىلىق، خەلقىمىزنىڭ ماددىي ـ مەنىۋى ھاياتىدىكى ئالاھىدىلىكلىرىنى، سىتېپ تىك ئالاڭ ۋە زوقلىنىش ئادەتلىرىنى قىسمەن يورۇتۇپ بەرگىلى بولىدۇ. شۇڭا، بۇ نۇقتىمۇ قومۇل خەلق قوشاقلىرى تەتقىقاتىنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى ھېسابلىنىدۇ.

## ئىككىنچى: ئۆرپ ـ ئادەت نۇقتىسىدىن ئېلىپ بېرىلىدىغان تەتقىقاتلار

قومۇل خەلق قوشاقلىرى ھەققىدە ئۆرپ ـ ئادەت نۇقتىسىدىن ئېلىپ بېرىلىدىغان تەتقىقاتلارنىڭ دائىرىسى

نىھايىتى كەڭ بولۇپ، مەشرەپ تۈرلىرى، توي ئادەتلىرى، قار ئويۇنى، نەۋرۇز، بارات، زامزان، باراۋەت قاتارلىق مەدەنىي پائالىيەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ نۇقتىلار ھەر ھالدا ئازدۇر - كۆپتۇر تەتقىق قىلىنغاچقا، بۇ ھەقتە توختالماي، ھازىرغىچە ئانچە ئېتىبارغا ئېلىنماي كېلىۋاتقان بىر - ئىككى مەسىلە ئۈستىدىلا قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز.

مەلۇمكى، ئۇيغۇرلار تارىختا نىھايىتى ئۇزۇن بىر دەۋر ئىچىدە ئىپتىدائىي شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلغان. شامان دىنى كۆپ خۇدالىق دىن بولۇپ، ئۇنىڭدا كۆك، ئاي، كۈن، يۇلتۇز قاتارلىقلار ئىلاھىيلاشتۇرۇلۇپ، چوقۇنۇش ئوبيېكتى قىلىنغان. قومۇل ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا ئىسلام دىنى ھۆكۈمران ئورۇنغا ئۆتكىنىگە تۆت - بەش يۈز يىل بولغان بولسىمۇ، شامان دىنى قومۇل ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا نىھايىتى چوڭقۇر يىلتىز تارتقاچقا، ئۇنىڭ ئىزنالىرى تا ھازىرغىچە مەلۇم دەرىجىدە ساقلانماقتا. بۇ ھال ھەتتا قومۇل خەلق قوشاقلىرىدىكى گۈزەللىك تەسۋىرى ۋە باشقا جەھەتلەردە خېلى گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

ئەسسالام دەپ ئۆيگە كىرسەم،
ئۆيدە بىر ئاي ئولتۇرۇر.
قاشلىرى قىيغان قەلەمدەك،
كۆزلىرى چولپان ئېرۇر.

ئاخشام چىققان ئايغا ئوخشاش،
ئاي مۇبارەك يۈزلىرى.
سەھەر چىققان كۈنگە ئوخشاش.
ئوتلۇق - ئوتلۇق كۆزلىرى.

ئاق بوز ئاتنى مىلتايسەن،
كۆك بوز ئاتقا يەتمەيدۇ.
سەن يارىڭنى ماختايسەن،
بىزنىڭ يارغا يەتمەيدۇ.

مانا بۇ مىساللاردىكى «ئاي، چولپان كۈن، كۆك» سۆزلىرىنىڭ ئىشلىتىلىشىدىن شامان دىنىدىكى «كۆك» تەڭرى ئېتىقاتچىلىقى ۋە ئاي، كۈن، يۇلتۇز مۇقەددەسلىكى تۈپەيلىدىن ئۇيغۇرلاردا كۆك رەڭنى ئۇلۇغلاش، ئۇنى ئىلاھى كۈچنىڭ سىمۋولى دەپ قاراش، شۇنىڭدەك، «كۆك» سۆزى بىلەن شەيئىلەرنى مۇقەددەس، غالىپلار تۇسىگە كىرگۈزۈش، ئاي، يۇلتۇز، كۈننى گۈزەل، كۆركەم شەيئىلەرنىڭ سىمۋولى قىلىشتەك ئادەتلەرنىڭ خېلى كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. قومۇل خەلق قوشاقلىرىنى مۇشۇ نۇقتىدىن تەتقىق قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى شۇ يەردىكى، بۇ ئارقىلىق قومۇل خەلقىنىڭ، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ شامان مەدەنىيىتىنىڭ تارىخىي مەنزىرىسىنى، شۇنداقلا، شامان مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ گۈزەللىك قارىشى ۋە گۈزەللىك تەسۋىرىدىكى شامانىزم ئىزنالىرىنى مەلۇم دەرىجىدە كۆرۈۋالالايمىز.

ئەمدى، گۈزەللىك قارىشى تۈپەيلىدىن شەكىللەنگەن، ئۇيغۇر قىز - ئاياللىرىغا ئورتاق بولغان ئەنئەنىۋى گىرىم ئادەتلىرىگە كەلسەك، بۇ نۇقتىمۇ قومۇل خەلق قوشاقلىرىدا خېلى كەڭ دائىرىدە گەۋدىلەنگەن. ئالايلۇق،

قارا غوللارنىڭ سۈيى،
قاراڭغۇ باغلارغا ئاقار.
ئوسمىسى چايىك چۆگان،
يۈرەككە ئوتلارنى ياقار.

يارنى تۇتتۇم بەگلىككە،
پۇل بەرمەيدۇ ئەرلىككە.
خويمۇ مەيلىم بار ئىدى،
ئەمدى قالدىم تەڭلىككە.

ئاي خېنىم پەپەلىگە زار،
ئۇنچە بىلەن لالىگە زار.
ئاي يۈزىگە يارىشۇر،
ئوپا بىلەن ئەڭلىككە زار.

جالانى ئۇزۇن سەپسەن،
ئۇچىدا پۆپۈكى بار.
مەنمۇ ئەمدى بارمايمەن،
قوساقنىڭ كۆپۈكى بار.

بۇ قوشاقلاردىكى «ئەرلىك»، «ئوسما»، «ئوپا»، «ئەڭلىك»، «جالا» (قارا مەشۇت يىپتىن ئىشلەنگەن يالغان چاچ) دېگەن سۆزلەر ئۇيغۇر قىز - ئاياللىرىنىڭ تارىختىن بۇيان داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان گىرىم ئادەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

مەلۇمكى، ئۇيغۇرلار گۈزەللىككە بەكرەك ئىنتىلىدىغان، گۈزەللىك تۇيغۇسى نىھايىتى كۈچلۈك، مەدەنىيەتلىك خەلق. بۇنى ئۇيغۇر قىز - ئاياللىرىنىڭ نىھايىتى

قەدىمكى دەۋرلەردىن باشلاپلا ئۆزلىرىنىڭ گۈزەللىك ئۆلچىمى بويىچە پەدەز ۋە گىرىم ئادەتلىرىنى يېتىلدۈرگەنلىكى دەلىللەيدۇ. ئالايلۇق، شەرقىي خەن دەۋرىگە تەئەللۇق نىيە خارابىسىدىن قېزىۋېلىنغان كەشتىلىك ئەينەك قېپى، پەدەز قۇتىسى قاتارلىق بۇيۇملار؛ تاڭ دەۋرىدە ياشىغان جاڭ بى دېگەن كىشىنىڭ «پەدەز بۇيۇملىرى خاتىرىسى» ناملىق ئەسىرىدە «جۇۋ شۇەندىنىڭ 5 ـ يىلى كۈنمىڭ دۆلىتىگە غەربىي يۇرتتىن 15 قۇتا ئەتىر ئېلىپ كېلىنگەن[1]» دەپ خاتىرىلەنگەنلىكى؛ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ۋە باشقا بەزى ئەسەرلەردە بۇندىن نەچچە مىڭ يىللار ئىلگىرىلا ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ گىرىم قىلىش ئادەتلىرىدە تەبىئىي گۈزەللىكنى ساقلاش ۋە ئۇنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرۈش ئاساسىدىكى تەبىئىي گىرىم بىلەن ئۆزىدە بولمىغان، گۈزەللىك ئۆلچىمىگە يەتمىگەن تەرەپلەرنى تولۇقلاش ئاساسىدىكى سۈنئىي گىرىم ۋە بوياش، ئۇلاش، كۆپتۈرۈشتەك پەدەز تۈرلىرى شەكىللىنىپ بولغان[2] دېگەندەك مەلۇماتلارنىڭ بېرىلىشى بۇ نۇقتىنىڭ دەلىل ئاساسىدۇر. ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ قەدىمكى دەۋرلەردىكى گۈزەللىك ئۆلچىمى بويىچە مەڭىز ۋە لەۋنىڭ قىزىل بولماسلىقى نورمالسىزلىق ياكى ساقسىزلىقنىڭ ئالامىتى بولۇپ، ئۆڭنىڭ ئاق، ماڭىز ۋە لەۋنىڭ قىزىل، چاچنىڭ قارا بولۇشى گۈزەللىكنىڭ مۇھىم بەلگىسى قىلىنغان. بۇنى تۆۋەندىكى قوشاقتىنمۇ قىسمەن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ:

يارىم سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ،
مىنگەنى دۇلدۇل.
قاچارلارى[3] قىزىل ئالما،
ساچلارى سۇمبۇل.

شۇڭا، ئۇيغۇر ئاياللىرى «ئەرلىك، ئەگلىك، قاشلىق، ئوسما» قاتارلىق گىرىم بۇيۇملىرى بىلەن مەڭىز ۋە لېۋىنى قىزارتقان، ئۆڭىنى ئاقارتقان، قېشىنى قارايتقان، شۇنداقلا، چاچنىڭ شالاڭ ۋە قىسقا بولۇشىنى گۈزەللىك ئۆلچىمىگە يەتمىگەنلىك دەپ، قاراپ، چاچلىرىغا جالا سېلىش ئارقىلىق ئۇزارتقان، چاچلىرىنى پالخپايتىش ياكى چېچىدىن پۆپۈك چىقىرىش ئارقىلىق ئەسلىدىكى كەمتۈكلۈكنى تولۇقلىغان.

ئەلۋەتتە، ئۇيغۇر قىز ـ ئاياللىرىنىڭ گىرىم ۋە پەدەز ئادەتلىرى بۇلار بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. يەنە سىلىقلاش تۈرىدىكى پەدەز، ئالايلۇق، يىپلاش ئارقىلىق يۈزدىكى تۈكلەرنى يوقىتىش ۋە قاشنىڭ كەمك جايلىرىنى تەڭشەشتەك ئادەتلەرمۇ بار.

دېمەك، يۇقىرىقى قوشاقلار ئۇيغۇر ئاياللىرىغا ئورتاق بولغان ئەنئەنىۋى گىرىم ـ پەدەز ئادەتلىرىنى كۆرسەتسە، تۆۋەندىكى قوشاقلار قۇمۇلدىكى ئۇيغۇر ئاياللىرىدا ساقلىنىپ قالغان ۋە قۇمۇل ئاياللىرىغا خاس بولغان بەزى ياسىنىش ئادەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئالايلۇق:

ئوتئوغات[4] بېشتا بولۇر،
سەگۈنچىكى[5] ساچتا بولۇر.
ئەۋەل ئالخشىم بىرنى سۆيسەم،
ئەتىلىك ناشتا بولۇر.

چىڭغىراپ ئۈن كېلىدۇ،
قىز بېشىدا قاڭغۇرا.[6]
بولسا مەيلىڭ يار ئۈچۈن،
سېنىمۇ ئۆيگە ئالدىرا.

ئومۇمەن، قۇمۇل خەلق قوشاقلىرىنىڭ تېماتىك دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، ھەر ساھە تەتقىقاتچىلىرىنىڭ چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىشىغا ئەرزىيدۇ. مانا بۇ، ئۇنىڭ تەتقىقات قىممىتىدۇر.

---

① مەمۇت قۇربانىنىڭ «يىپەك يولىدىكى بوياقچىلىق تېخنىكىسى» دېگەن ماقالىسىدىن ئېلىندى.

② يارى مۇھەممەت ناھىرىنىڭ «ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ گىرىم قىلىش ئادىتى» دېگەن ماقالىسىگە قارالسۇن. «شىنجاڭ گېزىتى»، 1992 ـ يىل، 26 ـ ماي كۈنىدىكى سانى.

③ قاچار: «مەڭىز» دېگەن مەنىدە.

④ ئوتئوغات: ئەمەلدارلىق تاجى، زىننەت ئۈچۈنمۇ تاقىلىدۇ.

⑤ سەگۈنچەك: چاچقا ئاسىدىغان زىننەت بۇيۇمى.

⑥ قاڭغۇرا: زىننەت ئۈچۈن ئاسىدىغان قوڭغۇراق.

# قەدىمكى «كروران گۈزىلى» قەبرىسىنىڭ تېپىلىشى ۋە تەتقىق قىلىنىش جەريانى

ئابدۇقەييۇم خوجا

1979 ـ، 1980 ـ يىللىرى شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە خادىملىرى دۇنياغا مەشھۇر لوپنۇر رايونىدىكى لوپنۇر كۆلى ئەتراپى، كروران پادىشاھلىقىنىڭ پايتەختى ـ كروران شەھىرىنىڭ خارابىسى، كۆنچى دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمى، تۆۋەن ئېقىمى ۋە تېمەن دەرياسى ئەتراپىدىكى چۆل ـ باياۋانلارنى قېدىرىپ، بۇ جايلاردىن قوم ئاستىغا كۆمۈلۈپ كەتكەن بىر تۈركۈم ئەڭ قەدىمكى قەبرىلەرنى، خارابىلارنى تاپتى. بەزى قەبرىلەر قېزىپ تەكشۈرۈلگەندە، ئۇلاردىن كەم ئۇچرايدىغان، ئېسىل، خىلمۇ خىل مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تېپىلدى.

بىز تونۇشتۇرماقچى بولغان «كروران گۈزىلى»نىڭ قەبرىسى 1980 ـ يىلى ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشتە بايقالغان. بۇ قەدىمكى قەبرە كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمى (يەنى لوپنۇر كۆلىگە قۇيۇلىدىغان ئېقىمى) بىلەن تېمەن دەرياسىنىڭ قولتۇقى (ئۈچ بۇرجەك ۋادىسى)غا توغرا كېلىدىغان بىر ئېگىزلىككە جايلاشقان بولۇپ، ئۇنىڭ نىسپىي ئېگىزلىكى 7 ـ 8 مېتىر كېلىدۇ. بۇ ئېگىزلىككە جايلاشقان قەدىمكى قەبرە قېزىپ تەكشۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئەسلى ئاپىيومى تۆۋەندىكىچە بولغان: لەھەت سوقىچاق تۆت چاسا قېزىلغان بولۇپ، چوڭقۇرلۇقى بىر مېتىر ئەتراپىدا، ئۇزۇنلۇقى 1.74 مېتىر، كەڭلىكى 0.7 مېتىر. لەھەت ئىچىگە بىر ئايال (كروران گۈزىلى) نىڭ جەسىتى ئوڭدىسىغا ياتقۇزۇلغان پېتى دەپنە قىلىنغان. يۈزىگە كەندىر چۇۋىقلىرى ۋە باشقا نەرسىلەردىن ناھايىتى قېلىن ۋە زىچ قىلىپ قاتۇرۇپ توقۇلغان بىر خىل ئالاھىدە ياپقۇ يېپىلغان. ئايالنىڭ بېشىغا قوڭۇر رەڭلىك كىگىزدىن تىكىلگەن ئۇچلۇق قالپاق كىيگۈزۈلگەن بولۇپ، قالپاقنىڭ سول يېنىغا ئىككى تال قۇش پېيى (قۇشنىڭ قانات پېيى بولۇشى مۇمكىن، قالپاقتا قىستۇرۇلغان. پەيلەرنىڭ بىرسى بېجىرىم ساقلانغان، يەنە بىر تېلى بۇزۇلغان) قىستۇرۇلغان. ئۈچىسىغا (بەدىنىنىڭ يۇقىرى قىسمىغا) قوڭۇر رەڭلىك يۇڭ يىپتىن قوپال توقۇلغان يۇڭ توقۇلما يۆگەلگەن بولۇپ، كېپەنلىك قىلىنغان بۇ يۇڭ توقۇلمىنىڭ چۆرىسى (قىرغاقلىرى) ئۇچلاپ تەييارلانغان بېگىزسىمان ياغاچلار (يولغۇن چۇۋىقلىرى) بىلەن ئېلىپ قويۇلغان؛ مېيىتنىڭ سول يېنىغا (باش بىلەن سول مۈرىسىگە يېقىن جايدا) لوپنۇر كەندىرىنىڭ چۇۋىقلىرى ۋە باشقا نەرسىلەردىن ناھايىتى قېلىن ۋە زىچ قىلىپ قاتۇرۇپ توقۇلغان، تەكتى يۇمىلاق بىر خىل ئالاھىدە بويۇم (بۇ خىل ئالاھىدە توقۇلغان بويۇمدىن سۇ ئۆتمەيدۇ) قويۇلغان. پۇتىغا بۇغا تېرىسىدىن تىكىلگەن پوپۇچ كىيگۈزۈلگەن. ئايالنىڭ ئېڭىكى سەل ئۇچلۇق، كۆزلىرى يوغان ۋە چوڭقۇر، قاش ـ كىرپىكلىرى ئۇزۇن ۋە قويۇق، بۇرنى قاڭشارلىق ۋە ئىنچىكە، كالپۇكى نېپىز، چاچلىرى سۇس قوڭۇر بولۇپ، مۈرىسىگە چۈشۈپ تۇرىدۇ. مېيىت تەبىئىي شارائىت (قۇرغاق ھاۋا) ۋە قۇرغاق قۇم ـ تۇپراق ئاستىدا نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان كۆمۈلۈپ ياتقانلىقتىن، جەسەتنىڭ گۆش ـ مايلىرى تەبىئىي ھالدا رېئاكسىيىلىنىپ، قۇرۇپ قېتىپ قالغان؛ مېيىتنىڭ ھەممە ئەزاسى تولۇق ھەم ئۆز جايىدا بولۇپ، باش، گەۋدە، پۇت ـ قوللىرى ياخشى ساقلانغان. قەبرىدىن ئېلىنغان ياغاچ ئەۋرىشكىلىرىنى بېيجىڭ داشۆ ئارخېئولوگىيە فاكۇلتېتىنىڭ كاربون 14 (C14) تەجرىبىخانىسى ئانالىز قىلىپ، بېكىتكەن يىل دەۋرى بۈگۈندىن 3880 ± 95 يىل بۇرۇن.

شاڭخەي تىببىي داشۆسى بىلەن شاڭخەي تەبىئەت مۇزېيىنىڭ جەسەتنى بىرلىكتە ئانالىز قىلىش نەتىجىلىرىگە قارىغاندا، ئۆلگۈچىنىڭ يېشى 40 ـ 45 ياشلار ئەتراپىدا، بويى ئېگىزلىكى 152 سانتىمېتىر، قۇرۇپ قالغان جەسەتنىڭ ھازىرقى ئېغىرلىقى 10.7 كىلوگرام ئىكەنلىكى ئېنىقلانغان. ئۇنىڭدىن باشقا ئاناتومىيىلىك كۆزىتىش، ئانالىز قىلىش ئارقىلىق بۇ ئايالنىڭ قان تىپى O بولۇپ چىققان.

ياپونىيە دۆلەتلىك ئىلىم ـ پەن مۇزېيى ئىنسانىيەت تەتقىقات ئورنىنىڭ چوڭقۇر ئىزدىنىپ تەتقىق

قىلىشى ۋە ھازىرقى زاماندىكى ئەڭ ئىلغار ئېلېكترونلۇق مىكرو ئۇسكۇنىلىرىدىن پايدىلىنىشى ئارقىلىق جەسەتنىڭ كۆركى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. ئۇنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن چىراي شەكلى ئوتتۇرا ياشلىق، قاش ـ كۆزى كېلىشكەن، قاڭشارلىق، چاچلىرى مۈرىسىگە چۈشۈپ تۇرغان، زىلۋا بويلۇق گۈزەل ئاياللارنى ئەسلىتىدۇ. شۇڭا كروران تەۋەسىدىن تېپىلغان بۇ قەدىمكى جەسەتكە «كروران گۈزىلى» دەپ نام بېرىلگەن.

1980 ـ يىلى ئەتىيازدا قېزىۋېلىنغان «كروران گۈزىلى»نىڭ 4000 يىل بۇرۇنقى بۇ جەستى ئېلىمىز بويىچە بۇ كەمگىچە تېپىلغان ئەڭ قەدىمكى جەسەت بولۇپ، ئۇ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تارىخىي مۇزېينىڭ «قەدىمكى جەسەتلەر كۆرگەزمىسى» دە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ باشقا جايلىرى ـ چەرچەن ناھىيىسىنىڭ «زاغونلۇق» قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان، بۇنىڭدىن 3000 يىل بۇرۇنقى ھەر خىل قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بىلەن بىجىرىم ساقلىنىپ قالغان ئەر ـ ئايال، بوۋاق جەسەتلىرى؛ قۇمۇلنىڭ «قارا دۆۋە» قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان مەدەنىيەت يادىكار-لىقلىرى بىلەن 3800 يىل بۇرۇنقى جەسەت؛ نىيە ناھىيىسىدىكى قەدىمكى نىيە خارابىسى قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان 2000 يىل بۇرۇنقى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بىلەن بىللە تېپىلغان ئەر ـ ئايال جەستى قاتارلىقلار بىلەن كۆرگەزمە قىلىنغاندىن بۇيان، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا زور تەسىر قوزغىدى. ئىچكى ئۆلكىلەردىن، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن ئاپتونوم رايونىمىزغا ساياھەتكە كەلگەن ساياھەتچىلەر، ئىلمىي تەكشۈرۈش ئۆمەكلىرى، ئالىملار، تارىخچىلار، ئارخېئولوگلار، ھەر قايسى ئىلىم ـ پەن ساھەسىدىكى مۇتەخەسسىسلەر ئەجدادلىرىمىزنىڭ دەۋرىمىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن، دىيارىمىزنىڭ قەدىمكى مەدەنىيەت تارىخىنى يورۇتۇپ بېرىدىغان خىلمۇ خىل، قىممەتلىك، نادىر مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ جەۋھەرلىرىنى ۋە بۇ قەدىمكى دىياردا ياشىغان قەدىمكى ئەجدادلارنىڭ بىجىرىم ساقلىنىپ قالغان جەسەت ئەۋرىشكىلىرىنى كۆرۈپ زوقلاندى ۋە نەچچە مىڭ يىللىق مەدەنىيەت تارىخىمىزنىڭ ماددىي پاكىتلىرى بىلەن تونۇشتى.

لوپنور رايونىدىن تېپىلغان قەدىمكى «كروران گۈزىلى»نىڭ جەستى ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن قېزىۋېلىنغان 300 پارچىدىن ئارتۇق ھەر خىل قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى 1992 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن باشلاپ ھازىرغىچە ياپونىيىنىڭ توكيو، فۇكوكا، كىيوتو قاتارلىق شەھەرلىرىدە ئارقا ـ ئارقىدىن كۆرگەزمە قىلىنىپ تېخىمۇ زور داغدۇغا پەيدا قىلدى.

ياپونىيىنىڭ يۇقىرىدىكى ئاۋات شەھەرلىرىدە ئېچىلغان «قەدىمكى كروران گۈزىلى جەستى ۋە قەدىمكى يادىكارلىقلار» كۆرگەزمىسى جۇڭگو ـ ياپونىيە دىپلوماتىك مۇناسىۋەتنى نورماللاشتۇرۇلغانلىقىنىڭ 20 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۇيۇشتۇرۇلغان بولۇپ، بۇنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرىنى جۇڭگو دۆلەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلار ئىدارىسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت يادىكارلىق ـ ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى؛ ياپونىيە تەرەپتىن: جۇڭگو ـ ياپونىيە دوستلۇق جەمئىيىتى، ئاساخى ئاگېنتلىقى، ئاساخى تېلېۋىزىيىسى قاتارلىق ئورۇنلار ئىشلىدى. بۇ قېتىم ئۇيۇشتۇرۇلغان كۆرگەزمە ـ جۇڭگو ـ ياپونىيە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش تارىخىدىكى تەبرىكلەشكە ئەرزىيدىغان ئالاھىدە چوڭ ئىش بولۇپ، ئۇ ياپونىيىدە ئۇيۇشتۇرۇلغان كۆرگەزمىلەر ئىچىدە مەزمۇنى مول، كۆلىمى كەڭ، مەدەنىيەت پائالىيىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

«قەدىمكى كروران گۈزىلى جەستى ۋە قەدىمكى يادىكارلىقلار» كۆرگەزمىسى 1 ـ قېتىم توكيو دۆلەتلىك ئىلىم ـ پەن مۇزېيىدا 1992 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنىدىن 11 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنىگىچە؛ 2 ـ قېتىم فوكوكا گۈزەل سەنئەت سارىيى دا 1992 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنىدىن 1993 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىگىچە كۆرگەزمە قىلىندى؛ 3 ـ قېتىم كىيوتو دا 1993 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنىدىن 4 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنىگىچە كۆرگەزمە قىلىنىپ 5 ـ ئاينىڭ ئىچىدە ئۈرۈمچىگە قايتۇرۇپ كېلىنىدۇ ۋە ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي «قەدىمكى جەسەتلەر كۆرگەزمىسى» دە داۋاملىق كۆرگەزمە قىلىنىدۇ.

مەلۇمكى، «كروران گۈزىلى» قەبرىسىدىن تېپىلغان 4000 يىل بۇرۇنقى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى

يەككە - يېگانە بولماستىن، ئۇ يەنە لوپنۇر رايونى دائىرىسىدىكى قەدىمكى «كراۋران» شەھەر خارابىسىدىن، كۆنچى دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمى، تۆۋەن ئېقىمىدىن ئېنىقلانغان قەدىمكى قەبرىلەردىن قېزىۋېلىنغان خىلمۇ خىل مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، جۈملىدىن قەدىمكى «تارىم مەدەنىيىتى»گە تەئەللۇق بولغان چاقىلىق ناھىيىسىدىكى «مىرەن» خارابىسىدىن، چەرچەن ناھىيىسىدىكى «سانپۇل» قەدىمكى قەبرىلىرىدىن، شۇنداقلا خوتەن دىيارىدىكى باشقا جايلاردىن تېپىلغان سانسىزلىغان ماددىي مەدەنىيەت جاۋاھىراتلىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئەلۋەتتە.

قەدىمكى «كروران گۈزىلى» قەبرىسى ۋە لوپنۇر رايونى دائىرىسىدىكى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان جايلاردىن بۇ كەمگىچە ئېنىقلانغان ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلما - تېپىلمىلارنىڭ مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى، تارىخىي ئەھمىيىتىنى تېخىمۇ ئېنىق چۈشىنىش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بولغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، قەدىمكى قەبرە ۋە خارابىلار جۈملىدىن بۇ ھەقتە يېزىلغان تارىخىي بايانلارنى ئەسلەپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ:

تارىم ۋادىسى (تەكلى - ماكان) ئەتراپىدىن تېپىلىۋاتقان سانسىزلىغان ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، تارىخىي ھۆججەتلەر ۋە ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرگەن ئەپسانە - رىۋايەتلەر تارىم ئويمانلىقى، يەنى ھازىرقى تەكلىماكان قۇملۇقى ئەتراپى (بىر نەچچە يۈز كىلومېتىر ئىچكىرىسىدىكى جايلار)نىڭ ناھايىتى قەدىم زامانلاردا سۇيى ئەلۋەك، مۇنبەت زېمىن ئىكەنلىكىنى، ئەجدادلارنىڭ بۇ يەرلەردە ئولتۇراقلىشىپ، ياشاپ - ئاۋۇپ، تىرىكچىلىك قىلغانلىقىنى ئىسپاتلىماقتا.

تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئەتراپىدىكى تەڭرىتاغ تىزمىلىرى، پامىر، قورۇم، قاراقورۇم، ئالتۇنتاغ تىزمىلىرىدىن باشلانغان نەچچە يۈزلىگەن دەريا - ئېقىن، تارماق - تاراملار تارىم ئويمانلىقىغا قۇيۇلۇپ، دەريا ۋادىلىرىدا چەكسىز كەتكەن توغراقلىق، يۇلغۇنلۇق، چاتقاللىق، قومۇشلۇق، ئوتلاقلارنى ھاسىل قىلىش بىلەن «ھاياتلىق مەنبەسى»گە ئايلانغان.

تارىم ۋادىسىغا تەۋە رايونلاردا قەدىمدىن تارتىپ ھەر خىل ئېسىل كان مەھسۇلاتلىرى، ئەنئۋارلىق ياۋايى ھايۋانات ۋە خىلمۇ خىل دورا ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ بولۇشى بۇ زېمىنلاردا قەدىمدىن تارتىپ ياشاپ كېلىۋاتقان ئىنسانلارنى، ئەجدادلارنى زۆرۈر ھاياتلىق مەنبەسى بىلەن تەمىن ئەتكەن. شۇڭا ئەجدادلىرىمىز تەبىئەت بىلەن كۈرەش قىلىپ، ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبقا ئىگە رەڭگارەڭ «تارىم مەدەنىيىتى»نى بەرپا قىلىپ، دۇنيا ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى خەزىنىسىگە تېگىشلىك تۆھپىلەرنى قوشقان.

لوپنۇر رايونى ئەتراپىدا ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈشلەردە بىر قانچە ئورۇندا قەدىمكى تۇرالغۇ ئىزلار ئېنىقلانغان بولۇپ، بۇ ئىزلاردىن چوقۇش - يونۇش ئۇسۇلى ۋە سۈركەپ سىلىقداش ئۇسۇلى بىلەن ياسالغان، تۆشۈك ئېچىلغان سىلىق - پارقىراق تاش پالتا (قاشتېشىدىن ياسالغان)، يارغۇنچاق، تاش پىچاق، تاش ئوق باشقى، تاش دانچىلىرى قاتارلىقلار، رەڭلىك ساپاللار (يۇقىرىدىكى يادىكارلىقلار بۇندىن 7000 - 4000 يىللار بۇرۇنقى دەۋرگە خاس) تېپىلغان.

قەدىمكى «كروران گۈزىلى» قەبرىسى تېپىلغان لوپنۇر رايونىنىڭ كۆنچى دەرياسى ساھىلىدىكى قەدىمكى قەبرىلەرمۇ ئاساسەن ياخشى ساقلانغان بولۇپ، ئۆز زامانىسىدىكى ئەجدادلار ئۆزلىرى ياشاپ تۇرغان زېمىننىڭ جۇغراپىيىلىك ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، قەدىمكى تۇرالغۇ، كەنت ۋە قەبرىلەرنى ئەپچىل ئۇسۇللار بىلەن ياسىغان. قەدىمكى قەبرىلەرنىڭ تۈزۈلۈشى: لەھەت تىك قېزىلىپ، لەھەتنىڭ تۆت تەرىپى ئاساسەن توغراق ياغاچلىرى بىلەن توسالغان، ئۈستى توغراق تاختايلىرى بىلەن ھىم يېپىلىپ ياغاچ تاۋۇت ھالىتىگە كەلتۈرۈلگەن. ياغاچ تاۋۇت ئۈستىگە قوي، كالا، قۇلان، ئات قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ تېرىلىرى، قوپال توقۇلغان يۇڭ پالاس ۋە ياۋا كەندىر تالالىرى، چىۋىقلار ۋە باشقا ماتېرىياللاردىن ئىنتايىن پۇختا قىلىپ قاتۇرۇپ توقۇلغان توقۇلما يېپىلغان.

كۆنچى دەرياسى ساھىلىدا 1979 - يىلى قېزىپ تەكشۈرۈلگەن بەزى قەبرىلەر تېخىمۇ ئالاھىدە بولۇپ، بىر قىسىم قەبرىلەر ئەتراپىغا، يەنى قەبرە ئوتتۇرىسىغا جايلاشتۇرۇلغان ياغاچ تاۋۇتنى چۆرىدەپ ئالتە قۇر چەمبەرسىمان ياغاچ قوزۇق (ئاساسەن توغراق دەرىخىنىڭ كۆتەكلىرىدىن تەييارلانغان) : بىرىنچى قۇرىغا 85 ئەتراپىدا، ئەڭ ئىچىدىكى ئالتىنچى قۇرىغا 52 دانە ياغاچ كۆتىكى قېقىلغان. بۇ

قەبرىلەرنىڭ شەرقتىن غەربكىچە دائىرىسى 35 مېتر، جەنۇبتىن - شىمالغان قارىتا دائىرىسى 45 مېتر ئەتراپىدا بولۇپ، يەر مەيدانى 1600 كۋادرات مېتر كېلىدۇ. قەبرىلەردىكى مېيىتلارنىڭ بېشىغا ئۇچلۇق كىگىز قالپاقلار كىيگۈزۈلگەن، بەزى قەبرىلەردىن تېپىلغان ئۇچلۇق كىگىز قالپاقلارغا ئىككى تال، بەزىلىرىگە بەش تال، ھەتتا بەزىلىرىگە توققۇز تالغىچە ھەر خىل رەڭدىكى قۇش پەيلىرى قىستۇرۇلغان. بەزى مېيىتلارغا تىزدىن ئاشىدىغان ئۇزۇن قونجىلىق ئۆتۈك، پوپۇچ قاتارلىقلار كىيگۈزۈلگەن. بەزى مېيىتلارغا ئۆزىنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى يۇڭ توقۇلما كىيىملىرى كىيگۈزۈلگەن بولسا، بەزىلىرىگە يۇڭ توقۇلما رەختلەر يۆگەپ دەپنە قىلىنىغان. بەزى قەبرىلەردىن ياغاچتىن ياسالغان ئايال ئوبرازىدىكى قورچاقلار تېپىلغان.

كۆنچى دەرياسى ساھىلىدا قېزىپ تەكشۈرۈلگەن ھەممە قەبرىدىن دېگۈدەك دورا ئۆسۈملۈك - چاكاندا تېپىلغاندىن تاشقىرى، قېلىن ۋە زىچ قىلىپ توقۇلغان بەزى سېۋەتلەرنىڭ ئىچىدىن ئارپا، بۇغداي دانلىرى چىققان؛ ئاز ساندىكى قەبرىلەردىن چىرىپ كەتكەن مىس تالقانلىرىمۇ تېپىلغان. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، كۆنچى دەرياسى ساھىلىدىن قېزىلغان 40 نەچچە قەبرىدىن بىرەر دانىمۇ ساپال بۇيۇم تېپىلمىغان.

كۆنچى دەرياسى ساھىلىدا قېزىپ تەكشۈرۈلگەن مەلۇم بىر قەبرە (38 - نومۇرلۇق قەبرە)دىن ئېلىنغان ياغاچ، قوي يۇڭى ئەۋرىشكىلىرىنى بېيجىڭ داشۆ ئارخېئولوگىيە فاكۇلتېتىنىڭ كاربون (C14) 14 تەجرىبىخانىسى تەجرىبە قىلىپ، بېكىتكەن يىل دەۋرى تۆۋەندىكىچە:

ياغاچ ئەۋرىشكىسى —80 ± 3660 يىل، (توغرىلانغان يىل دەۋرى 3980)؛

قوي يۇڭى ئەۋرىشكىسى —170 ± 3615 يىل، (توغرىلانغان يىل دەۋرى 3925)؛

لوپنۇر رايونىدىكى كۆنچى دەرياسى ساھىلىدىن تېپىلغان بۇ ئارخېئولوگىيىلىك مەدەنىيەت يالدامىلىرى بىزگە ئۆز زامانىسىدا بۇ زېمىندا ياشىغان ئەجدادلىرىمىزنىڭ دەسلەپىدە ئانىلىق دەۋرىدىن ئىبارەت ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمى ئاللاھىدىلىكىگە ئىگە باسقۇچتا تۇرغانلىقىنى ھەمدە ئۇلاردا بىر قەدەر راۋاجلانغان دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، يۇڭ توقۇمىچىلىق، كۆنچىلىك ۋە قوشۇمچە ئوۋچىلىق، بېلىقچىلىقنىڭمۇ بولغانلىقىنى، قەدىمكى سەنئەت بۇيۇملىرى (تاش ۋە ياغاچتىن ئويۇپ ياسالغان ئادەم ئوبرازلىرى) قاتارلىقلارنى ئىشلىگەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بەردى. بەزى ئاللاھىدە ياسالغان قەبرىلەرنىڭ چۆرىسىگە نەچچە قۇر چەمبەرسىمان ياغاچ قوزۇقلارنى قېقىپ، ئۇنى چاقناپ تۇرغان كۈن شەكلىگە ئوخشاتقىنىغا قارىغاندا، ئۇلاردا يەنە كۈنگە ئېتىقاد قىلىدىغان ئادەتنىڭمۇ بارلىقىنى پەرەز قىلغىلى بولىدۇ (بۇ خىل ئاللاھىدە قەبرىگە مۇناسىۋەتلىك سىرلىق مەسىلىلەرمۇ ئەتراپلىق، چوڭقۇر تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدۇ).

تارىم ۋادىسىدا ياشىغان ئەجدادلىرىمىز بۇنىڭدىن 4000 يىل ئىلگىرىلا ھەر خىل يۇڭ پالاس، يۇڭ توقۇلمىلار، كىگىز، كۆنچىلىك (ئۆتۈك) قاتارلىقلارنى ئىشلەپ، بۇغداي، ئارپا قاتارلىق زىرائەتلەرنى تېرىپ ئۆستۈرۈپ تارىخىي تۆھپە ياراتقانىدى. كېيىنكى زامانلارغا كەلگەندە، تەكرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىي ئېتەكلىرى ۋە تارىم ئويمانلىقى ئەتراپىدا تەدرىجىي مۇھىت ئۆزگىرىشى بولۇپ، يامغۇر - يېشىن بارغانسېرى ئازىيىپ، مۇزلۇقلارنىڭ دائىرىسى تارايغانلىقتىن، سۇ مەنبەلىرى ۋە بەزى كۆللەر قۇرۇپ، ھەر قايسى يۇرتلارغا ئېقىپ كېلىدىغان دەريا - ئېقىنلار بۇرۇنقى بوستانلىق ۋە ئاۋات زېمىنلارغا يېتىپ كېلەلمىگەن. نەتىجىدە ئۇ جايلارنى قۇرغاقچىلىق، قەھەتچىلىك قاپلىغان قەدىمكى كروران، مىرەن، نىيە، چەرچەن، ئاقسىپىل، يوتقان (ئۇدۇل)، شەھرىيار، چېدىر (چادايا) قاتارلىق نۇرغۇنلىغان قەدىمكى شەھەر، كەنتلەر قۇمغا كۆمۈلگەن. شۇڭا تەكلىماكان ھازىرمۇ ئارخېئولوگىيە ۋە گېئولوگىيىنىڭ سىرلىق ئامبىرى - يەر ئاستى بايلىقلىرىنى قېدىرىش، قەدىمكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قېزىپ تەكشۈرۈشلەردە ئاجايىپ مۆجىزىلەر بىلەن تولغان سىرلىق جاي بولۇپ تۇرماقتا.

قەدىمكى «كروران گۈزىلى»نىڭ قەبرىسى تېپىلغان بۇ خىسلەتلىك زېمىنغا جايلاشقان قەدىمكى كروران شەھرىنىڭ خارابىسى لوپنۇر كۆلىنىڭ غەربىي شىمالىي قىرغىقىغا يەنى شەرقىي مېرىدىئان E89° 55′ 22′ شىمالىي پاراللېل N40°29′ 55′ نىڭ كېسىشكەن نۇقتىسىغا ئورۇنلاشقان بولۇپ، تارىخىي خاتىرىلەرگە قارىغاندا، مىلادىيدىن ئىلگىرىكى 3 - ئەسىردە بۇ يەردە «كروران پادىشاھلىقى» قۇرۇلغان.

ئۇ دەسلەپ ياۋچىلارنىڭ، كېيىن ھۇنلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولغان.

«كروران»نىڭ غەربىي جەنۇبى چەرچەن، نىيە، كېرىيە، شىمالىي تەرىپى قانقىل، غەربىي شىمالى قاراشەھەر (تارىختا سۇلى، ئاگنى دەپمۇ ئاتالغان)، شەرقىي تەرىپى چۆللىتاغ ئارقىلىق دۇنخۇاڭغا تۇتىشىدۇ.

«يىپەك يولى»نىڭ جەنۇبىي لىنىيىسىدىكى قەدىمكى كروران شەھىرى ئەينى زاماندىكى شەرق بىلەن غەربنىڭ قايناق سودا ۋە مەدەنىيەت ئالاقىلىرىدا مۇھىم ئۆتكەل بولغانىدى.

مىلادى 4 - ئەسىرنىڭ ئالدى - كەينىدە ھەر خىل تەبىئىي ئاپەت، قۇرغاقچىلىق، دەريالارنىڭ ئېقىنىنى ئۆزگەرتىشى، سۇ مەنبەلىرىنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشى سەۋەبىدىن كراۋران ئاھالىسى ھاياتلىق يولىنى ئىزدەپ، تەرەپ - تەرەپكە كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان. نەتىجىدە «يىپەك يولى»دىكى بۇ مۇھىم ئۆتكەل - ئاۋات ھەم گۈللەنگەن «كروران» شەھىرى خارابىلىشىپ، قۇم دېڭىزىغا غەرق بولۇپ كەتكەن ...

قەدىمكى «كروران» شەھىرى خارابىسىنىڭ قايتا تېپىلىشى ۋە دۇنياغا 2 - قېتىم مەلۇم بولۇشىمۇ ناھايىتى تاسادىپىي ھەم قىزىقارلىق بولغان. بۇ ئىش شۋېتسىيىلىك مەشھۇر جۇغراپىيە ئالىمى، سەيياھ سۋېن ھېدىننىڭ لوپنۇر رايونىدا ئېلىپ بارغان ئىلمىي تەكشۈرۈش پائالىيىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇ 1899 - يىلدىن 1902 - يىلغىچە تارىم دەرياسىنى بويلاپ، لوپنۇر رايونىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندا يۈز بەرگەن. سۋېن ھېدىن شۇ مەزگىلدە لوپنۇرلۇق ئۇيغۇرلاردىن بەكرى، ھاشىمنى ۋە «ئۆردەك» لەقەملىك يەنە بىر كىشىنى ئىشچىلىققا ياللىۋالغان. 1900 - يىلى 3 - ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى، ئۇلارنىڭ يولغان ئېلىۋالغان سۈيى تۈگەپ، بىر يەرنى كولاپ سۇ چىقارماقچى بولغاندا، ئۆزلىرىنىڭ بىردىنبىر سايمىنى - گۈرجەكنى ئالدىنقى قونالغۇسىدا ئۇنتۇپ قالغانلىقىنى سەزگەن. شۇنىڭ بىلەن سېۋېن ھېدىن «ئۆردەك» لەقەملىك ئۇيغۇر ئىشچىنى گۈجەكنى تېپىپ كېلىشكە ئەۋەتكەن. «ئۆردەك» قونالغۇدا كۆتۈرۈلگەن بوران دەستىدىن يولدىن ئادىشىپ كراۋران قەدىمكى شەھەر خارابىسىغا بېرىپ قالغان ۋە ئۇ يەردىكى خارابە ئىز، قەبرە، سېپىل ئورۇنلىرىنى كۆرگەن. ئۇ بىر ئامال قىلىپ، سۋېن ھېدىنلار بار جايىنى تېپىپ كېلىپ، كۆرگەنلىرىنى مەلۇم قىلغان. سۋېن ھېدىن بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن دەرھال كراۋران خارابىسىغا بېرىپ، ئۇ يەردە تەكشۈرۈش ۋە قېزىش ئېلىپ بارغان. سۋېن ھېدىن بۇ شەھەر خارابىسىدىن قارۇشتىچە، كونا خەنزۇچە خەتلەر پۈتۈلگەن نۇرغۇن ياغاچ تارشا پۈتۈكلەرنى، يۇڭ، يىپەك، پاختا، كەندىر توقۇلمىلار، قىرغۇدا قىرىپ ياسالغان ھەر خىل ياغاچ بۇيۇملار، سىرلانغان (لاكلانغان) ياغاچ بۇيۇملار، مۆھۈر - تامغا، مېتال سايمانلار، زىب - زىننەت بۇيۇملىرى، بېلىقچىلىق، ئوۋچىلىق ئەسۋابلىرى قاتارلىق قىممەتلىك يادىكارلىقلارنى تاپقان. قارۇشتىچە خەت پۈتۈلگەن بىر تارشا پۈتۈككە بۇ شەھەرنىڭ «كرورايىنا» دەپ ئاتىلىدىغانلىقى خاتىرىلەنگەن.

سۋېن ھېدىن ئۆزىنىڭ ئەسىرى «مەركىزىي ئاسىيادا ئېلىپ بېرىلغان سەككىز يىللىق ئېكسپېدىتسىيە» دېگەن كىتابىدا مۇنداق دەپ يازغان: «مەن 1899 - يىلى 11 - ئايدا كېمىدە تارىم دەرياسىدا سayahەت ۋە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندا، ئۆردەك مېنىڭ خىزمەتچىم ئىدى ... مەن تەكلىماكان قۇملۇقىدىن ئۆتكەندە ئۇ مېنىڭ تۆت ھەمراھىمنىڭ بىرى ئىدى. 1900 - يىلى ئۇ مەن بىلەن بىللە كۆنچى دەرياسىنىڭ قۇرۇق ئىزىنى تەكشۈرۈشكە قاتناشقان ھەم شۇ يىلى 3 - ئاينىڭ 28 - كۈنى كروران قەدىمكى شەھىرىنى تېپىش ئىشىدا مۇھىم رول ئوينىغانىدى».①

قارالڭ! تارىخنىڭ قىسمەتلىرى ئەنە شۇنداق قىزىقارلىق، ئەگرى - توقاي، ئېچىنىشلىق بولىدىكەن. بىر زامانلاردا قەدىمكى «كروران گۈزىلى» ياشىغان دىياردا ئىز بېسىپ، ياشاپ، ئاۋۇپ ئۆزگىچە خىلمۇ خىل ئاجايىپ مەدەنىيەت ياداملىرىنى ياراتقان مۆجىزىدار ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئاۋات شەھەرلىرى كېيىنكى چاغلاردا ھەر خىل تارىخىي سەۋەبلەر، بالايىئاپەتلەر تۈپەيلى خارابىلىققا ئايلىنىپ كەتكەنىكەن ...

بۈگۈنكى كۈندە، خەلقىمىزنى يېڭى يىپەك يولىنىڭ ئېچىۋېتىلىشى مۇناسىۋىتى بىلەن، ئەجدادلار ياراتقان قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىمىز ھەر قايسى ئەللەر ئوتتۇرىسىدىكى يېڭىچە مەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئىشلىرىدا ۋە «يىپەك يولى» ئوتتۇرا ئۆتكىلىدىكى ئۇيغۇر قاتارلىق خەلقلەر تۇرمۇشىدىمۇ ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچى ۋە مەپتۇنكار ئىستېتىك سېھرىنى نامايان قىلماقتا.

---

① يۇقىرىدىكى ئابزاس مەزمۇت ھېيت تەييارلاپ، «شىنجاڭ گېزىتى» جاھاننامە بېتى «1993 - يىل 2 - مارت» دە ئېلان قىلغان «كروران ۋە ئۆردەك» ناملىق ماقالىدىن ئۆزگەرتىپ ئېلىندى.

# نورۇز بايرىمى ۋە ئۇنىڭ تارىخىي قاتلىمى توغرىسىدا

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن

تەھرىر ئىلاۋىسى: نورۇز - ئۇيغۇر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ھاياتىدا خۇددى مەشرەپلەردەك ئومۇم خەلق ئېتنىك مەدەنىيەت ھادىسىسى. ئۇ ئۆزىنىڭ تارىخىنىڭ ئۇزۇنلۇقى، كالېندارچىلىق ھېسابىنىڭ خاسلىقى ۋە پائالىيەت شەكلىنىڭ مۇجەسسەملىكى بىلەن داڭق چىقارغان ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە يازما خاتىرىلەردە قەيت قىلىنىپ كەلگەن. نورۇز بايرىمىنىڭ فولكلور قىممىتىنى ۋە تارىخىي قاتلاملىرىنى تەتقىق قىلىشنىڭ ئەھمىيىتىنى مۇقام - مەشرەپ تەتقىقاتىغا تەقلىس قىلىش مۇمكىن. ئۇ ئەنئەنىۋى مۇنەۋۋەر مەدەنىيەت بايلىقىنى كەڭ جارى قىلىپ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى بېيىتىشقا پايدىلىق.

بۇ ماقالە نورۇز بايرىمى توغرىسىدىكى بىر قەدەر ئەتراپلىق تەتقىقات نەتىجىسى بولغانلىقى، نورۇز - كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىكى ئەڭ قەدىمكى ۋە ئەڭ ئىزچىل تېما بولغانلىقى ئۈچۈن ژۇرنىلىمىزغا كۆچۈرۈپ باستۇق.

«كۈن مەھەلگە كىردى ئەرسە كەلدى ئالەم نەۋرۇزى،
كەچتى بەھمەن زەمھەرىر سوۋۇش قالمادى قارى بوزى»

- نەسىرىددىن رابغۇزى.

## 1. مۇقەددىمە. نورۇز - ئوتتۇرا ئاسىيا تەبىئەت ئىلاھچىلىقىنىڭ يالدامىسى

مۇشۇ ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرى تۇرمۇشتىن تەقىپ قىلىنغان ئەنئەنىۋى ئېتنىك بايرام - نورۇز بايرىمى يېقىنقى ھاياتبەخش يىللارنىڭ نۇرانە شولىسىدا خۇددى بۇلۇقتۇرۇلغان «نورۇز بۇلاق» كۆز ئاچقاندەك يېڭىباشتىن ئۆزىنىڭ قايناق مېلودىيىسى بىلەن كۆز ئالدىمىزدا جىلۋىلىنىشكە باشلىدى. ئۇ ئۆز بۇلىقىنى يوقاتقان چىمەن ۋە ئۆز چىمەنلىكىنى يوقاتقان بۇلاق قايتا قوشۇلغاندەك خەلقىمىز ھاياتىدا بىر قۇتلۇق پائالىيەت - نورۇز بايرىمى پائالىيىتى جۇش ئۇرۇپ چىقتى. سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىمىزغا ئەجىر سىڭدۇرۇپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋى مىللەت ئۇيۇشتۇرۇش كۈچىمىزگە تۆھپە قوشقۇچى بۇ خىل ئېتنىك مەدەنىيەت پائالىيىتىنىڭ مۇنداق تېز، مۇنداق يارىشىملىق گۈل - چېچەكلەر بىلەن ئازادە جابدۇنۇپ ئۈلگۈرەلىگەنلىكىنى ئويلىغىنىمىزدا ئۇنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق قەدىمىي ئىزنالىرى كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولۇشى تەبىئىي.

«نورۇز» ئاتالمىسى خۇددى «مۇقام» ئاتالمىسىغا ئوخشاش ئۆزى ئېيتىدا بولغان ۋاقىتتىلا مەيدانغا چىققان ئەمەس! كىشىلەر تارىخىي ھەقىقەتلەرنى تېپىشقا تەمشەلگەندە، ئېتمولوگىيە (لۇغەت مەنبەسى) ئىلمى بۇ ئوبيېكتنىڭ تارىخىي ئەسلى مەنبەسىنى ئېنىقلاشقا ھەر قاچان ئاجىزلىق قىلىدۇ. روشەنكى، ئېتمولوگىيىلىك ئوبيېكت - نەرسىنىڭ ئۆزىگە ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ مۇئەييەن قېلىپلاشقان ۋە بەلكى ئاخىرقى ۋارىيانتتىكى نام - ئاتالمىسىنى ئىزاھلاشنى ئوبيېكت قىلىدۇ، خالاس. ئەگەر ھەقىقەتلەر ئېتمولوگىيىلىك ئىزاھات بىلەن ھەل قىلىنىدۇ، دېيىلىدىغان بولسا ئىلىم دۇنياسى «كولكۇ ئەينىكى» فىگۇرىلىرىغا گىرىپتار بولغان بولاتتى!

ئەنە شۇ ئېتمولوگىيە بويىچە بۇ ئىبارە شەرقىي ئىران - تاجىك تىلى تەلەپپۇزىدا «نەۋ» - يېڭى، «روز» - كۈن سۆزىدىن مۇجەسسەملەشكەن بولۇپ، «يېڭى كۈن» - «يېڭى يىل كىرگەن كۈن» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. كېيىنكى ۋاقىتلاردا توققۇز ئوغۇز دەپ تەرىپلەنگەن غەربىي ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ قەدىمكى بۇرناق بايراملىرىنى «مەشرەپ» دەپ ئاتىغاندەك، يېڭى يىل - بىلش باھار بايرىمىنى تەخمىنەن زارا ئاسترىزىم دىنىدىن كېيىن شەرقىي ئىران - تاجىك تىلى بويىچە «نورۇز بايرىمى» دەپ ئاتاشتى. شەرقىي ئۇيغۇرلار بولسا بۇ ئايەمنى ئۇزاقتىن - ئۇزاق «كۆك بۇرناق»، «سۈمۈلە ئايىمى»، «كۆك مەشرىپى» نامىدا داۋاملىق ئاتاپ كېلىشتى.

«نورۇز» كالېندارى ھەققىدە ھازىرغىچە روشەن بەلگىلىمە مەۋجۇت ئەمەس. ماقالە ياكى قامۇس ماقالىلىرىنىڭ مۇئەللىپلىرى تولا ۋاقىتلاردا ياكى ئاتەشپەرەسلەرنىڭ، ياكى زىرىۋانىزىم مۇخلىسلىرىنىڭ ياكى خارەزمى، برۇنى، ئۆمەر ھەييام، ئۇلۇغبېك تۈزگەن زىچە - كالېندارلارنىڭ يىل بېشى كۈنىنى نورۇز كۈنى قىلىپ مۇتلەقلەشتۈرۈپ يېزىشىپ كېلىشتى. بەزى ئاپتورلىرىمىز

ئۇنى دېھقان يىلى (خەنزۇ كالېندارى) بويىچە مۇئەييەنلەشتۈرۈشتى.

ئېيتىش كېرەككى، نورۇز، نورۇز ـ ئالدى بىلەن تەبىئەت بايرىمى. بۇ ھەقتە ئىران تارىخچىسى ئازىرگىشاسىب ئۆزىنىڭ «قەدىمكى ئىران يوسۇن مىراسلىرى» ھەققىدە (ئەبىن بەرگۈزارى چەشنىخەيئى ئىرانى بەشتان) ناملىق ئەسىرىنىڭ 56 ـ بېتىدە بۇنداق يازىدۇ: «نورۇز ـ باھار كۈنى، ئورمۇزدا كۈنى ... گۈل ۋە خۇش بۇي گىياھلار مەۋسۇمى ... نورۇز ـ تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئۇلۇغ بايرىمى. بۇ چاغدا باھار شامىلى دالا ۋە ساھىللارنى بېشىللىققا پۈركەيدۇ. ئۆلگەن، چىرىگەن نەرسىلەرنى ئېلىپ كېتىدۇ، تەبىئەت يېڭىباشتىن ئۈستىبلىش كىيىدۇ»① . شۇنداق ئىكەن، نورۇز ھەممە تەبىئەت سەنئىتىگە بىرلا كالېنداردا كېلىشى مۇمكىن ئەمەس. بىزچە، جەنۇبىي جۇڭگودا يانۋار ـ فېۋرال ئايلىرىدا باھار بايرىمى قۇتلۇقلانغانلىقى بىلەن، قەدىمكى شىمالىي دىيار، ھون خەلقلىرى ئارىسىدا ئاپرېل ـ ماي ئايلىرىدا «ئەجدىھا بالىق» شەھىرىدە يېڭى يىل بايرىمى ئۆتكۈزۈدىغانلىقى، چارۋىچىلار قوي ـ يىلقىلىرىنىڭ ھېسابىنى ئالىدىغانلىقى، لايدىن ياسالغان كونا بەخت مۇئەككەللىرىنى چېكىپ، شۇ لايدىن يېڭى يىللىق بەخت مۇئەككەللىرى ياسايدىغانلىقى بۇنىڭ بىر دەلىلى، بۇ ھەقتە «تارىخنامە»، «شىمالىي جۇ كىتابى»، «ۋېينامە»، «سۈينامە» دەستۇرلىرىدا كۆپلەپ قىميەت قىلىنغاندىن تاشقىرى «تۇرپان تېكىستلىرى» دىكى ئۇيغۇرچە بۇددا ۋە مانىخ دەستۇرلىرىدىمۇ مول مەنبەلەر ساقلانغان. 1863 ـ 1878 ـ يىللىرىغىچە شىنجاڭدا تۇرۇپ «غەربىي زېمىن ھەققىدە نەزمىلىك بايان» ناملىق تۆت جىلد كىتاب يازغان شاۋشۇن جەنۇبىي شىنجاڭدا ئۆتكۈزۈلىدىغان نورۇز بايرىمىنىڭ خەنزۇلار قولانغان دېھقانچىلىق يىلى ئاساسىدا ئەمەسلىكىنى تەكىتلەپ، مۇنداق بىر نەزم يازغانىدى:

«ئۇندا شاتلىقلار تۈگەل ھۈنەر ـ ماھارەت بەيگىسى،
دوغا تىككەن زەر ۋە تىللا بەيگىلەر ئىنئامچىسى.
بەل تۇتۇپ، چېلىش قىلار پالۋان يىگىتلەر تۇشمۇ ـ تۇش،
تاللىنۇر پالۋان ئارا مەيدان بويىچە نوچىسى».

ئۇ كىتابىغا «ئۇيغۇرلارنىڭ يېڭى يىلى جۇڭگو ئايلىرىغا ئاساسلانمىغان» دەپ ئىزاھات يېزىپ قالدۇرغان.

ئۇنداقتا «نورۇز» قايسى كالېندارغا ئاساسلانغان؟ شۈبھىسىزكى، زارا ئاستىرىزم ئېتىقادىدىن ئىلگىرىلا شەكىللىنىشكە باشلىغان ئوتتۇرا ـ مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ 12 ئاينى ئۆكەكتىكى 12 ھايۋان ياكى نەرسە نامىدا ئاتايدىغان ۋە قىيا سۈرەتلىرىدىكى ئاسترونومىيىلىك تامغىلاردا تەكرار گەۋدىلەندۈرۈلگەن ئىپتىدائىي توتېمىزم تەقۋىمچىلىقىغا ئاساسلانغان. باشقىچە ئېيتقاندا، ئۇ ھازىرقى ئىران دىيارىدا قوللىنىۋاتقان ئاي كالېندارى ـ قەمەرىيگە ئوخشايدىغان، ئىپتىدائىي شەكىلدىكى شەمسىيە كالېندارىغا ئاساسلانغان. زارا ئاستىرىزم بۇ خىل ئىپتىدائىي قۇياش كالېندارىنى قوبۇل قىلدى②، بىراق ئاي ناملىرىنى بىرلەمچى نەرسە (زات) نامىدىن ئىككىلەمچى ئابستراكت سۈپەت ئىبارىلىرىگە ئالماشتۇرۇۋەتتى.

روشەنكى، قۇياش ئىلاھىغا قوشۇمچە تەگرىلەر قاتارىدا ئەمەس، بەلكى بىلىش تەگرى سۈپىتىدە ئېتىقاد قىلغان خەلقلەردىن كونا مىسىر (ئېگىپىت) لىقلار، ھەمدە مەركىزىي ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى مەشھۇر ئىدى. ۋەھالەنكى، قەدىمكى مىسىرلىقلار 2 ـ پىرئەۋن سېخېمدىن باشلاپ قۇياش ئىلاھى «را» غا بولغان ئېتىقادىنى پىرئەۋنىنىڭ شەخسىي ئېتىقادى قىلىپ قويغان ۋە «ئامون»، «مائون»، «مائاموئات» ئىلاھلىرى تەسىرىدە «را» نىڭ نوپۇزى تۆۋەنلەپ كەتكەن بولسا، ئەكسىچە مەركىزىي ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى بۇ خىل تەبىئەت ئىلاھچىلىقى قاراشلىرىنى شامانىزم، زارا ئاستىرىزم ۋە مانى دىنى ئۇستۇنلۇك ئالغان پۈتكۈل دەسلەپكى ئوتتۇرا ئەسىرگىچە كەمكۈتسىز ئىزچىللاشتۇرۇپ كەلدى.

بۇ توغرىلىق ئا. دوروشېنكو «ئىراندا ئاتەشپەرەسلىك» ناملىق كىتابىدا، زارا ئاستىرىزم ئۆز قاراشلىرىنى قۇياش كالېندارىغا ئاساسلىنىپ شەرھلىگەنلىكىنى، بۇ چاغدا بۇ جايلاردا مىسىرلىقلارنىڭ قۇياش كالېندارى بولمىغانلىقىنى تىلغا ئېلىش بىلەن بىللە، زارا ئاستىرىزملىق قۇياش كالېندارى مىلادىدىن ئىلگىرىكى مىڭىنچى يىللارنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن ئۇنىڭغا

① ئا. دوروشېنكو: «ئىراندا ئاتەشپەرەسلىك»، موسكۋا، 1982 ـ يىل رۇسچە نەشرى، 71 ـ بېتىدىكى نەقلىدىن ئېلىندى.
② «تۇرپان تېكىستلىرى» دە سوندى كالېندارى «NawsRdic» (نەۋسىردىپ) دەپ ئىستېمال قىلىنغان.

بېقىن شەرقىي ئىراندا شەكىللەنگەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ.[1] ئا. دوروشېنكو ئۆز كىتابىدا تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ، زارا ئاستىرىزىم دىنىدىكى بىلىش تەڭرى «ئاخرۇمازدا» (ئۇيغۇرلاردا ئۇرموز[2]) ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ قۇياش (كۈن تەڭرىسى مىترادىن ئۆزگىرىپ ھاسىل قىلىنغان دېسە، ئۇ ئەبۇ رەيھان بىرۇنى (63 ـ بەتتە) ۋە ئۆمەر ھەييامنىڭ (68 ـ بەتتە) يىل بېشىنى بەلگىلەشتە قۇياشنىڭ «قوزى» (ھەمەل) بۇرجىغا توغرا كەلگەنلىكىنى ئۆلچەم قىلغانلىقى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن[3]. ئىنىڭ قىممەتلىكى شۇكى، ھەتتا زارا ئىسترىزىم مۇقەددەس كىتابى «ئاۋېستا» دىمۇ نورۇزنى قوزى بۇرجى بىلەن باشلىنىدۇ دەپ يېزىلغان④. ۋەھالەنكى، ئۇيغۇر خەلقى ئەزەلدىنلا قىش ئاخىرىنى بېلىق (ھوت) بۇرجى، يىل بېشىنى قوزى (ھەمەل) بۇرجى بىلەن ئاتاپ كەلگەن[4].

يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا:

«يىلىشىق ياندى بولغاي يانا ئورنىغا،
بالىق قۇيرىغىدىن قوزى بۇرنىغا»
(قۇياش ياندى بولغاي يەنە ئورنىغا،
بېلىق قۇيرۇقىدىن قوزى بۇرنىغا)

دەپ يازسا، رابغۇزى:

«كۈن ھەمەلگە كىردى ئەرسە كەلدى ئالەم نەۋرۇزى،
كەچتى بەھمەن زەمھەرىر قىش قالمادى قارى بوزى»
(كۈن ھەمەلگە كىرگەندە نەۋرۇزى ئالەم باشلىنىدۇ،
بەھرەمەندەك قىش كېتىپ قار-مۇزلىرىمۇ توگەيدۇ)

دەپ يازغان.

نورۇز ـ نوقۇل تەبىئەت بايرىمىلا ئەمەس، ئۇ خېلى ئۇزاق بىر زامان قۇياشقا، ئوتقا ۋە يورۇقلۇققا بولغان دىنىي ئېتىقاد تۈسىنىمۇ ئېلىپ كەلدى، بۇ زارا ئاستىرىزىمدىن ئىلگىرىكى قۇياشقا چوقۇنۇش ـ تەبىئەت ئىلاھچىلىقى شەكلىدە ئىككى باشقۇچنى بېشىدىن ئۆتكۈزدى.

شۇنى ئالدى بىلەن قەيت قىلىش ھاجەتكى، ھىنگان تاغلىرىدىن ئورال تاغلىرىغىچە، جەنۇبىي سىبىرىيەدىن ھىندىقۇش چوققىلىرىغىچە بولغان بىپايان زېمىن ئىپتىدائىي ئىنسان گورۇھى ۋە باشلانغۇچ توتېمىزملىق مەدەنىيەتنىڭ ئەڭ كونا ئاپىرىدەگاھلىرىنىڭ بىرى ئىدى. ئومۇمەن ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيادا ئۇزاق ھۆكۈم سۈرگەن مۇز دەۋرى ئاخىرلاشقىچە تەبىئىي غارلاردا قۇياشقا تەلمۈرۈپ، ئوتقا سېغىنىپ كەلگەن ئىپتىدائىي ئىنسان توركۇملىرى بىر قەدەر ئىلگىرىلا بىرونزا قوراللار ۋە ئاتلىقلار مەدەنىيىتىنىڭ ئىختىراچىلىرى بولۇپ مەيدانغا چىقىشتى. غار ۋە قىيالار ئات، بۇغۇسۇن (چاق)، قاڭقا (ھارۋا) ۋە ئاي ـ كۈن تامغىلىرىنى سىزىپ قالدۇرغان بۇ خەلقلەر دائىمىي يۆتكىلىپ تۇرۇش تۈپەيلى «ئالتۇن قوزۇق» يۇلتۇزىغا قاراپ تەرەپ بەلگىلەش، تەرمىلەرنى رەڭ بىلەن بەلگىلەش، ئەسىرلەرنى مۆچەلگە، يىلنى12 بۇرچقا (12 ئۆكەك، 12 راش) قاراپ پەسىل ۋە ئايلارغا ئايرىش ۋە ئۇنى بىۋاستە ھايۋان ياكى بۇيۇم نامىدا كونكرېت ئاتاش، پالنامە (كۆرۈم)، چۈش جوراش قاتارلىقلارنى خېلى ئىلگىرىلا دائىمىي تۇرمۇشنىڭ ئەمەلىي كۈنتەرتىپى قىلغانىدى.

قۇياشقا چوقۇنۇش ئارىئان ئانتروپولوگىيىسى ۋە تۈركىي ئېتنولوگىيىسىگە ئالاقىدار ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيا قەدىمكى خەلقلىرى ئىپتىدائىي مەدەنىيىتىنىڭ مەنىۋى تۈۋرۈكى بولۇپ شەكىللەندى. قۇياش ـ بىر قاراشتىلا ياز ۋە قىش ئىككى پەسلىدەك بىلىنىدىغان بۇ كەڭ زېمىندا ھايات سىمۋولى، مال ـ چارۋا سىمۋولى، تۆت تالدۇ ـ تۆت قۇت ئۇۋدىكى ئاتا تەڭرى نوپۇزىنى تىكلىگەنىدى. قىيا رەسىملىرىدىن بىز ئەڭ ئىپتىدائىي دىنىي مۇراسىملارنىڭ كۈنگە سېغىنىش مۇراسىمى بولغانلىقىنى، ئەڭ دەسلەپكى ئۇسۇل پىرلىرىنىڭ كۈنگە تالاۋەت قىلىش ئالامەتلىرى بىلەن تولغانلىقىنى كۆرىمىز.[5] بولۇپمۇ چوغاي تاغلىرىدىكى قۇياشقا چوقۇنۇۋاتقان يالغۇز ئەركەكنىڭ تەسۋىرى، پەرغانىدىكى سايمالتاش قىيالىرىغا سىزىلغان قۇياشقا تىلاۋەت قىلىپ پىرى ئۇسۇلى بىلەن مۇراسىم ئۆتكۈزۈۋاتقان كىشىلەرنىڭ تەسۋىرى، قازاقىس-

---

① يۇقىرىقى كىتاب 63 ـ بەت.

② 924 ـ 925 ـ يىللاردىكى گەنجۇ سېرىق ئۇيغۇرخانىنىڭ ئىسمىمۇ ئۇرموز ئىدى.

③ ④ يۇقىرىقى كىتاب 63 ـ بەت.

④ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ۋە «قۇتادغۇبىلىك»كە قارالسۇن.

⑤ ئاپتورنىڭ «شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1992 ـ يىللىق 1 ـ سانىغا بېسىلغان «قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا قۇياش ئېتىقادى» ناملىق ماقالىسىگە قارالسۇن.

تاندىكى تامغالىق ياپلاق قىيالىرىغا سىزىلغان ھەيۋەتلىك تاغ تېكىسى (ئالەم) ئۈستىگە دەسسەپ تۇرغان توققۇز نۇر ھالقىلىق قۇياش ئىلاھى تەسۋىرى بۇ جەھەتتىكى ماددىي ھۆججەتتۇر. ئېلىمىز يىلنامىلىرىدە بۇ جەھەتتە روشەن ئۇچۇر بېرىلگەن.

خىزدى قىيا تاشلارغا يومىلاق كۈن شەكلى چۈشۈرۈلگەندەك جەسەت[1] قەبرىگاھلىقلىرىمۇ نۇرلانغان قۇياش سىمۋولىدا ئەتراپلىرىغا چەمبەرسىمان بىر قانچە قات قوزۇق قېقىش[2] ياكى تاشلار تىزىش بىلەن بەجا قىلىنىدىغان بولدى. قوللىرىغا مەشئەل ـ چەلپەكتوزلار كۆتۈرگەندەك، قىيالار ـ ئادەم ۋە مال ـ چارۋا شەكىللىرى يېنىغا يېنىۋاتقان ئوت سىيماسى بولغان «卐» تامغىسى چۈشۈرۈلىدىغان بولدى. يېڭى يىل مۇناسىۋىتى بىلەن لايدىن بەخت مۇئەككەللىرى ئوبرازى ياسىلىشتىن ئىلگىرى ئۇرۇقداش قەبىلىلەر ئات ـ قويلان قۇربانلىق قىلىپ، غار تاملىرى ۋە قىيا تاشلارغا يېڭى چىققان ئاينىڭ، يېڭى كۆتۈرۈلگەن كۈننىڭ تامغىسىنى چېكىپ، دەسلەپكى يىلنامە ئەنئەنىسىنى باشلىدى.

مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ دىنى، مەدەنىيىتى، فولكلور ئەنئەنىلىرىنىڭ سالماقلىق بىر قىسمى ئىپتىدائىي قۇياش ئىلاھچىلىقى ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن.

مۇشۇ ئادەت قەبىلىلەر ئىتتىپاقلىرى دەۋرىدە «كۈن تۇغمىش»، «ئاي تۇغمىش»، «كۈن تېكىن»، «ئاي تېكىن» سەلتەنەت ناملىرىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا، جۈملىدىن «كۈنچى»، «كۈنەس» توپونىملىك ئىسىملارنىڭ شەكىللىنىشىگە يول ئېچىپ بەردى.

كۆك (سومۇلە) مەشرىپى ـ ئەڭ قەدىمكى ئېتنىك مەدەنىيەت چەشمىلىرىنىڭ بىرى سۈپىتىدە ئىپتىدائىي تىرىكچىلىك ئالامەتلىرى، يېڭى تىل قورال دەۋرىنىڭ مۇناسىپ پەسىللىرىنىڭ بىرىدە ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز ھاياتىغا يېڭى ھۆسن قوشتى. بۇ تېخى زارا ئاستىرىزىم دىنى شەكىللىنىپ ئۈلگۈرمىگەن، ئىسكەندەر قوشۇنلىرى شەرقىي ئىران ۋە ماۋەرائۇننەھرگە قەدەم قويمىغان، ھېرودوتۇس، سترابون، كورتىسىي رۇف، ئوررىئان، پولىتارىخ قاتارلىق تارىخچىلار ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئارىسىدىمۇ خۇددى گرېتسىيىدىكى «دىئونۇس بايرىمى» دەك مەشرەپ (Mayxrəb) بايراملىرىنىڭ بارلىقى ھەققىدە تېخى قەلەم تەۋرەتمىگەن چاغلار ئىدى. «دىۋان لۇغەتت تۈرك»

شۇ خىل خەلق بەزمە قوشاقلىرىدىن [illegible] كۆرسەتكەندە بۇ بىر قوشاقنى خاتىرىلىگەنىدى.

«ئۆرۈك باشى قازلايۇر،
ساغراق تولۇ كۆزلەيۇ.
ساقىنچ قوزى كەزلەيۇ،
تۈن ـ كۈن بىلە سەۋنەلىم»

بۇ قوشاقتىكى «مەي ئۆرۈكلىرى غازدەك تىكلەندى، قەدەھلەر كۆزى مەيگە تولدى» دېگەن سۆزدىن كېيىنكى جۈملىدىكى «قوزى» ئىبارىسى ئەگەر «قوزى يازغى يۇلتۇز باسا ئۇد كىلۇر» (قوزى باھار يۇلتۇزى، ئارقىسىدىن كالا كېلىدۇ) دېگەنىدىكىدەك باھار باشلانغان ئاينى ئىپادىلىسە، ئۇ چاغدا بۇ قوشاقنىڭ ھەققىي يەشمىسى مۇنداق بولىدۇ.

(ئۆرۈك بېشى غازدەك تىكلەندى،
قەدەھدە مەي بىلىق كۆزى بولدى.
كەلدى ئارقىدىن قوزى كۆرۈنۈپ،
كەل يار كۈن ـ تۈن ئوينايلى ئەمدى.)

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ، بۇ نورۇز قوشاقلىرىدىن بىر نەمۇنە بولغان.

## 2. نورۇز بايرىمى ۋە زارا ئاستىرىزىم ئېتىقادى

ھەممىگە ئايانكى، ئوتتۇرا ـ مەركىزىي ئاسىيا قەدىمى قەبىلىلىرى ئۆز تارىخىدا كۆچۈش ۋە يۆتكىلىش ھادىسىسى، قوشۇلۇش، بۆلۈنۈش ۋە قايتا تەشكىللىنىش ھادىسىسى، دىن ۋە ئېتىقاد شەكىللىرىنى ئالماشتۇرۇپ تۇرۇش ھادىسىسىنى شۇنداق تەكرار، شۇنداق تېپىك گەۋدىلەندۈرىدۇكى، ئۇنى ئېتنولوگىيىدىكى گولپېسترىم ئېقىمى قانۇنىيىتى دېيىش مۇمكىن! شەرققە يۈرۈش قىلغان دارا ۋە ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىننىڭ ئۇزۇل ـ كېسىل ھالاكىتىنىڭ پۈتۈنلەي ئەكسىچە، سومىرلار، ئارىيانلار، سكىتاي ـ ماساگېتلار، ھون ۋە ئاۋارلار، سالجۇق ۋە موڭغۇللار، ئەڭ ئاخىرى تۆمۈرلەڭ ۋە بابۇر چەۋەندازلىرى

① كۆكتوقايدىكى تامبالتىلش، پەرغانىدىكى سايمالتىلش قىيا رەسىملىرى بۇنىڭغا مىسال.

② لوپنۇردىن تېپىلغان يەتتە قاتار چەمبەرسىمان قوزۇققا ئورالغان كونا قەبرە ئۇنىڭغا مىسال.

قارا دېڭىز ساھىلى، مىسىر دىيارى، رىم ئىمپېرىيىسى،
مېسوپوتامىيە ۋادىسى، ئىلەم ئېگىزلىكى ۋە ھىند دەريا
ۋادىلىرىغا مەڭگۈلۈك ئىزىنىڭ ھۆججەتلەر ۋە مەدەنىيەت ئۇ-
رۇقلىرى چېچىپ كېتىشكەنلىكىنى ھېچكىم ئىنكار قىلال-
مىغان ئەمەس.

مىلادىدىن ئىلگىرىكى ئۈچ مىڭىنچى يىللار بېشىدا
تىگىر - ئېۋفرات ۋادىسىدا تۇنجى «شەھەر قەلئە» مەمل-
كىتى قۇرغان سۇمېرلىقلار قەدىمكى مېسوپوتامىيە ئەپسا-
نىلىرىدا توپان بالاسىدىن كېيىن پەيدا بولغان خانلىق
دەپ تىلغا ئېلىنىپ كەلدى. رىئو - سودرا (ئوتنا پەچ-
چىم) نامدا ئاتالغان سۇمېر قەھرىمانىنىڭ ئىسمىمۇ ئارد-
ىمان تەلەپپۇزلىرىغا ئوخشايتتى. بۇندىن تۆت مىڭ ئالتە
يۈز يىل ئىلگىرىكە مۆلچەرلەنگەن سۇمېر قەبرىلىرىدىن
چىققان تۆت چاسا تاغار شەكىللىك قوپال يۈك توقۇلما
كىيىم بىلەن ئالتۇن، كۈمۈش، مىس ۋە قوغۇشۇن مېتاللار
تارىخچىلار ئارىسىدا سۇمېرلىقلار بۇ كان قېزىلمىسى بول-
مىغان ھەم ھاۋاسى ئىسسىق دىيارغا ئوتتۇرا - مەركىزىي
ئاسىيادىن كۆچۈپ كەلگەن دېگەن قاراشقا ئاساس سېلىپ
قويدى.

شىمالىي ئوتتۇرا ئاسىيا ئارىئانلىرىنىڭ ھىندىستان
ۋە ئىلەم ئېگىزلىكىگە قىسمەن كۆچۈشلىرى ھىندىستان
ۋە ئىران ئاھالىسى تارىخىدا يېڭى ئىزنىڭ قاتلام تەشكىل
قىلدى. مىلادىدىن ئىلگىرىكى مىڭىنچى ئەسىرنىڭ باشلى-
رىدىلا سكىتاي (سكىف) چەۋەندازلىرى قارا دېڭىز ۋە
كىچىك ئاسىيا زېمىنىنى ئەگىپ غەربىي ئاسىيا زېمىنىدا
پەيدا بولغانىدى. ئاسورىيە پادىشاھى ئاسارخادون گەرچە
قىزىل دېڭىزدا تولۇق كېمىلىرى بىلەن دەبدەبە قىلىپ
يۈرگەن بولسىمۇ، سكىتاي چەۋەندازلىرى سەركەردىسى
پارتا توتاغا ئۆز قىزىنى بېرىشكە مەجبۇر بولغانىدى. ئىلەم
ئېگىزلىكىدە «شاھنامە»دە تەسۋىرلەنگەن ئەپراسىياب
(ئالپ ئەرتوڭا) بىلەن ئۇنىڭ ۋارىسلىرى پەيدا بولۇپ
قالدى. زاراتۇستىرىزم ئېتىقادى مانا مۇشۇنىڭدىن كېيىن
ئوتتۇرا ئاسىيادا يۈز بېرىۋاتقان كەڭ كۆلەملىك تېرىقچى-
لىق ۋە ئولتۇراقلىشىش ھادىسىسىنىڭ ئىدېئولوگىيىلىك
ئىپادىسى ۋە ھامىيسى سۈپىتىدە مەيدانغا چىقتى.

ئۆز سەھىپىلىرىدە ئەجدىھانى ئۆلتۈرگەن گىرشا-
سىپ بىلەن ئەپراسىياب سۆزلەنگەن[1] زاراتۇستىرىزم ئىلا-
ھىيەت كىتابى «ئاۋىستا»نىڭ «ياشتا» قىسمىدا، يەنە
«تورا» ئىبارىسى ئاستىدا بارلىق سكىتاي (ساك، ماسسا-
گىت) قەبىلىلىرىنى ئاتاپ كۆرسەتكەن ،[2] ساكلارنى
بەزى تارىخچىلار پەرەز بىلەنلا ئېيتقاندەك قانداقتۇر ئىرا-
نى خەلق دەپ ئەمەس، بەلكى تۇران دىيارىدا ياشىغۇچى
جەڭگىۋار تۇرلار[3] دەپ تىلغا ئالغان.

زاراتۇستىرىزم دىنى ئوتتۇرا ئاسىيا ئاھالىلىرىنىڭ قە-
دىمكى قۇياش ۋە ئاتەش ئېتىقادىنى تەبىئەت ئىلاھچىلىقى
ۋە ئانىمىزملىق (رىمبۇننەۋئى) شەكلىدىن ئابستراكتلاش-
قان دىنىي ئىلاھىيەتچىلىك باسقۇچىغا كۆتۈرگەندە، يېڭى
يىل نورۇز كالېندارى ۋە نورۇز بايرىمى پائالىيەتلىرىنگ
يېڭى تۈس ۋە مەزمۇنلار بېغىشلىدى.

ئەبۇلقاسىم فىردەۋسى «شاھنامە»دە گەرچە جەمشىد
زامانىدا نورۇز بايرىمى رەسمىي جاكارلانغانلىقىنى تەسۋىر-
لەپ:

«جاھانغا نۇر - زىيا سالچار پادىشاھ،
بۇ نەۋرۇز كۈنى بولدى تەخت ئۈزرىجا.
يىغىلدى ئۇلۇغلار، ھەممە شاد - خۇش،
مەي، ئۇسسۇل بىلەن چالغۇ تاپتى خۇرۇش» .

دەپ تىلغان ئالسىمۇ، ئەپسانىۋى پىشالىتلار پادىشاھلىقى
دەۋرىدە تېخى زاراتۇستىرىزم دىنى شەكىللەنمىگەنىدى. بۇ
ئۇلۇغ ئىران پوئېزىيە ئەزىمىتى جەمشىد ۋە نورۇز تەسۋى-
رىنى خەلق رىۋايەتلىرىدىن ئالغان. غەيرىي يازما رىۋايەتتە
قۇرغاقچىلىققا دۇچ كەلگەن پادىشاھ جەمشىد قانال قازدۇ-
رۇپ، سۇغا مەدھىيە ئوقۇلغان تەنتەنىلەر ئۇيۇشتۇرغان،
دېيىلگەن.

فىردەۋسى رىۋايەتلەرنىڭ بىر خىل بولماسلىقى ئال-
دىدا ئىككىلەنگەن ۋە ساسانىيلارغا مەنسۇپ «بەھرام
گور» ، «خۇسراۋ پەرۋىز ۋە شىرىن» ، «يەزدىگىر پادىشاھ-
لىقى» داستانلىرىدا نورۇز ھەققىدە مۇنداق توختالغان:

«ئۇل مۇشكبۇي پەردىسىن يايغاندا ئالەم،
ئەنبەرگە بېكىتتى يۈزدىن قۇياش ھەم.
يەنە شتاب ئەيلەپ بۇ چەرخى گەردۇن.
فەراغەت ئۆيىقىدىن ئويغاندى مەمنۇن»

---

[1] «ئۆزبېكىستان س س ر تارىخى» ، 1956 - يىل تاشكەنت نەشرى، 1 - توم، 59 - بەتكە قارالسۇن.
[2] ئا. دوروشېنكو: «ئىراندا ئاتەشپەرەسلىك» ، 11 - بەتكە قارالسۇن.
[3] «شەرق يۇلتۇزى» ، 1983 - يىل، 9 - سان، 149 - بەت، تاشكەنت يىلنامىسىگە قارالسۇن.

«نەۋرۇزدا سالدىلار ئۇ شۇل جامنى،
شادلىقتىن ئايرىتىپ ئۇل بەدكامنى.
ئۇل جامە ئۈستىدە مەجلىس قۇردىلەر،
مەي ئىچىپ، كۆي تىڭلاپ ساپا سۈردىلەر.»

«پەقەت سادا چاغدا نەۋرۇز پەسلى،
مۇيەسسەر بولار ئىدى بۇزرگۋار نەسلى».

ئەسلى ئىران ئەپسانىلىرىدە ساسانى پادىشاھلىرىدىن پىروز زامانىدا قۇرغاقچىلىق ھەددىدىن زىيادە بولغانلىقى ئۈچۈن، پىروز پادىشاھ ئادارخوررا تېغىغا چىقىپ بىلىش تەڭرى ئاخرۇمازدادىن يامغۇر-يېغىنى تىلىگەن. نەتىجىدە يامغۇر ياغقان. پىروز بۇ تاغقا «قلم - پىرۇز» ناملىق ئىبادەتخانا سالدۇرغان. بۇ «پىرۇز ئۈمىدى» دېگەنىدى، دېيىلىدۇ. ۋەھالەنكى، «قام» قامان-شامان ئېتىقادىدىكى ئىبارىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. «شەرقى ئاسامىل مۇسلىمىن» دا ئېيتىلىشىچە، شامان باقشى-پەيغەمبەرلىرى ئىچىدە «ئا-مان»، «ئۇمىد»، «جىسلم»، «ئەركىل»، «دېۋىل»، «تابقىر»، «ياۋقە» قاتارلىقلار بولغان.

زارائاسترىزم دىنى ئىجادچىسى ئۇستىرا ئوتتۇرا ئا-سىيا قۇيلىش ئېتىقادىغا ئاساسلىنىپ، شۇنىڭدەك ئوتتۇرا ئاسىيا تورانى خەلقلەر تۇرمۇش ئادەتلىرىگە تايىنىپ ئۆز قاراشلىرىنى تەشكىللىدى. ئۇ «ئاۋستا»دا توران ئاھالى-سىنىڭ ئەر بىلىش تەڭرىنى قۇيلىش، ئايال بىلىش تەڭرىنى يەر- سۇ دەمىدىغانلىقىنى ئەكس ئەتكۈزدى. بۇ ئۇنىڭغا زاماندىش تارىخچى سترابوننىڭ: ماسساگېتلار قۇياشنى تەڭرى بىلىپ، ئات قۇربانلىق قىلىدۇ، دېگەن قاراشلىرىغا ئوخشايتتى. ئۇستىرا توران زېمىنلىرىدىكى قوش ئۆركەش-لىك تۆگە ۋە ئىراندا چەكلىنىدىغان ئات قىمىزى، كالا گۆشى يېيىش ھەققىدە راۋان سۆزلىگەنىدى. بىراق ئەھ-مانىلار - ئىران ئىمپېراتورلىرى زارائاسترىزم قۇيلىش كا-لېندارىنى قوبۇل قىلمىدى، يەنىلا ئوتتۇرا ئاسىيا ئاتەشپە-رەسلىكىنىڭ مۇھىم ئىستىقامەتگاھى بولۇپ قالدى. ئېھتى-مال، ئۇيغۇر مەدەنىيەت چەمبىرىكىگە ئويۇشقان قەبىلىلەر ۋە خەلقلەر ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى يېڭى يىل بايراملىرىنى شۇنىدىن كېيىن «نورۇز» نامىدا قايتا ئاتىغان بولۇشى مۇمكىن.

ئەڭ كونا زارائاسترىزم قۇيلىش كالېندارى بويىچە نورۇز كۈنى كېچە - كۈندۈز - تەڭشەلگەن كۈن (ھازىر-قى كالېندار بويىچە بىر قەرنەدىكى چوڭ - كىچىك يىللارنىڭ 9 - 21- مارت ئارىسىدىكى كۈنلىرىدىن بىرى قىلىپ بېكىتىلدى. بىر يىل 365 كۈن دەپ قارالغان

ئەنئەنە بويىچە، كونا يىلغا 360 كۈن توشۇپ، يېڭى يىلغا 5 كۈن قالغاندا نورۇز پائالىيىتى باشلىنىدىغان، بۇ چاغدا بارلىق ئاتەشپەرەسلەر بىر قانچە قاچىغا بۇغداي، ئارپا ۋە ماش تېرىپ، ئىسسىق جايدا ئۆستۈرۈشەتتى، ئۆينىڭ تۆت بۇلۇڭىغا تۆت جايغا ئوت قالاپ، «ئاۋستا» دىكى قىرائەت سۈرىلىرى ئوقۇلاتتى، ئۆيگە قۇيلىش نۇرىغا قارىتىپ ئەي-نەك تىكلەپ قويۇلاتتى، بەش كۈن تولۇپ، يېڭى باھار كۈنى - نورۇز كۈنى كىرگەندە ھېلىقى ئەينەككە چۈش-كەن نۇر ئارقىلىق كۆرۈپ، روھلىنىپ، ھاچقۇلار چېچە-شىپ بىر - بىرىنى تەبرىكلىشەتتى. شۇندىن باشلاپ نورۇز بايرىمى - ئاخرۇمازدا (ئۇرموز) تۇغۇلغان كۈن بايرىمى ئۆيدىن سىرتقا كېڭىيىپ 12 كۈن داۋام قىلاتتى. 13 - كۈنى ھەممە كىشى بۇ كۈننى ئەنخىرا مەينۇ (ئەخرىمەن) دېۋە كېلىدىغان بەختسىز قارا كۈن ھېساب-لاپ، قايتىدىن ئۆيلىرىگە كىرىشۋالاتتى.

«ئاۋستا» كىتابىدا بىر يىلدىكى 12 ئاي نامىلىرى ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى كالېندارىدىكى كونكرېت ھايۋان ۋە بۇيۇم ناملىرىدىن ئاخرۇمازدا سۈپەتلىرىنى تەسۋىرلەيدى-غان ئابستراكت - روھانىي ناملار بىلەن ئالماشتۇرۇلغان. بۇ ئۆلگىرى - كېيىنلىك مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلىگۈچى يەنە بىر دەلىلدۇر. مەلۇمكى، ئابستراكت - دىنىي ئىلاھىيەت-چىل ناملار كېيىنكى تەسەۋۋۇر يالدامىلىرىدىن باشقا نەر-سە ئەمەس! سېلىشتۇرما مۇنداق:

ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى كالېندارىدا:    ئاۋستا كالېندارىدا:
1 - قوزى    فەرۋەسى ياكى فەرۋەردىن (ئالەم روھى)
2 - ئۇي (كالا)    ئەشەۋەشتا (ئارتا يۇلتۇز نۇرى)
3 - ئەرمەندىز (قوشماقلار)    ئۇمتەت (سالامەتلىك ئىلاھى)
4 - قوچقار (قىسقۇچ پاقا)    تىشتىرىيە (بۆرە يۇلتۇزى)
5 - ئارسلان    ئامېرېتات (ئۆلمەس روھ)
6 - بۇغداي بېشى    (توختام، نۇر ۋە ئاسمان ئىلاھى)
7 - تارازا (ئۆلگۈ)    ئاپو (سۇ ئىلاھى)
8 - چايان    ئادار (ئوت)
9 - يا    داتۇش (ياراتماقلىق ئاخرۇمازدا بەلگىسى)
10 - ئوغلاق
11 - سۇغا (كۆنەك)    ۋاتۇماناخ (ياخشى پىكىر)
12 - بېلىق    سېپىنتا ئارماتى (مۇلايىم، ئەدەبلىك)

شۇنى ئىزاھلاش كېرەككى، بۇ سېلىشتۇرما پەقەت ئاي ناملىرى سېلىشتۇرمىسى بولۇپ، ۋاقىت تەقسىملىقى سېلىشتۇرمىسى ئەمەس. «جۇنامە. غەربىي دىيار تەزكىرە-سى» 30 - جىلدى بىلەن «كونا تاڭنامە» 198 - جىلدىدا: پېرسىيىدە (ئىراندا) 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنى

يېڭى يىل باشلىنىدۇ، دېيىلگەن. ئەمەلىيەتتىمۇ 1 - ئاي (قوزى)، 6 - ئايغا توغرا كېلىپ قالغان. مېنىڭچە، بىز كۆپ ھاللاردا نورۇز بايرىمى بىلەن ئىسسىق ۋە قۇرغاق ئىراندا 6 - ئايدا ئېلىپ بېرىلىدىغان سۇ تەلەپ قىلىش بايرىمى «ئەبرى زاغان» (ئەغرىدىغان، دېمۇ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ)نى ئارىلاشتۇرۇپ قويساق كېرەك.

ئۇيغۇرلاردا: «مەنتارىق ئاتلىق قوزى چېچەك» مەنتارىق ئاتلىق بىش باھار گۈلى. «ئالتۇن يارۇغ»دا، «قوزى يازغى بۇلتۇز باشى ئۇد كېلۇر» (باھار بۇلتۇزىنىڭ بېشى قوزى، كەينىدىن كېلىدىغىنى كالا. «قۇتادغۇ بىلىك»دە) دېگەن سۆز بىلەن بىللە يەنە قوزى سۆزىنى «سۆيۈملۈك» مەنىسىدە ئىشلىتىش ئومۇملاشقان. ئارغۇلار يەنە قوي، قوزىنى «قۇن» دەپ، قوي ئاران ئۆتىدىغان تارجىلارنى «قونجىرا» دەپ ئاتىشاتتى.

ئىسلامىيەتنىڭ سىلسانىيلار پادىشاھلىقىنى ھالاك قىلىشىغا ئەگىشىپ زارائاستىرىزىم ئالامەتلىرىگە بەرھەم بېرىلدى. خەلىپە مۇتەۋەككىلى (847 - 861) دەۋرىدىن باشلاپ بۇ خىل «كۇففار» كالېندار رىجىسكە قارشى يېڭى كالېندار تەقۋىملىرى بەلگىلەش پائالىيەتلىرى ئېلىپ بېرىلدى. مۇسا خارەزمى، ئەبۇ رەيھان بىرونى، ئۆمەر ھەييام ۋە ئۇلۇغبېگ قاتارلىق ئالىملار ئوخشىمىغان دەۋرلەردە كالېندار بەلگىلەش پائالىيەتلىرىگە قاتناشتى. بۇ جەھەتتە كۆرۈنەرلىك ئەسەر ئۆمەر ھەييام (1048 - 1131) نىڭ «نەۋرۇزنامە» سىدىن ئىبارەت. ئۆمەر ھەييام 33 يىلدا بىر قېتىم پۈتكۈل يىللار تەكرارلىنىپ ئۆز ئىزىغا چۈشىدىغانلىقىنى ھېسابلاپ، 33 يىلنى بىر ئايلانما قەرنە قىلىپ بېكىتتى. ئۇنىڭچە، 33 يىل ئىچىدە 25 يىل 365 كۈندىن، 8 يىل 366 كۈندىن بولۇپ، ئۇلار 8 -، 12 -، 16 -، 28 -، 33 -، يىللار ئىدى. ئۆمەر ھەييام قەمەرىيە ھېسابى بويىچە 22 - مارتنى يېڭى يىل باشلانغان يىل ھېسابلىدى. بۇ زىيچە گەرچە 1079 - يىلى ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەن ھەم يېڭى يىل بېشى «نەۋرۇز» ئاتالغان بولسىمۇ زارا توستىرا مۇخلىسلىرى داۋاملاشتۇرغان ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيا يېڭى يىل بايرىمى خاتىرە پائالىيەتلىرى مەزمۇنەن تەقىپ قىلىنغانىدى. كېيىنچە ئۇلۇغبېگ (1394 - 1405)، «زىيچە جەدىد كورگانى» ناملىق يېڭى كالېندار تۈزۈپ، ھەممە يىلنى ئوخشاشلا 365 كۈن 6 سائەت 10 مىنۇت 8 سېكۇنتقا ئۆلجراتقان بولسىمۇ، ئۇ نورۇز بايرىمى ئىشلىرىنى ئۆز تەتقىقاتىنىڭ مۇئەييەن قاراتمىسى قىلمىغانىدى. ئۇلۇغبېگ زىيچەلىرىنى گرىگورىيان تولۇقلىدى.

نورۇز ھەققىدە خوجا ئابدۇللاھ مۇھەممەت ئىبنى ئەلى ئىبنى ھەسەن بىننى بەشەر ئەل ھەكىم ئەت تېرمىزى (قىسقارتىلمىسى خوجا ئەلى تېرمىزى، 859 - 932) «نەۋرۇزنامە» ناملىق تەسەۋۋۇپ ئەسىرى يېزىپ، ھەر يىلقى نورۇز ھېيتىسىنىڭ قايسى كۈنى كىرسە شۇ يىلقى ھالەت قانداق بولىدىغانلىقى ھەققىدە توختالغان. بۇندىن باشقا ئۇ يەنە ھەربىر نورۇز قايسى مۆچەل يىلى كىرسە شۇ يىلقى ھادىسىلەر توغرىسىدا «رىسالەئى سالنامە» ناملىق ئەسەر يازغان.

## 3. نورۇز بايرىمى - ئۇيغۇر ئېتنىك مەدەنىيىتىنىڭ تەۋەررۈك تەركىبى

ئۇيغۇر ۋە ئۇنىڭ بىۋاسىتە ئېتنىك گەۋدىسىنى تەشكىل قىلغان غەربىي دىيار ئاھالىسى مەدەنىيەت تارىخىدا نورۇز ئىككى ئاساسىي باسقۇچنى - ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى ۋە ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى تارىخىي دەۋرلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ كەلدى.

ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرى بۇددا ۋە مانىزم ئېتىقادى دەۋرلىرىدە ئۇيغۇر قەبىلىرى يەنىلا قۇياش ئېتىقادى ۋە ئاتەشكە سېغىنىش ئالامەتلىرىنى ئەينى زامان دىنىي ئېتىقادى ۋە تۇرمۇش فولكلور قاتلىمىغا سىڭدۈرۈپ كەلدى. ئۇلار زارا ئۇستىرا دىنىنى «زىرۇچ»، مېترا، مىررا ئىلاھلىرىنى «تەڭرى ئوغلى ئېر سەزىمرىن»، ئاخرۇمازدا ئىلاھىنى «ئۇرمۇز بۇرجان» دەپ① ئاتاشتى. موللېر ئېلان قىلغان تۇرپاندىن تېپىلغان ئۇيغۇرچە بۇددا تېكىستلىرىدە: «بىزىڭكا تاپىنغۇ يۈكۈنگۈ ئېردىنى»، «بۈگۈن كۈنگە تېگى موغۇقلار ئۇتقا تاپىنماق تىلتاغى بۇ ئېرۇر»، «بىزگە تېۋىنىش، يۈكۈنۈش ئادەت»، («بۈگۈن كۈن سىماسى بولغان ئۇتقا چوقۇنماق خاھىشى مۇنداقتۇر») دېگەن جۈملىلەر ئۇچرىسا، لېكوك تۇرپاندىن تاپقان ئۇيغۇرچە مانى دۇئاسىدا: «يورۇقلۇق بىلەن تۆت تادو قوشۇلۇپ ئالەم تەگرىسى ئۇرمۇزدىنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلغان» دېگەن سۆزلەر پۈتۈلگەن.

بىز شىمالىي - جەنۇبىي سۇلالىلەر دەۋرىدە، كېيىنچە سۈي - تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە غەربىي دىيار باھار - نورۇز پائالىيەتلىرىنىڭ چاڭئەن، لوياڭ، لياڭجۇلاردا

① «ئالتۇن يارۇق»قا قارالسۇن.

داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلۈپ تۇرغانلىقىنى كۆرىمىز. شىمالىي جۇ سۇلالىسىنىڭ مەشھۇر تۇركانى، ئوتتۇرا - مەركىزىي ئاسىيا مەدەنىيەت ۋە سەنئىتىنى ئوتتۇرا دىيارغا تونۇشتۇرۇشتا خىزمەت كۆرسەتكەن ئاتاقلىق خانىش ئاسىنە تەختىدە كۇسەنلىك سۇجۇب ۋە ئۇنىڭ 52 تىمپېراتسىيەلىك مۇزىكىشۇناسلىق نەزەرىيىسى بىلەن بىر ۋاقىتتا نورۇز پائالىيىتىمۇ چاڭئەنگە كىرگەن. ئۇ يۇەنداشياڭنىڭ تونجى يىلى (579) 11 - ئايدا ئاسىنە رىياسەتچىلىكىدە چاڭئەندە 5 - قېتىملىق نورۇز - سومۇز پائالىيىتى ئويۇشتۇرۇلۇپ، پادىشاھ ئەمەلدارلىرى بىلەن بۇ پائالىيەتكە قاتناشقان. نورۇز - سومۇز پائالىيىتى تاكى كەيۈەن يىللىرىدىن كېيىن ئۆگلۈك (روشەن بۇخارى) - سۆيگۈن توپىلىڭى مۇناسىۋىتى بىلەن چاڭئەن - لوياڭلاردا داۋاملىشىشتىن توختىغان. شۇنداق بولسىمۇ نورۇز پائالىيىتىنىڭ چاڭئەندە ئىككى يېرىم ئەسىر ئىناۋەتلىك تەسىر كۆرسەتكەنلىكى تارىخىي رېئاللىق. خې چاۋنىڭ «مەيخانىدىكى خوقىزىغا ئاتاپ» دېگەن نەزمىسىگە قارىغاندا شۇ چاغدا چاڭئەندە نورۇز ناملىق مەيخانىلار بولغانلىقى مەلۇم. نەزم مۇنداق باشلانغان:

«باش باھار مەيخانىسىدا ئولتۇرۇر ئۇيغۇر قىزى،
قولىدا پەيتارى چالغۇ، تۈن ئارا جاڭ - جاڭ چېكىپ.
سۇس قىراۋ بولسىمۇ ئىستى، ئۈستىدە بولغۇن جوگا،
قىپقىزىل شىرداق تۆپىگە ئاي تۆرار شولا چېچىپ».

لى بەي «باھار كېچىسى لوياڭدا نەي ئاڭلاش» دېگەن شېئىرىدا غەربىي دىيارلىق مۇساپىرلارنىڭ مەشھۇر يۇرت سېغىنىش كۈيى بولغان «سۇنغان تاللار» كۈيىگە نەي چالغىنىدا لوياڭدا تۇرۇپ قالغان باشقا يۇرتلۇقلارنىڭمۇ بۇ ئايىم كېچىسى ئۆز يۇرتىنى سېغىنىدىغانلىقىنى مۇنداق يازغانىدى:

«قايسى ئۆيىكىن قاشتېشى نەينىڭ ساداسى مۇڭلىنىغان،
تولدى لوياڭ شەھىرىمۇ زوقۇ ھاۋاغا شۇ ھامان.
نەغمىدىن سۇنغان سۆگەتال كۈيىنى ئاڭلاپ كېچە،
يوق كىشى يۇرتىنىڭ سېغىنچى قەلبىنى تولدۇرمىغان».

غەربىي دىيارنىڭ كۇسەن، ئىدىقۇت، قاراشەھەر، قەشقەر قاتارلىق جايلىرىدا كەڭ ئۆتكۈزۈلىدىغان نورۇز مەشرەپ ئويۇنلىرىدىن بىرى «سومۇز» بەزمىسى بولغان. «سومۇز» مەشرىپى ھەققىدە قەشقەرلىق مەشھۇر بۇددا ئالىمى خۇيلان (737 - 820) «نوم سۆزلۈكلىرىنىڭ شەرھى»، دۇمن چىڭشى «يۇبياڭدا يېزىلغان خاتىرىلەر»، «كونا تاڭنامە. غەربىي رۇڭلار تەزكىرىسى»، «يېڭى تاڭنامە. غەربىي دىيار تەزكىرىسى»، «جۇنامە. پادىشاھ شۇەندى خاتىرىلىرى»، «تاڭ تارىخىنىڭ مۇھىم بايانلىرى. 34 - جىلد نەغمە بۆلۈم»، «قامۇسنامە»، «كىتاب مەھكىمىسىنىڭ ئەسلى پۈتۈكلىرى»، «ھۆججەتلەر ئۈستىدە ئومۇمىي مۇھاكىمە» ۋاڭ مىڭچاڭ يازغان «دەبدەبە نامە»، «بۈيۈك ياپون تارىخى. ئەدەب نەغمىلىرى» قاتارلىق ئەسەرلەردە كەڭ تەلقىن قىلىنغان. يۇقىرىقى كىتابلاردا شىمالىي - جەنۇبىي سۇلالىلەر ۋاقتىدا ئېپكىرىلگەن بۇ ئويۇننىڭ ۋۇزېتيەن زاماندىن باشلاپ خانلىق ئىشتىراك قىلىپ، كۆرىدىغان ھالەتتە قانۇنلاشتۇرۇلۇپ، كەڭ ئومۇملاشقانلىقى ئىزاھلانغان. يۇقىرىقى كىتابلار بىردەك بۇ ئويۇننىڭ قىش ئاخىرلىشىپ باھار كىرىش ۋاقتىدا ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقىنى، ۋۇ زېتيەننىڭ شېڭلۇڭ 2 - يىلى (705)3 - ئايدا بۇ ئويۇن يەتتە كۈن داۋام قىلغانلىقى، جىڭيۈننىڭ 2 - يىلى (711) يىل ئاخىرىدا تاڭ شۈەندىنىڭ كەييۈەن 7 - يىلى (719) 3 - ئاينىڭ 9 - كۈنى بۇ ئويۇننىڭ ئوينالغانلىقى. سومۇز ئويۇنى بەزىدە «سارت مۇز»، «سامۇز» نامىدا چاڭئەننىڭ لىچۈەن مەھەللىسىدە لوياڭنىڭ جەنۇبىي دەرۋازىسىدا ئوينالغانلىقى خاتىرىلەنگەن.

ئالاھىدە ئېتىنىڭ تۇس ئالغان نورۇز بەزمىسى «سومۇز»، «سوغۇقتا سۇ چېچىپ مۇزلىتىدىغان غوز ئويۇنى (泼蔡胡戏) بولۇپ، ئۇ قۇرغاق زېمىندىكى سۇغا بولغان تەشنالىقنى ئىزھار قىلىپ، سۇ تەلەپ قىلىدىغان مەزمۇنلار بىلەن تولغانىدى. بۇ ھەقتىكى خاتىرىلەر بىلەن خەلق ئارىسىدا ساقلانغان:

«يىل بېشى نورۇز كۈنى،
ئالەم گۈلىستان بولغۇسى.
ئاسماندىن يەر يۈزىگە،
ئابۇ رەھمەت ياغقۇسى».

دېگەن بېيىت مەزمۇنلىرى ئوخشاش بولغان. تارىخىي مەنبەلەردە بۇ ئويۇن «كۆك كۆز، قىزغۇچ ساقال غەربىي دىيارلىق ئوغۇزلار تەرىپىدىن ئوينىلىدۇ»، «باشلىرىغا ئۈنچە - ياقۇت تاج كىيىپ ناخشا - ئۇسسۇل ئوينايدۇ»، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى گۈليۇپۇقدالغان غوز تۇلپارلىرىغا مىنىشىپ مەيدانغا كىرسە، بىر قىسمى يېرىم يالىڭاچ پىيادە مېڭىپ، قوللىرىغا سۇ تولدۇرۇلغان تۇلۇم تۇتۇپ مەيدانغا كىرىشىدۇ، «دەرھال قاينام - چۇقانلىق»، «داقا

- دۇمباقلىق ئۇسسۇل» مەنزىرىسى شەكىللىنىدۇ، «سۇ چېچىشىپ كۆڭۈل ئېچىشىدۇ»، ناخشا تېكىستلىرى تيەنباۋنىڭ 13 - يىلى (مىلادى 754 - يىلى «تەشەككۈر شاھىمىزنىڭ شەپقىتىگە» دەپ ئۆزگەرتىلگەن، دەپ ئىزاھلانغان.

«سۇمۇز» گەرچە تۇلۇمغا سۇ ئېلىپ چېچىپ مۇز ھاسىل قىلىدىغان ئويۇن بولسىمۇ، ئۇ «كۆك مەشرىپى» ئىدى، «كۆك مەشرىپى» دەسلەپ «سۇما»[1]- ئۇندۇرمە نامىدا ئاتالغان. سۇما مەشرىپىدە تەييارلىنىدىغان نورۇز تامىقى «سۇمۇلەگ» دېيىلەتتى.

نورۇز مۇناسىۋىتى بىلەن خان ئوردىسىدىمۇ بەزمىلەر ئۆتكۈزۈلگەن. جاڭخو ئۆزىنىڭ «بورناچ ئۇسسۇلى» ناملىق شېئىرىدا نەۋ باھار مۇناسىۋىتى بىلەن شىڭچىڭگۇڭ قەسرىدە ئۆتكۈزۈلگەن بەزمىدىكى ساقى (بورناچ) ئۇسسۇلى توغرىسىدا مۇنداق يازغانىدى:

«نەۋ باھار جەنۇبىي باغدا گۈل يۈزىن ئاچقانىدا،
لياڭجۇ بەزمىگە ئۇسسۇل ئەۋجىگىمۇ چىقتى يانا.
قولىدا ئالتۇن قەدەھ ئۇسسۇل توگەركى چاغىدا،
ئالدى شاھىم بىر كۈلۈپ تۇتقان قەدەھنى قولىغا.»

نورۇز بايرىمىدا ساقادى ئويناش ئەھۋالىمۇ يېزىپ قالدۇرۇلغان. جاڭ زۇ«ئوردا ۋە ئاۋام خاتىرىلىرى». «كونا تاڭنامە. رۇي زوڭ خاتىرىسى» دېگەن كىتابلاردا شەنيۈەننىڭ 2 - يىلى (713 - يىلى) 1 - ئاينىڭ 15 - 16 - كۈنلىرى ئەنفۇمىن دەرۋازىسى سىرتىدا 20 جاڭ ئېگىزلىكتە ساقادى - پانۇس چىراغ چاقپەلىكى ئورنىتىلىپ ئۈچ كۈن بەزمە قىلىنغانلىقى، پادىشاھ رۇي زوڭنىڭ بۇ ئويۇننى كۆرگىسى كەلگەنلىكى ئۈچۈن شۇ يىلى 2 - ئاينىڭ 1 - 2 - كۈنلىرى يەنشىمىن دەرۋازىسى بېشىدا ساقادى ئوينالغانلىقى، پادىشاھنىڭ غەربىي دىيارلىق ئاتەشپەرەس راھىب پوتو بىلەن دەرۋازا راۋىقىدا ئولتۇرۇپ تاماشا قىلغانلىقى يېزىلغان. «جىڭ - چۇ سالنامىلىرى» دا ساقادى - پىرقىرىغۇچ چاق ئويۇنىنى شىمالىي غۇز ئويۇنى دەپ ئىزاھلىغان.

سۈڭ سۇلالىسىدىن ئىدىقۇتقا كەلگەن ۋاڭ يەندى «ئىدىقۇتقا ئەلچىلىك خاتىرىلىرى» دا: «ئاياللار باشلىرىغا سومۇز دېگەن ياغ دوپپا كىيىدۇ؛ كۈمۈش ياكى سېرىق مىس قاچىلارغا سۇ قاچىلاپ قىزغىنلىقتا بىر - بىرىگە سۇ چېچىشىدۇ» دەپ يازغان[2].

شۇنى تىركەپ كېتىش ھاجەتكى، قەدىمكى جەڭگىۋار تۇرلاردىن ماسساگىتلار بىلەن ياۋچىلارنىڭ ئېتنىك گەۋدىسىدىن ھاسىل بولغان ۋە جۇڭگو يىلنامىلىرىدا «توققۇز چاۋۇپ ئۇيغۇرلىرى» دەپ ئاتالغان سوغدىلار ئىزچىل ھون، كۆكتۈرك ۋە ئۇيغۇر خانلىقلىرى تەسىرىدە بولۇپ كەلدى ۋە قاراخانىلار دەۋرىدە ئۇيغۇرلىشىپ كەتتى. سوغدىلار ئارىسىدا نورۇز (Nau—satd) پائالىيىتى خېلى قويۇق ساقلانغانىدى. سوغدىلار ئەمەلىيەتتە بۇخارا - سەمەرقەنتتىن باشقا يەنە تۇرپان - لوپ ئويمانلىقلىرىدا، جەنۇبىي ئوردۇستىكى ئالتە سۇ رايونىدا ياشىدى. «تۇنيۇقۇق مەڭگۈ تېشى» دا: «سوغۇق بۇدۇن قوب كېلىشى» (سوغدى ئېلى تولۇ كېلىشتى دېيىلسە) «مۇيۇنچۇر مەڭگۈ تېشى» دا: «سوغداق تاپىقچىقا سىلەنكادا باي بالىق ياپتى بەرتىم» (سوندى بىلەن تاپقاچقا سېلىنگىدا باي شەھەر بەردىم) دېيىلگەن. «بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى» دا: «سېكىز يىگىرمە ياشىما ئالتى سۇپ سوغداق تاپا سۈلەتىم» (28 يېشىمدا ئالتە سۇدىكى سوغدىلار يېرىگە يۈرۈش قىلدىم) دېيىلگەن. ئەينى يىللاردا سوغدىلار نورۇز پائالىيەتلىرىگە كەڭ قاتناشقان.

يەنە شۇنىمۇ دىققەتكە سازاۋەركى، جەنۇبىي جۇڭگودىكى تەيزۇ ۋە بۇلاڭ، بىڭلۇڭ، ئاچاڭ قاتارلىق مىللەتلەرمۇ يېڭى يىل بايرىمىدا سۇ چېچىش پائالىيىتى ئېلىپ بارىدۇ. تەيزۇچە «شاڭگەن» ( 尚干 )، تايلاند، لائوس ۋە كامبودژىدا «سۇڭگەن» ( 宋干 ) دەپ ئاتالغان ۋە ئەسلى ئارىيانچە «چاغان» دەپ ئاتالغان بىلىش باھار بايرىمى ئەسلىدە ئارىيانچە، كېيىنچە سانسكرىتتە «پىرقىراش»، «يىل ئۆرۈلۈش»، «پەلەك چەرخى پىرقىراش» دېگەن مەنىدە بولۇپ، دەل بىزنىڭ ساقادى ئويۇنىمىزدىكى «ساقا» ئىبارىسىنى ئىپادىلەيدىكەن. ئۇلار مىنايا بۇددىزمى ۋاستىسى بىلەن 12 ئۆكەكتىكى بېلىق قوزا ئېيىغا ئۆتكەن ۋاقىتنى يېڭى يىل بېشى دەپ قارىغان. ۋەھالەنكى، بۇۋاقىت تەيزۇكالېندارىنىڭ 6 - ئايغا، مىلادىنىڭ 4 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغا توغرا كېلىدىكەن. تەيزۇ كالېندارى «زۇپىگگى لى» ( 祖朋嘀历 ) كالېندارى دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، ئۇنى «شىدمى كالېندارى» ( 西担历 ) دەپمۇ ئاتىشىدىكەن. ئۇلار بۇ كالېندارنى تاڭ

---

① «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 3 - توم، 323 - بەتكە قارالسۇن.

② تيەن بيەن شاڭشۇن: «شەرقىي ئۇكيان مۇزىكا - تارىخى»، 116 - بەتتىكى نەقىلدىن ئېلىندى.

سۇلالىسى گۇمنجىڭنىڭ 3- يىلى ــ 638-يىلى 3-ئاينىڭ 22-كۈنىدىن (يېڭى يىل كۈنى) باشلاپ ئىشلىتىشكە باشلىغان.[1] بۇ نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟

بۇ قورغاق ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيا رايونلىرىدىن پەرقلىق بولغان بۇ سۇلۇق دىياردا نورۇز - ساقان بايرىمىنىڭ يېڭى يىلنى بېلىق بۇرچىدىن قوي بۇرچىغا كىرىشتىن باشلايدىغان خەلقلەردىن ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرىدىن قوبۇل قىلىنغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ، بۇ ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ تۆت پەسىل روشەن بولغان كالېندارچىلىق قائىدىسى بۇ ئىسسىق پەسىل، يامغۇرلۇق پەسىل، سالقىن پەسىلدىن ئىبارەت ئۈچ پەسىل ھۆكۈم سۈرىدىغان سۇلۇق دىيارغا ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل كەلمىگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ قۇرغاقچىلىققا قارشى ھۆل - يېغىن تىلەش يۈرىسىدىن ئۆتكۈزۈلىدىغان «سۇ مۇز» پائالىيىتى، بۇ سۇلۇق رايوندا ھاۋانىڭ قىزىپ كېتىپ، جىن - ئالۋاستىلارنىڭ باش كۆتۈرۈشىگە قارشى «سۇ چېچىش بايرىمى» شەكلىدە قوبۇل قىلىنغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ بايرام زارا ئاستىرىزىم - بۇددىزىم ھىندىيا مەدەنىيەتلىرى ئارىلاشقان زامانلاردا تارقالغاندەك قىلىدۇ. بىز بۇ سۇلۇق دىياردا يېڭى يىلنى قېيىق بەلگىسى بىلەن ئۆتكۈزۈش ئادىتىنى ئويلىغىنىمىزدا، بايقال - لىنا دەرياسى ئاغزىدىكى چىڭگىزخان جىلغىسىغا (بۇ نام كېيىنكى نام، ئەلۋەتتە) سىزىلغان قىيا سۈرەتلىرىدىكى قېيىق بەلگىسى كۆرۈنۈشلىرىنى قەدىمكى نورۇز پائالىيەتلىرىنىڭ تەسۋىرى دەپ ئاتاشقا ھەقلىقمىز.

ئىسلامىيەتتىن كېيىن ئۇيغۇر - توققۇز ئوغۇزلار ئارىسىدا نورۇز ئەنئەنىۋى مىللىي بايرام سۈپىتىدە ئىزچىللىشىۋەردى. ئۇ پەقەت ئاتەشپەرەسلىك دىنىي بېيىنچىلىرىنى چۆرۈۋەتتى، خالاس.

نورۇز پائالىيىتى ئەرەب سەركەردىلىرى قاتتىق باستۇرۇپ كىرگەن بۇخارا - سەمەرقەنت رايونىدا قاتتىق تەقىپ قىلىندى. شۇنداقتىمۇ ئوتتۇرا ئاسىيا غوز تۈركلىرى بۇ ئەنئەنىنى ئۇزاق زامان داۋاملاشتۇرۇشتى. ئۇلار بەزىدە بۇخارا يېنىدا ئەپراسىياپ دۆۋىدىن قالغان سىياۋۇش قەبرىگە خۇددى «ئوغۇزنامە»دە تەسۋىرلەنگىنىدەك ئاتەش رەڭلىك خوراز قۇربانلىق قىلىش باھانىسىدا زارا-ئاستىرىزىم شەكلىدىكى نورۇز پائالىيىتى ئېلىپ بارسا، بەزىدە يىراق جىلغا ۋە غارلاردا نورۇز مەشرەپلىرى ئېلىپ بېرىشتى. راخمانوۋ «ئۆزبېك تىياتىر تارىخى» ناملىق ئەسىرىنىڭ 63 - بېتىدە كۆرسىتىشىچە، كاتتا قورغاندىكى ئەۋلىيا تېپە غارىدا يوشۇرۇن ئەر - ئايال مەشرەپلىرى ئۆتكۈزۈلگەن. قاراخانىلار ھۆكۈمرانلىقىدىن كېيىن قايتا جانلىنىشقا باشلىغان نورۇز پائالىيىتى يېقىنقى يىللارغىچە داۋاملاشقان. ئەرەب ئالىمى ئەل خۇسرەۋى 11 - ئەسىردە بۇ جايلاردا نورۇز كۈنىدىن ئىلگىرى 12 قاچىدا بۇغداي، ئارپا، مىلاش، كۈنجۈت قاتارلىق «كۆك (سۇما)»لەر ئۆستۈرۈلۈپ، نورۇز كۈنى ناخشا ئوقۇپ، مەدھىيىلەر توقۇلىدىغانلىقىنى يازسا، 19 - ئەسىر بېشىدا كى. كىرتېر يىلسانغان جامائەتنىڭ قالپاقلىرىغا قەغەز گۈللەر تاقاپ، ئىككى ئۇدۇل ئېگىزلىككە توپلىنىپ، ناغرا - سۇناي بىلەن ئوغلاق تارتىپ، مەرگەن ۋە پالۋانلىق كۆرسىتىپ، ساما ئوينايدىغانلىقىنى يازغانىدى. نورۇز ئالدىدا قالپاقلىرىغا قەغەز گۈللەر تاقاش دېگەنگە كەلگەندە كۆسەنلىك ئاقارى ماندا ئىشلىگەن «باھار بۇلبۇل ناۋاسى» كۈيىدىكى بېشىغا گۈلدىن تاج تاقاش يوسۇنى كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولىدۇ. بۇ كۈيگە باغلانغان تېكىستتە: گۈل تاقاپ تۇرغان سىياقى «بەك گۈزەلدۇر ھەممىدىن» دېيىلگەن.

نورۇز پائالىيىتى شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا «زارا خەتمە» (زارا ئاستىرىزىم) شەكلىدىن تاشقىرى، ئۇچۇق - ئاشكارا «كۆك (سۇما) مەشرىپى» شەكلىدە، «نورۇز بايرىمى» شەكلىدە ئىزچىللىشىپ كەلدى. قىدان شاھزادىلىرىدىن يېلۈيچۇسەي (1190 - 1244) 1222 - يىلى غەربىي دىيارغا كەلگەندە نورۇز بايرىمى ئەمدىلەتتىن ئاخىرلاشقانىدى. ئۇ «بىكەتتە نورۇز تامىقى يېيىش» ناملىق شېئىرىدا مۇنداق يازغانىدى:

«ئەمدى ئۆتكەن نورۇزنى ئۇنتۇپتىمەن ناگىھان،
تېتىپ كۆرمەكچى بولدۇم نورۇز تامىقىن بۇ ئان،
ياغاچ ئاياقتا بېدىم كۆمۈشتەك ئوگرە چۆپنى،
قۇم قازاندا باشقىمۇ تائام بار قايناپ تۇرغان.

پىياز بىلەن كۈنجۈتنى تەكشى سۈرتكەن ئاق نانغا،
كۆدە سامساق كۆكىنى قوشۇپ يېمەك ھەم ئوبدان.
بىر قېتىم تويۇپ يېمەك پادىشاھلىق ھوزۇرى،

① جاڭ فۇسەن بىلەن جۇ گۇاگيۈي يازغان «باشلانغۇچ ئادەم نەزەرىدىكى جاھان» ناملىق كىتاب، يۈننەن مىللەتلەر نەشرىياتى، 1986 - يىل نەشرى، 155 - 157 - بەتلەرگە؛ جەن زۈلىن: «مۇز پەسلى ئويۇنى ۋە سۇ چېچىش بايرىمىنىڭ كېلىپ چىقىشى» (شاگىدا ئېيىدىنى خاتىرىلەش ماقالىلەر توپلىمى) 100 - 103 - بەتلەرگە قارالسۇن.

ھاجەت ئەمەس ھەمىشە زىبايەت يەپ ئولتۇرغان.»

ئۇيغۇر شائىرى سۆۋىنچ ھىيا (گۇەن يۈنشى 1286 - 1324) «ئەجدىھا سىزىش نەزمىسى» ناملىق شېئىرىدا باھار يېتىپ كېلىشى بىلەن قارا بالغاسۇندىكى ھون تەڭرىقۇتىنىڭ ئەجدىھا قەسرىسىدە باھار كۈتۈۋېلىنىدىغانلىقىنى ئەسلىتىپ مۇنداق يازغانىدى:

«ئۇچۇپ كەلدى ئەجدىھا قار مۇزدىن ياساپ دەريا،
لىغىلداپ قالدى كۆللەر مەي تولغان قەدەھ گويا.
مەيىنى ئىچىپ ئەجدىھا كۈن چىقىشقا يۈركىپتى،
باھارغا چۆمدى ئالەم ئەجدەر قەسرىدەك مانا!»

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات نەمۇنىلىرىدىن سەككاكى:

«مېنىڭچە گويىيا كۆردى يۈزۈڭنى ئەبرى نەۋرۇزى،
كۆزىن ياشىدىن يەر يۈزى ۋەردى ياسەمەن بولدى»
(نورۇز بولۇتلىرى خۇددى مەندەك نىگارىڭنى كۆرۈپ قېلىپ يىغلىغاچقا، زېمىن بىراقلا ياسەمەنزارلىققا ئايلاندى) دەپ يازسا، كلاسسىك ئۇيغۇر شائىرلىرىدىن مەۋلانا لۇتپى ئۆز داستانىغا «گۈل ۋە نەۋرۇز» دەپ نام بەردى. ئۇ داستان قەھرىمانىنى نەۋرۇز نامىدا ئاتاش بىلەن بىللە، باھار ئەييامىنى قاراقۇلۇلە قېپىدىن چىققان ئاپئاق مەرۋايىتقا ئوخشىتىپ مۇنداق يازدى:

«يېڭى يىلنىڭ بېشىدا روزى نەۋرۇز،
سەدەفتىن چىقتى بىر دۇرى شەب ئەفرۇز.
چەمەنلەر بولدى جەننەتتىن نەمۇدار،
ئېچىلدى گۈل، ساچىلدى مۇشكى تاتار».

ئەلىشىر نەۋائى «نەۋادىرۇش - شەباب» ناملىق غەزەللەر دىۋانىدا «نەۋرۇز» ھەققىدە غەزەل «يېزىپ: دەھرىدىن دەرد چەكسەڭ، كۆڭۈلگە غەم تېشىنى توپلىۋالما! شادلىق شارابىنى زاماندىن زامانغا ئۈزۈلدۈرمەي كۆتەرگىن! تەبىئەت كۆك بوز ئاتقا مىنگەندە سەنمۇ ياپېشىل ياشىرىپ تۇر! ئالەم ئاتەشتىن قۇيلىش بىلەن جىلۋىلەنگەندە، سەنمۇ جامالىڭنى ئالەمدەك قىزارتقىن! چۈنكى ئىنسان ئۈچۈن كۆڭۈل دېگەن نەرسە سەييياد قولىغا يېڭىلاتىن ئۈركىتىلگەن ئۇۋۇ قۇشىغا ئوخشايدۇ! دېگەن پىكرىنى ئىپادىلىدى. ئۇ مۇنداق يازغان:

«ۋىسال ئەييامى تاڭ ئاچسا رۇخسار،
كى دائىم ئاچىلۇر گۈل بولسا نەۋرۇز.»
«قەدەھنى دەۋرىدىن تىندۇرمە بىردەم،
كۆڭۈلنى دەۋرىدىن تاپساڭ غەمەندۇز»

—نەۋائى

## 4. خاتىمە: نورۇزدىن نورۇزغا مول زەپەر قۇچۇپ . . .

نورۇز ئۇيغۇر ئېتنىك ھاياتىدا ئۇزاق ئەگرى - توقاي يىللارنى باشتىن كەچۈرۈپ، يىپەك يولى خەلقلىرى ئالاقە تارىخىغا، ئېلىمىزنىڭ مەدەنىيەت تارىخىغا كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقان. ئۇ گەرچە يىراق ئۆتمۈشتە تەبىئەت ئىلاھچىلىقى ۋە ئاتەشپەرەسلىك پائالىيەتلىرىنىڭ مۇھىم بىر قىسمى بولغان بولسىمۇ، داۋاملىق راۋاجلىنىش ئاساسىدا پۈتۈنلەي ئەنئەنىۋى مىللىي بايرام خاراكتېرى ۋە تۈسىنى ئالغان.

نورۇز ئۇيغۇر ئېتنىك مەدەنىيىتىدە كۆپ قىرلىق، باپ ۋە رەڭگارەڭ فولكلور قاتلىمى ھاسىل قىلغان.

ئۇ بايرام سۈپىتىدە: «زارا خەتمە» ، «نورۇز ئايىمى» ، «سۈمۈلە زاغان» ، «نورۇز كالىندارى» (نەۋ سىردىچ) ، «نورۇز كۆكى» ، «نورۇز تامىقى» ، «سۈمۈلەك» ، «نورۇز بۇلاق» ، «نورۇز بوۋاي» قاتارلىق پائالىيەتلەر تۈركۈمىنى شەكىللەندۈرگەن.

ئۇ مەشرەپ سۈپىتىدە: «سۇ مۇز بەزمىسى» ، «نورۇز مەشرىپى» ، «كۆك مەشرىپى» ، «نورۇز بايات» ، «نورۇز بۇزرۇك» ، «نورۇز ناۋا» ، «نورۇز ھۆسەينى» ، «نورۇز خارە» ، (يىپەكچىلەر نورۇز مەشرىپى) ، «نورۇز مۇقام» قاتارلىق پائالىيەتلەر تۈركۈمىنى شەكىللەندۈرگەن.

ئۇ شېئىرىي ماھارەت سۈپىتىدە: «باللار نورۇزنامەسى» ، «نورۇز قوشاقلىرى» ، «باھارىيەت قەسىدىلىرى» قاتارلىق بېيىت - بېغىشلىما ئىجادىيەت شەكلىنى شەكىللەندۈرگەن.

ئۇ تەنھەرىكەت سۈپىتىدە كۆپلىگەن ئويۇن - تاماشا ۋە بەيگە پائالىيەتلىرى تۈركۈمىنى شەكىللەندۈرگەن. بۇلارنىڭ ھەر قايسىسى خۇسۇسىدا باي مەزمۇنلۇق مەخسۇس ئەسەر يېزىش مۇمكىن.

نورۇز ھادىسىسى ئۇيغۇر خەلقىدە خۇددى مۇقام ھادىسىسىدەك ئۇزاق ۋە مۆتىۋەر مەدەنىيەت سەھىپىسى يارىتقان ھاياتبەخش ۋە ئىلھامبەخش فولكلور مەكتىپى، سەنئەت - تەنھەرىكەت مەيدانى، شېئىرىيەت مۇنبىرى، دوستانىلىق بەلبېغى ۋە ئۈمىدۋارلىق مەشئىلى بولۇپ كەلدى. ئىشىنىمىزكى، خەلقىمىز ئۇنى ئىناقلىق ۋە زامانىۋى ئاڭ تەرغىب قىلغۇچى ھېكمەت ۋە سەنئەت چېچەكلىرى بىلەن بېزەپ، سوتسىيالىستىك يېڭى مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ كرىستال قىرلىق ئاجايىپ نادىر جاھاننەمالىسى ۋە ئىپتىخارلىق قامۇسىغا ئايلاندۇرغۇسى.

# ئۇيغۇرلارنىڭ ئاھالە ساپاسىغا تەسىر كۆرسىتىۋاتقان مائارىپ ۋە ئىقتىسادىي ئامىللار ئۈستىدە تەھلىل

ئىلھام توختى

(بېشى 1- ساندا)

## 2. مىللىي ئىگىلىك، مائارىپ ۋە ئاھالە ساپاسىدىكى بىر قىسىم مەسىلىلەر

(1) ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلمىسى قالاق، ئىقتىسادتا يۆلىنىۋېلىش ئېغىر بولۇپ مىللىي، مائارىپ تەرەققىياتىنى ۋە ئاھالە سۈپىتىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىنى بوغۇپ قويغان.

1949 - يىلىدىن بۇرۇن شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتى تولىمۇ قالاق بولۇپ قول ھۈنەرۋەنچىلىك- نى ئاساسىي گەۋدە قىلغان، ئۆز - ئۆزىنى تەمىنلەيدىغان بوستانلىق ئىگىلىك سىستېمىسىدا تۇرغانلىقتىن ئۆزىمىزگە ئېھتىياجلىق بولغان، كېڭەيتىشكە تېگىشلىك مەبلەغ ۋە تېخنىكا جۇغلانمىسى كەمچىل ئىدى. بۇگۈنگە قەدەر شىنجاڭ ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتى مەركەز سالغان بىۋاسىتە مەبلەغ سېلىنمىسىغا يۆلىنىپ كېلىۋاتىدۇ. مەركەزنىڭ شىنجاڭغا قاراتقان «سىرتتىن كونترول قىلىش - تولۇقلاپ بېرىش» سېلىنمىسى (مەبلەغ. تېخنىكا، تەشكىللىي باشقۇرۇش ۋە ئادەم كۈچى بايلىقى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) شەكلىدىكى ئىگىلىك قۇرۇلمىسىدا، [illegible] ھالدا ئىپتىدائىي ئالاھىدىلىك ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. ھەممىدە ئۇنىڭغا مىس كېلىدىغان مەھسۇلات قۇرۇلمىلىرى ئاساسەن يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلات- لىرى، نېفىت، كۆمۈر، مېتال، غەيرىي مېتاللوئىد كان مەھسۇلاتلىرى قاتارلىق ئىپتىدائىي بايلىق تىپىدىكى سانائەت مەھسۇلاتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ خىل قۇرۇلمىدىكى ماتېرىيال باھاسى تۆۋەن، مەھسۇلات باھاسى يۇقىرى بولۇشتەك «ئايلانما باھا سىستېمىسى» دا شىنجاڭ ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى پايدىسىز ئورۇن ۋە باراۋەر بولمىغان مۇھىتتا تۇرماقتا. بۇنىڭ بىلەن مەبلەغ توپلاش ئىقتىدارى بوزغۇنچىلىققا ئۇچراپ شىنجاڭنىڭ مىللىي مائارىپى ئېھتىياجلىق بولغان مەبلەغ چەكلىمىگە ئۇچرىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە دۆلەتنىڭ شىنجاڭدا قۇرغان زور تۈركۈمدىكى سانائەت كارخانىلىرىدا، بوز يەر ئېچىش رايونلىرىدا، يېڭىدىن بەرپا قىلىنىۋاتقان شەھەر - بازارلىرىدا ھەممىدە شەرقتىن كېلىۋاتقان زور تۈركۈمدىكى ئەمگەك كۈچلىرى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىدە ئۇيغۇر قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان ئەمگەك كۈچلىرى قوبۇل قىلىنمىدى.①

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن بۇيان مەملىكىتىمىزنىڭ يېزا ئىقتىسادىي جەمئىيىتىكى يوشۇرۇن كۈچى زور تۈركۈمدە ئازاد قىلىندى. زور تۈركۈمدىكى يېزا نوپۇسى 2 - 3 - كەسىپكە كىرىشتى. يېزا بىلەن شەھەر ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە قويۇقلاشتى. بۇ خىل مۇناسىۋەت ئاھالە ساپاسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە چوڭ تەسىر كۆرسەتتى. ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان يېزا - كەنتلەرنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسى ناچار بولۇپ زور تۈركۈمدىكى ئەمگەك كۈچى تۆۋەن قاتلاملىق ئەمگەك ئورۇنلىرىغا مەركەزلەشكەن بولۇپ، دېھقانچىلىقتا بولۇپمۇ تېرىقچىلىقتا تايىنىپ يېزا - بازار كارخانىلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش تەس، باشقا ئىگىلىك شەكىللىرىگە يۆتكىلىش شارائىتى ئىنتايىن قىيىن. (جەدۋەلگە قاراڭ) ئائىلىنى بىرلىك قىلغان ئەنئەنىۋى يېزا ئىگىلىك تىجارەت شەكلى ئىلغار تېخنىكىلارغا قارىتا چەكلەش خاراكتېرىگە ئىگە بولۇپ ئەنئەنىۋى قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئىشلەپچىقىرىش شەكلى، ھەتتا ئىپتىدائىي شەكىل يەنىلا ئۇيغۇر دېھقانچىلىقىنىڭ ئاساسىي ئىشلەپچىقىرىش شەكلى بولماقتا. بۇ خىل ئەمگەك شەكلى ئەمگەكچىلەرگە نىسبەتەن بەدەن ساپاسى جەھەتتە تەلەپ

① ئىلھام توختىنىڭ «ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىيات تەتقىقاتى» دېگەن ماقالىسى «مەركىزىي مىللەتلەر داشۆسى ژۇرنىلى» نىڭ 1995 - يىللىق 1 - سانىدىن ئېلىندى.

قويۇپ، مەدەنىيەت سەپاسى جەمئىيەتتە ئانچە يۇقىرى تەلەپ قويمايدۇ. ئەمگەك [ك]ۈرىمىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكى ھامان سەرپ قىلىنغان جىسمانىي كۈچنىڭ كۆپ - ئازلىقىغا باغلىق ب[و]لۇپ، كۆپ تەربىيە ئالغانلار ھامان جىسمانىي كۈچ ياكى ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتى جەمئىيەتتە ئازراق تەربىيىلەنگەنلەرگە ياكى تەربىيە ئالمىغانلارغا قارىغاندا ئاجىز بولىدۇ ھەمدە ئېرىشكەن كىرىمىمۇ ئاز بولىدۇ. [م]ائارىپنىڭ ئۆز ئىگىلىكىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتىكى رولى ئانچە چوڭ ئەمەس. يۇقىرىقىلار ئۇيغۇرلاردىكى ئىج[ت]ىمائىي مەدەنىيەت تۇرمۇشى، قىممەت قارىشى ۋە كىشىلىك مۇناسىۋەت قاتارلىق جەمئىيەتلەرگە ئىنتايىن چوڭ تەسىر [ك]ۆرسىتىدۇ، ھەمدە مائارىپنىڭ تەرەققىياتىغا ۋە ئاھالە سەپاسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

(2) تۇرمۇشتىكى نامراتلىق، يەرلىك مالىيىگە قالدۇرۇلغان نىسبەتنىڭ تۆۋەن بولۇشى ئۇيغۇر مائارىپىنى ئىشەنچلىك ماددىي كاپالەتتىن مەھرۇم قىلغان؛ ئۇچۇر يۇرۇشمىگەن، مائارىپ ئىجتىمائىي مۇھىتى ناچار. يېقى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن مىللەتلەر ئارا باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق سىياسىتى يۈرگۈزۈلدى. بىراق نامراتلىق ۋە قالاقلىق ئۇيغۇرلارنىڭ قەد كۆتۈرۈشىگە ئەگىشىپ يوقالمىدى. ئىقتىسادنىڭ مائارىپقا بولغان چەكلىمىسىمۇ تۈگىتىلمىدى. زور كۆپ ساندىكى ئۇيغۇرلار كىيىمى پۈتۈن بولۇش، قورسىقى توق بولۇش مەسىلىسىنى تېخى ھەل قىلالمىدى. جەنۇبىي شىنجاڭدا دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون نۇقتىلىق ھالدا بېلەۋاتقان نامرات ناھىيىلەر (شەھەرلەر)21 بولۇپ، نامرات ئائىلىلەر يېزا نوپۇسىنىڭ ئون پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. نامراتلىقتىن قۇتۇلغان ئاھالىلەرمۇ تۆۋەن ئۆلچەملىك بولۇپ قايتا نامراتلىشىپ كېتىشىمۇ ناھايىتى ئاسان. ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش شارائىتى يەنىلا ناچار.

يەنە نۇرغۇن ئاھالىلار كۆل سۈيى ۋە مۇز سۈيى ئىچىدۇ. پاكىز بولمىغان سۇ ئىچىشتىن كېلىپ چىققان كېسەللىكلەر خېلى ئومۇملاشقان. مۇناسىۋەتلىك ماتېرىي[ال]لارغا ئاساسلانغاندا، شىنجاڭدا ۋابانىڭ تارقىلىشى يىلدا 0.43 قېتىم ئىكەن. يەنى ھەر ئىككى، ئۈچ يىلدا بىر قېتىم زور كۆلەمدىكى ۋابا كېسىلى تارقىلىدۇ. ب د ت، ھەر يىلدا بىر قېتىم ۋابا كېسىلى تارقالسا شۇ دۆلەت، شۇ رايوننىڭ تازىلىق مۇھىتى ئىنتايىن ناچارلاشقان ھەمدە مۇتلەق نامراتلىق ئاستىدا تۇرغان دەپ قاراشقا بولىدۇ، دەپ بەلگىلىگەن. ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا دوختۇر، دورىلار تېخىمۇ كەمچىل بولۇپ (قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ، قىزىلسۇ) ھەر مىڭ ئادەمگە توغرا كېلىدىغان سەھىيە تېخنىكا خادىملىرى 3.09 ئادەم بولۇپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن 42.6% تۆۋەن[1] يەرلىك مالىيە كىرىمى كۆنسېرى زورىيىۋاتقان مەمۇرىي ئورگانلارنى بېقىشقا چارىسىز قېلىۋاتقاندا تېخىمۇ كۆپ مەبلەغ چىقىرىپ مائارىپ ۋە داۋالاش، سەھىيە شارائىتىنى ياخشىلاشقا ئامالسىز قالدى. ئاھالىنىڭ تۇرمۇش شارائىتى ۋە ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ تەبىئىي سالامەتلىك ئەھۋالى ئۇلارنىڭ ئوقۇشنى تولۇق تاماملىشى ۋە بۇندىن كېيىنكى تۇرمۇشتا ئۆزىنىڭ جىسمانىي ۋە ئەقلىي كۈچىنى ئۈنۈملۈك ئىشلىتىشتە ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈر يولى كورلىغىچە تۇتاشقان بولۇپ قاتناش ترانسپورتى ئاساسەن تاشيولغا تايىنىدۇ. تاشيوللارنىڭ زىچلىقى كىچىك، ئۆلچىمى تۆۋەن، سۈپىتى ناچار بولۇپ پوچتا - ئالاقە قۇرۇلۇشىمۇ ئېغىر دەرىجىدە كەمچىل. رادىئو، تېلېۋىزىيە، گېزىت - ژۇرنال، كىتاب قاتارلىق تەشۋىقات قوراللىرىنىڭ چەت - ياقا جايلارغا يېتىپ بېرىشى ناھايىتى قىيىن. ئاپتور تەكشۈرگەن تەكشۈرۈش ئەترىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئاقسۇ، قىزىلسۇ ۋە قەشقەر قاتارلىق ئۈچ ۋىلايەت، ئوبلاستقا قاراشلىق سەككىز ناھىيە (شەھەر) 21 يېزىدا ئېلىپ بارغان تەكزۈرۈشىگە قارىغاندا يېزىلىق پوچتا خادىمى ئۈچ - بەش كۈندە بىر قېتىم كېلىدىكەن، ناھىيە (شەھەر)لەر «شىنجاڭ گېزىتى»نى ئىككى، ئۈچ كۈندىن كېيىن كۆرەلەيدىكەن. مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى قاتارلىقلارنىڭ خەۋەر پروگراممىلىرى، ھەتتا ۋىلايەت، ناھىيە (شەھەر) دەرىجىلىك تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرىنىڭ خەۋەرلىرىمۇ ئۇيغۇرچە قانالدا بىر كۈن كېچىكتۈرۈلۈپ ئاڭلىتىلىدىكەن. «شىنجاڭ گېزىتى» ئادەتتە بەش - ئون كۈندىن كېيىن، ئەڭ ئۇزۇن بولغاندا 15 كۈندىن كېيىن يېزىلارغا

[1] «شىنجاڭ ستاتىستىكا يىلنامىسى»نىڭ 1990 - يىلدىكى مۇناسىۋەتلىك سانلىرىغا ئاساسەن ھېسابلاندى.

يېتىپ بارىدىكەن. ئورغۇن يېزىلاردا توكمۇ يوق. تېلېۋىزورمۇ يوق، ھەتتا سىملىق رادىئومۇ يوق ئىكەن. ئۇيغۇر رايونلىرىنىڭ شەھەرلىشىش سەۋىيىسى ئىنتايىن تۆۋەن ۋە ئاستا بولۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 1 مىليون 58 مىڭ 200 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان زېمىندا ناھىيە دەرىجىلىك شەھەردىن پەقەت بەشىلا بار ئىكەن. ھەتتا يېتەرلىك تەسىر كۈچىگە ئىگە پەن - تېخنىكا، ئىستېمال، ئەخلاق، مەدەنىيەت، ئىقتىساد قاتارلىق جەھەتلەردە ئۈلگە بولغىدەك مەركەزلەرمۇ يوق ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئۈرۈمچى قاتارلىق چوڭ ۋە ئوتتۇرا تىپتىكى شەھەرلەر بىلەن بولغان ئارىلىقى يىراق بولۇپ زامانىۋى مەدەنىيەتنىڭ سىڭىپ كىرىشى تەسىرگە ئۇچراپ، ئۇيغۇرلار ئۇزۇن مۇددەت بېكىنمە ھالەتتە ياشاپ زامانىۋى ئىجتىمائىي پائالىيەتلەردىن ئايرىلغان نامرات مەدەنىيەت - ئىقتىسادىي سىستېمىسىغا ئايلىنىپ قالغان. كىشىلەردە ئىسلاھات ئېڭى، رىقابەت ئېڭى، ماتارىپقا بولغان تەقەززالىق تۇيغۇسى كەمچىل، ماتارىپنىڭ مىللەتنىڭ تەرەققىياتى ۋە گۈللىنىشىدىكى رولىغا سەل قارايدۇ. شۇڭا، ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، تۇرمۇش شارائىتىنى ۋە ساقلىقنى ساقلاش شارائىتىنى ياخشىلاش ئۇيغۇر ئاھالىسىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشنىڭ ئالدىنقى شەرتى.

(3) ئىجتىمائىي كىرىم تەقسىماتىنىڭ ئادىل بولماسلىقى كىشىلەردىكى ئۆزىنىڭ ۋە پەرزەنتلىرىنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتىكى ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى بوغۇپ قويغان. ھازىر يۈرگۈزۈلۈۋاتقان تەقسىمات تۈزۈمىدىكى نۇقسانلار، ئەنئەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلمىسى ۋە كەسىپ قۇرۇلمىسىنىڭ ئەمگەكچىلەرنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىغا بولغان تەلىپى يۇقىرى ئەمەس. ساپاسى يۇقىرى بولغانلار رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرالمايدۇ. ئىش تېپىش، ھۆرمەت تېپىش ۋە شەخسىي تۇرمۇشنى قامداش تولىمۇ تەسكە توختايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەر قايسى ۋىلايەتلەردە كىرىم - چىقىمنى قامدىيالمايدۇ ھەتتا ئايلىق ئىش ھەققىنىمۇ ئۆز ۋاقتىدا تارقىتالماسلىقتەك ئەھۋاللار ئىنتايىن ئېغىر.

ئاپتورنىڭ قىزىلسۇ ئوبلاستى، قەشقەر ۋىلايىتى قاتارلىق جايلاردىكى تەكشۈرۈشىگە قارىغاندا ج، خ، بانكا، سودا - سانائەت، باج ئورۇنلىرىدىن باشقا نۇرغۇنلىغان ئورۇنلاردا ئايلىق ئىش ھەققىنى بىر ئاي ھەتتا ئۈچ ئاي كېچىكتۈرۈپ تارقىتىشتەك ئەھۋاللار ئومۇمىيۈزلۈك ئەھۋال ئىكەن. شۇڭا كىشىلەر باشقا كىرىم يولىنى ئىزدەشكە ۋە ياكى باشقا چىقىش يولى ئىزدەشكە مەجبۇر بولۇۋېتىپتۇ. مۇشۇنداق ئەھۋالدا كىشىلەرنىڭ ئائىلىدىكى ئەقلىي قابىلىيەت ئۈچۈن مەبلەغ سېلىشقا بولغان قىزىنلىقى تۆۋەنلەپ كەتكەن. بەزىلىرى توختىتىپ قويغان. ئىقتىسادشۇناسلار كۆرسەتكەندەك بىر دۆلەت ياكى بىر رايوننىڭ ئىقتىسادىي جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئاخىرقى ھېسابتا بەلگىلەيدىغىنى ماددىي كاپىتال ياكى ماددىي بايلىق بولماستىن بەلكى ئادەم كۈچى كاپىتالى ياكى ئادەم كۈچى بايلىقىدۇر، يەنى ئەمگەك كۈچىنىڭ سانى ۋە ساپاسىدۇر، بولۇپمۇ ئەمگەك كۈچىنىڭ ساپاسىدۇر. بىر دۆلەت، بىر مىللەت شۇنىڭ ئۈچۈن نامرات بولىدۇكى، ئۇنىڭ تۈپ سەۋەبى ماتارىپنىڭ قالاقلىقى؛ ئۇيغۇرلار شىنجاڭدا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە يۈرگۈزۈۋاتقان ئاساسلىق مىللەت ئىدى. بىراق، ماتارىپى قالاق بولغاچقا ئاھالىنىڭ ساپاسى تۆۋەنلەپ جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسەتمەكتە. ھەتتا شىنجاڭنى سانائەتلەشتۈرۈش، زامانىۋىلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت چوڭ دەرۋازا سىرتىدا قالدۇرۇلماقتا.

يۇقىرىدا بايان قىلغىنىمىزدەك ئۇيغۇرلار رايونى كىرىم چىقىمنى قامدىيالماي، نامراتلارنى يۆلەش قۇتقۇزۇشقا تايىنىپ كۈن كۆچۈرمەكتە. ئۇيغۇر مىللىتى دائىم دۆلەتكە تايىنىۋالماسلىقى، ھاسا تاياق بىلەن يول يۈرمەسلىكى لازىم. ئۇزۇن مۇددەت قۇتقۇزۇشقا تايىنىۋالىدىغان مىللەتنىڭ ئىستىقبالى بولمايدۇ؛ ئۇيغۇر مىللىتىدىن بولغان ھەر بىر كىشىدە چوقۇم كرىزىس تۇيغۇسى ۋە ئەندىشە ئېڭى بولۇشى لازىم. مىللەتنىڭ روھىنى ئۇرغۇتۇش ئارقىلىق تايىنىۋېلىش ئىدىيىسىنى ئۆز - ئۆزىگە خوجا بولۇش ئىدىيىسىگە ۋە يول ئېچىپ ئىلگىرىلەش ئېڭىغا ئۆزگەرتىپ، دۆلەت بەرگىنى بىلەن ئۆزىمىزنىڭكىنى بىرلەشتۈرۈپ ماتارىپ ئىشلىرىمىزنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىمىز كېرەك.

## 3. ئۇيغۇر مىللىي ماتارىپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ھەققىدە بىر قانچە تەسەۋۋۇر

(1) ئۇيغۇر مىللىي ماتارىپىنى ھەققىي تۈردە ستراتېگىيىلىك ئورۇنغا قويۇش لازىم. 1990 - يىلى ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى شىنجاڭ نوپۇسىنىڭ 47.6 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن. 2000 - يىلغا بارغاندا شىنجاڭ نوپۇسى 18 مىليون 442 مىڭ 400 گە يېتىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر 12 مىليون 65 مىڭ 700 بولۇپ 65.42 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. 2050 - يىلغا بارغاندا شىنجاڭ نوپۇسى 32 مىليون 6200 گە يېتىدۇ. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى

26 مىليون 188 مىڭ 400 بولۇپ 81.82 پىرسەنتنى ئىگىلەيدىكەن[①] ئۇيغۇرلار شىنجاڭدىكى ئاساسلىق مىللەت بولۇپ، يىراق كەلگۈسىدىن قارىغاندا شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان ھالدا باشقا ھەر مىللەت خەلقىگە تايىنىدۇ. نۆۋەتتىكى جىددىي ئىش ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي مەدەنىيىتىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۇيغۇر مىللىي ماتارىپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، مىللەتنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش لازىم. بۇ، دەل دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتىنى تولۇق ئەمەلگە ئاشۇرالىشىدىكى ئاساسىي شەرتلەرنىڭ بىرى. (2) مىللىي ئىقتىسادنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، تۇرمۇش سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتىرىپ ئۇيغۇر مىللىي ماتارىپىنىڭ تەرەققىياتىنى ماددىي كاپالەت بىلەن تەمىن ئېتىش كېرەك. قالاق ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي شارائىتتا ئاھالە ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئىنتايىن قىيىن. ئاپتونوم رايونىمىز دائىرىسىدا ئىقتىسادىي تەرەققىيات بىلەن ئاپتونومىيىلىك مىللىي ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. بۇ مۇناسىۋەتنى توغرا بىر تەرەپ قىلالمىغانلىقىمىز ئۈچۈن ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىدە خەنزۇلار بىلەن ئوخشاش تەرەققىيات باسقۇچىدا تۇرغان ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش ساپاسى (PQH50.9) ھازىرپۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن تۆۋەن بولۇپلا قالماي (PQH62.7) بەلكى بىر مىليوندىن ئارتۇق نوپۇسقا ئىگە مىللەتلەر ئىچىدىمۇ كۆچمەن ۋە يېرىم كۆچمەن چارۋىچى بولغان قازاق مىللىتىدىنمۇ تۆۋەن تۇرماقتا (PQH55.2) ئەلۋەتتە دۆلەت يېقىنقى مەزگىل ئىچىدە تېخىمۇ كۆپ مالىيە ۋە ئادەم كۈچى ئاجرىتىپ ئۇيغۇر ئاھالىسىنىڭ بەشتىن تۆت قىسمى جايلاشقان جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس. يىراق دۆلەت زور مىقداردا مەبلەغ سېلىپ تارىم نېفىتلىكىنى قېدىرىپ ئاچماقتا. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق نېفىت تەبىئىي گاز باش شىركىتىنىڭ ئون يىللىق پىلان كۆرسەتكۈچىگە قارىغاندا 2000 - يىلى شىنجاڭنىڭ نېفىت مەھسۇلاتى 15 مىليون توننا بولىدىكەن. يەرلىك كارخانىلار بۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ ئۆز يېرىنىڭ بايلىقىدىن تولۇق پايدىلىنىپ يېزا - بازار كارخانىلىرىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇشى لازىم. ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىق مۇناسىۋىتىدىن مەركىزىي كارخانىلار بىلەن يەرلىك كارخانىلارنىڭ باغلىنىشلىق دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتىرىش لازىم. نېفىت ئورگانلىرى ئاڭلىق ھالدا بۇ خىل قېلىپلاشقان ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرىنى ياكى مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىشنى ۋە ياكى مەلۇم مۇلازىمەت ئىسلىھەلىرىنى يەرلىك ئورۇنلارغا تەڭشەپ بېرىشى كېرەك. نېفىتنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان مەركىزىي كارخانىلار ئىگە بولغان پايدىنىڭ مەلۇم نىسبىتىنى يەرلىككە قالدۇرۇشى كېرەك. بۇ يەرلىكنىڭ قېلىپلاشقان ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا پايدىلىق بولۇپ، مىللىي ماتارىپ ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئۈچۈن مەبلەغ توپلىغىلى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» نىڭ مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسلانغاندا، نېفىتنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان مەركىزىي كارخانىلار ئالدى بىلەن ئۇيغۇر مىللىتىنى ئاساس قىلغان شۇ يەرلىك يېزىلاردىكى ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىنى قوبۇل قىلىش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشى كېرەك. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا ئەڭ ئەقەللىي ياشاش شارائىتىنى كەمچىل بولغان ئالاھىدە نامرات رايونلار بار بولۇپ، نوپۇس كۆچۈرۈش ئېلىپ بېرىپ بۇ رايونلاردىكى خەلقلەرنى قارا شەھەر ئويمانلىقى، تارىم نېفىتلىكى ۋە شىمالىي شىنجاڭدىكى بوز يەر ئېچىلىۋاتقان رايونلارغا ياكى ئەمگەك كۈچلىرى يېتىشمەيۋاتقان تۇمەن - مەيدانلارغا كۆچۈرۈش كېرەك. ئېچىلمىغان رايونلارنىڭ ئېچىلىشى نامرات رايونلاردىكى نوپۇسنىڭ كۆپىيىشىنى ئاستىلىتىلىدۇ ھەمدە نوپۇس كۆچۈرۈپ بارغان رايوننىڭ ئېچىلىشىنى تېزلىتىدۇ.

(3) نۆۋەتتىكى شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىنى ۋە ئۇيغۇرلار ئاھالىسىنىڭ ساپاسى

---

① «ئىسلاھات ۋە تەرەققىيات» ژۇرنىلىنىڭ 94 - يىللىق 10 - سانىدىكى «شىنجاڭ نوپۇسى توغرىسىدىكى مۆلچەر ۋە ئۇنى تېگىشلەش» دېگەن ماقالىدىن ئېلىندى.

ماقالە ئىچىدىئىچىدە ئىزاھ بېرىلمىگەن ستاتىستىكا سانلىرىنىڭ ھەممىسى 1990 - يىلدىكى مەملىكەتلىك نوپۇس تەكشۈرۈش ماتېرىيالدىن ئېلىندى.

ۋە ماتارىپ قۇرۇلمىسىنىڭ ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلغاندا ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش ۋە باشلانغۇچ مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش بىلەن بىللە ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپىنى نۆۋەتلىك تەرەققىي قىلدۇرۇش لازىم. بولۇپمۇ رايون ئىقتىسادىغا ماسلىشالايدىغان كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەردە تېخنىكا مائارىپىنى تەسىس قىلىش، تالانتلىقلارنى تەربىيىلەش بىلەن تالانتلىقلارغا بولغان ئېھتىياجنى بىرلەشتۈرۈش كېرەك. ئۇيغۇر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئىچىدە تىل ـ ئەدەبىيات، ماتېماتىكا قاتارلىق كەسىپلەرنى ئۆگىنىدىغانلار كۆپ، شۇ رايوننىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا ئېھتىياجلىق بولغان پەنلەر ـ سانائەت پەنلىرى، نېفىت قېدىرىش ـ ئېچىش، ساياھەتچىلىك، چەت ئەل تىلى، ئىقتىساد پەنلىرى قاتارلىق كەسىپلەرنى ئوقۇغانلار ئاز بولۇپ قاتلاملىرى ئاددىي، تەكشىسىز. شۇڭا مەكتەپلەرنىڭ كەسپىي قۇرۇلمىسىنى، قاتلام قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش كېرەك. تالانتلىقلارنى تەربىيىلەش بىلەن ئېھتىياجنى قاتلام جەھەتتە ماسلاشتۇرۇپ ئوبيېكتىپ تەلەپ بويىچە تالانتلىقلارنى تەربىيىلەش ۋە ئىشلىتىش كېرەك. تەربىيىلەپ چىققان تالانتلىقلارنى كېرەكلىك بولغان خىزمەت ۋە تۇرمۇش شارائىتى بىلەن تەمىنلىشىمىز كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا تالانتلىقلارنى تۇتۇپ قالغىلى ۋە ئىشلەتكىلى بولىدۇ. مەكتەپ باشقۇرۇش ئۇسۇللىرىمىزمۇ خىلمۇ خىل بولۇشى كېرەك. ئىچكىرىدىن كىرگۈزۈش ـ نى ئويلىشىشقا بولىدۇ، بىرلىشىپ مەكتەپ باشقۇرساقمۇ بولىدۇ. مەسىلەن قەشقەر ياكى كورلا ۋە ياكى ئاقسۇدا مەركىزىي مىللەتلەر داشۆسىنىڭ شۆبە مەكتەپلىرىنى ياكى باشقا ئالىي مەكتەپلەرنىڭ شۆبە مەكتەپلىرىنى تەسىس قىلىش قاتارلىقلار. ھەتتا چەت ئەللەردىن تەكلىپ قىلىپ بىرلىشىپ مەكتەپ قۇرساقمۇ بولىدۇ. (مەسىلەن، ئوتتۇرا ئاسىيادىن ئىمكانىيەت بار ھەم سۈپەتكىمۇ كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. ئىقتىسادەنمۇ مۇۋاپىق بولىدۇ. 40 ـ 50 ـ يىللاردا بۇ خىل ئۇسۇللار قوللىنىلغان بولۇپ ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان) . ھەر دەرىجىلىك ھەر خىل تۈردىكى مەكتەپلەرنىڭ ئورۇنلىشىشى، قۇرۇلمىسى ۋە كۆلىمىنى ئاكتىپ ھالدا تەڭشەپ مائارىپ مەبلىغىنى مۇۋاپىق سەپلەپ، مەكتەپ باشقۇرۇش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك. بىر قىسىم ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ قوشۇلۇپ ئوقۇتۇش ئېلىپ بېرىش ياكى بىرلىشىپ ئوقۇتۇش ئېلىپ بېرىش لايىھەسىنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىپ، شىنجاڭدىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ شىمالىي شىنجاڭغا مەركەزلىشىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدا بىرلا ئالىي مەكتەپ بولۇشتەك ئەھۋاللارغا قارىتا كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ، قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى، قەشقەر تىببىي مەكتەپلىرىنى نۆۋەتلىك ھالدا ياخشى باشقۇرۇپ، شۇ ئاساستا جەنۇبىي شىنجاڭ داشۆسى، جەنۇبىي شىنجاڭ تىببىي شۆيۈەنىنى تەدرىجىي قۇرۇپ چىقىش كېرەك. تەييارلىق مائارىپى ۋە خەنزۇ تىلى بويىچە تەربىيىلەشنى كۈچەيتىش كېرەك. تىل توسالغۇسى سەۋەبىدىن ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار پەقەت شىنجاڭدىكى ئالىي مەكتەپلەردە، مەركىزىي مىللەتلەر داشۆسى، غەربىي ـ شىمال مىللەتلەر شۆيۈەنى قاتارلىق مەكتەپلەردىلا ئوقۇۋاتقان بولسىمۇ، تۈرلىرى ئاز، دائىرىسى تار، سۈپىتى يۇقىرى بولمىغان ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ماتېرىياللارنىلا ئوقۇيدۇ. تەييارلىق مائارىپ بولسا ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى ئالىي مەكتەپلەرگە بېرىپ ئوقۇش شارائىتىنى يارىتىپ بەردى. نۆۋەتتە دۆلىتىمىزدە 14 مىللەتلەر شۆيۈەنى بار بولۇپ، مىللەتلەرنىڭ تارقىلىشى سەۋەبىدىن ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار پەقەت ئىككى شۆيۈەندىلا ئوقۇيالايدۇ. بەزى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەھۋالى بۇنىڭ ئەكسىچە بولماقتا، مەسىلەن، خۇيزۇلار 14 مەكتەپنىڭ ھەممىسىدە ئوقۇيالايدۇ. موڭغۇللار يەتتىسىگە كىرىپ ئوقۇيالايدۇ. زاڭزۇلار ئالتىسىگە كىرىپ ئوقۇيالايدۇ. شۇڭا بۇ خىل نامۇۋاپىق مائارىپ تۈزۈلمىسىنى ئۆزگەرتىش، شۇنىڭ بىلەن بىللە تەييارلىق مائارىپ ۋە خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇشىنى كۈچەيتىپ، ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلىرىغا ئىچكىرىدىكى تېخىمۇ كۆپ مەكتەپلەرگە بېرىپ ئوقۇش پۇرسىتىنى يارىتىپ بېرىشىمىز كېرەك. (4) بىرەر مىللەتكە نىسبەتەن بەلگىلىك ئاھالە ئۆلچىسى بولۇشى كېرەك. بۇ پۈتۈنلەي بوللۇق. بىراق پىلانسىز تۇغۇش مىللىي مائارىپ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات، ئاھالە ساپاسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلىشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىگە پايدىسىز، شۇڭلاشقا ھازىر يۈرگۈزۈۋاتقان پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىنى قاتتىق ئىجرا قىلىش، نوپۇسنىڭ قارىغۇلارچە كۆپىيىشىدىن ساقلىنىش، كىچىككىپ توي قىلىپ كىچىككىپ پەرزەنت كۆرۈش، ئاز تۇغۇش، سۈپەتلىك تۇغۇش، سۈپەتلىك تەربىيىلەشنى تەشەببۇس قىلىشتا چىڭ تۇرۇش، يېقىن ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنىڭ توي قىلىشىنى توسۇش كېرەك. يېزا ئىچىدە قۇدا بولۇشنىڭ زىيىنىنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىپ، ئىرسىيەتلىك ۋە تۇغما كېسەللىكلەرنىڭ يامرىشىنى ۋە تارقىلىشىنى قاتتىق كونترول قىلىپ، ئىچىملىك سۇ ۋە سەھىيە تازىلىقىنى ياخشىلاپ، كىشىلەرنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش لازىم .

## مۇشتىرىلار دىققىتىگە:

«شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ، مەملىكەت ئىچىگە ئاشكارا تارقىتىلىدىغان، شىنجاڭ بويىچە ئەڭ چوڭ ئىلمىي ژۇرناللارنىڭ بىرى. بۇ ژۇرنال ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك 107 ئىلمىي جەمئىيەت ۋە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىكى ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىلىرىگە قاراشلىق ئالىملار گۇرۇھىنى ئارقا تىرەك قىلغان ھالدا پەلسەپە، مائارىپ، تارىخ، مەدەنىيەت، ئىقتىساد، تىل، ئەدەبىيات - سەنئەت، پەن - تېخنىكا، دىن، ئەخلاق، باشقۇرۇش، تالانتشۇناسلىق، ئارىلىق پەنلەر بويىچە بارلىققا كېلىۋاتقان كۈندىلىك تۇرمۇش ھەم خىزمەتلىرىمىزگە ماياك بولىدىغان كەشپىيات، ئىختىرالارنى ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنى ئىخچام تونۇشتۇرۇپ، ئىلىم - پەننى گۈللەندۈرۈش، خەلقنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ئۈنۈملۈك خىزمەت قىلىدىغان مۇھىم بىر بىلىم مۇنبىرى. ژۇرنالنىڭ تەھرىر ھەيئەتلىرى ئالىملار ۋە ئەمەلىي خىزمەت تەجرىبىلىرى مول بىلىملىك رەھبەرلەردىن تەركىب تاپقان، ئۇلار ئادەمنىڭ سۈپەت - ساپاسىنى نىشان قىلغان ھالدا سىزنى دانايى - دانىشمەنلەر، پەيلاسوپ - مۇتەپەككۇرلار، پىرى - ئۇستازلار، ھەققانىي ئىلىم چولپانلىرى، سەنئەتكارلار، ئۇلۇغ ھەكىم ھەم پىسخولوگلار بىلەن ئۇلپەتلەشتۈرۈپ، قەددىڭىزنى رۇسلاپ زامانىۋى قەدەم بېسىشىڭىزغا ياردەم بېرىدۇ. بىز سىزنىڭ بۇ ژۇرنالنى زېرىكمەستىن بىر يىل ئوقۇپ بېقىپ، ئاندىن بىر پىكىر بېرىشىڭىزنى سورايمىز! ژۇرنىلىمىزنىڭ بىر يىللىق سانلىرىغا 16.00 يۈەندىن ياكى خالىغان بىر سانىغا 4.00 يۈەندىن تۆلەپ مۇشتىرى بولغايسىز. ئەگەر مۇشتىرى بولۇشقا ئۈلگۈرەلمىگەن ئوقۇرمەنلەر بولسا، يىللىق توپلامغا 30 يۈەندىن پۇل ئەۋەتسەڭلار، پوچتا ئارقىلىق ئەۋەتىپ بېرىمىز.

ئادرېسى: ئۈرۈمچى «يەنئەن» يولى 46 - قورۇ
«شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى
ئالاقىلاشقۇچى: ليۇسۇچىڭ، تېلېفون نومۇرى: 2862025

《新疆社科论坛》全国公开发行

ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسىنىڭ نەشر ئەپكارى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك مىللىي باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى: 1/CN65—1147
پوچتا ئارقىلىق مۇشتىرى بولۇش نومۇرى: 58—137
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ. مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا مۇشتىرى قوبۇل قىلىنىدۇ. باھاسى: 4.00 يۈەن
ئورنى: ئۈرۈمچى يەنئەن يولى 46 - قورۇ پوچتا نومۇرى: 830001
تېلېفون 2861273 تېلېگراما: 3027
مۇقاۋىنى ئوبۇلقاسىم ئەمەت لايىھىلىگەن